# BULAK

# بۇلاق

1991 3





« شاھزادە نۇردىيار» ناملىق چۆچەكتە ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم.

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق

ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى

## 12-يىل نەشرى

## ئومۇمىي 36-سان

1991

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، يالقۇن ئىسمائىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئاببباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

1991 - يىل 3 - سان

مۇندەرىجە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

بەھرام ۋە دىلئارام .......................... موللا سىدىق يەركەندى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
شېئىرلار .......................... قۇلئەلىم ئامى زەئىف (42)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ
مۇھزىنۇل - ۋائىزىن .......................... نورۇزاخۇن كاتىب زىيائى (66)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەسرۇللا ھەمدۇل

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

جالالىددىن رۇمى شېئىرلىرىدىن .......................... (83)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

ئەدەبىي مۇھاكىمە

قوش تەخەللۇسلۇق خۇشناۋا بۇلبۇل .......................... ئەزىز ئەلى (93)

مەشھۇر ئەسەرلەر

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر — «بابۇرنامە» .......................... خەمىت تۆمۈر (98)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئاقئۆلامبەدىخان (داستان) ............................ (121)
توپلاپ رەتلىگۈچى: مۆيىدىن سايىت
شاھزادە نۇردىيار (چۆچەك) ............................ (135)
رەتلىگۈچى: پەرىدە ئىمىن
ئاجايىب سەت (چۆچەك) ............................ (149)
توپلاپ رەتلىگۈچى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكولتېتى كوللېكتىپى
رىۋايەتلەر ............................ (154)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئابدۇساتتار ھامىدىن، ئېلى ئىسمايىل
لەتىپىلەر ............................ (158)
رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىرقەدەم مۇھەممەتنىيازوۋ
بېيىت - قوشاقلار ............................ (165)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ۋاھىتجان غوپۇر

* *

چاغاتايچە لۇغەت «ر» ............................ (173)
تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت

* *

رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى.
تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: موللا سىدىق يەركەندىنىڭ «بەھرام ۋە دىلئارام» ناملىق قىسسىسىگە ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت. (رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ)

2 - بېتىدە: «شاھزادە نۇردىيار» ناملىق چۆچەككە ئىشلەنگەن قىستۇرما سۈرەت. (رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ).

3 بېتىدە: ئامى زەئىف شېئىرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.

4 - بېتىدە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان XVIII ئەسىرگە ئائىت قەلەمدان. (ئابدۇقەييۇم خوجا فوتوسى).




موللا سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

پەيشەنبە كۈنى بەھرامنىڭ سەندەل رەڭگىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ، سەندەل
گۈلشىنىنىڭ بويىدا ئورۇن تۇتقانلىقى ۋە بىر سەرۋى بويلۇق، سەندەل
بۇيلۇق گۈزەل بىلەن بىللە سەندەل پۇراقلىق شارابلارنى ئىچكەنلىكى،
ئۇ سەندەللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن شاھ بەھرامنىڭ دىماغلىرىغا
خۇش بۇي ھىدلار تولغانلىقى، بۇ خۇش بۇيلارنىڭ تەسىرى
بىلەن شاھنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ يۈزلەنگەنلىكى

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بىشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەببەت ۋە مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە غارايىپ قىزىقارلىق قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، پەيشەنبە كۈنى بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەك كۆك ھۆسنىنى سۈبھىنىڭ سەندىلى بىلەن ئاقارتتى. سۈبھى ئۆزىنىڭ سەندەل كەبى خۇش بۇي شامىلى بىلەن كۆكنىڭ دىماغلىرىنى خۇش بۇي قىلدى. سۈبھى سەندىلىنىڭ ئەتىر كەبى خۇش پۇراقلىرى بىلەن تۈننىڭ مىجەزى قاراڭغۇلۇق سەۋداسىدىن قۇتۇلدى. شاھ بەھراممۇ ھەممە لىباسلىرىنى سەندەل رەڭگىگە ئۆزگەرتتى. قەسرىنىمۇ سەندەل رەڭگىدە بېزىدى. قەسر ئىچىگە سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان تەخت ئورناتتى. بەزمە باشلاندى. ئۇ يەردىكى سەندەل پۇراقلىق قۇياشمۇ سەندەل رەڭگىدىكى كىيىملەرنى كىيىپ جىلۋىگەر بولدى. شارابلارمۇ سەندەل رەڭگىدە ئىدى. ئۇ گۈزەل قىز بەزمە سورۇنىغا ئەتىر پۇراقلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن كاپۇردەك ئاپئاق سەندەللەرنى ئوت ئۈستىگە قويۇپ كۆيدۈرۈپ، دۈت سالغانىدى. ئۇ پەرى قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، ساقىيلىقنى باشلىۋەتتى. كېچە

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

بويى مەي ئېچىپ پەيـدا بولغان باش ئاغـ
رىقلىرى بۇ يەردىكى خۇش بۇي ئېسرىقلار-
نىڭ تەسـىرى بىلەن يوقىلىپ تۇراتتى. ئۇ
ساقىي باش ئاغرىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن،
ئۆزى قۇيۇۋاتقان شارابقا بەلكىم قىزىل سەنـ
دەلنى قوشقان بولسا كېرەك. كەچ بولغاندا
بۇ سەندەل رەڭلىك قۇياش ئۆز مەنزىلىگە بېـ
رىپ قوندى. تۈن قاغىسى قاناتلىرىنى يايـ
دى. كېچە پۈتكۈل ئەتراپقا ئۆزىنىڭ خام
ئېپاردەك قاپقارا چېدىرىنى ئاچتى. بۇ چېـ
دىر ئىچىدە يۇلتۇزلار بەئەينى سەندەل رەڭـ
لىك ناندەك نامايان بولـدى. بەھـرامنىڭ
گۈلىيۈزلۈك ھەمراھىمۇ سەندەل تەخـتىنىڭ
يېنىدىن قوپۇپ، تۆشەكگە كىردى، خۇدـ
دى سەندەل رەڭ قۇياش ئۆزىنىڭ يۈزىنى
يوشۇرغاندەك تۆشەك ئىچىگە يوشۇرۇندى.
شاھ بەھرامنىڭ كۆڭلى ئۇيقۇغا مايىل بولـ
دى. ئۇ ھەر دائىمقى ئادىتى بويىچە بۇيـ
رۇق چۈشۈردى. بۇيرۇققا بىنائەن، مۇلاـ
زىملار شۇنداق بىر ئەپسانىچىنى تېپىپ
كەلدىكى، ئۇ گوياكى سۆز دەرياسىنىڭ
كېمىچىسى ئىدى. شاھ بۇ ساياھەتچىنى
كېچىچە ئولتۇرۇپ ئەپسانە سۆزلەپ بېرىشـ
كە، بۇ ئارقىلىق غايىب ئىشلاردىن ئىشارەت
بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەپسانىچى ئۆز
ئەپسانىسىنى ئاۋۋال دۇئا بىلەن باشلىدى.
ئۇ ئۆز تىنىقلىرى بىلەن سورۇننى خۇددى
سەندەل ھىدلىرىدەك خۇش پۇراققا تولدۇردى:

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، — دېدى ئۇ
ساياھەتچى، — ئەگەر بۇ پەلەك ئايلىنىپ
تۇرسىلا، بۇ پەلەك ئەتراپىدا يۇلتۇزلار
سەيلە قىلىپ تۇرسىلا، سىزنىڭ تەختىڭ
پەلەكتىنمۇ يۈكسەك بولسۇن، مىنىدىغان
ئارغىمىقىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ ئىلدامراق بولـ
سۇن.

ئۇ كىشى شۇ يوسۇندا گۆھەر چاچقۇچى
دۇئالارنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز
ئەپسانىسىنى باشلىدى.

## ئالتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرگەن مۇساپىرنىڭ بايان قىلغان ھېكمەتلىرى

باختەر دىيارىدىن ئىككى كىشى خاـ
ۋەر شەھىرىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.
ئۇلار كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماستىن
سەپەر قىلدى. چۆل - باياۋانلارنى كەزـ
گۈچى بۇ ئىككى كىشىدىن بىرىنىڭ ئىسـ
مى مۇقبىل، يەنە بىرىسىنىڭ ئىسمى مۇدـ
بىر ئىدى. بۇ ئىككى يولۇچى گوياكى
دائىم پىرقىراپ تۇرغۇچى پەلەكتەك ئۈزـ
لۈكسىز سەپەر قىلاتتى. ھېچ يەردە ئورۇن
تۇتۇپ ئارام ئالمايتتى. مۇقبىل ياخشى
نىيەتلىك بولغاچقا، بارغانلا يېرىدە ئامىتى
كېلىپ، ئەلنىڭ كۆڭلىگە ياقاتتى. مۇدبىر
يامان نىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، نەگىلا
بارسا يۈزلىرىگە خارۇ - زارلىق تۇزانلىرى
يېغىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى سەپەرداشنىڭ
يولىدا بىر خەتەرلىك ۋادا بار ئىدى. بۇ
ۋادىنىڭ خېيىم - خەتىرىدىن خەۋەردار
كىشىلەر ھەرگىز ئۇ يەردىن ئۆتمەيتتى.
ئۇ ۋادىدا گىياھلارنىڭ ئورنىدا تىكەن،
گۈللەرنىڭ ئورنىدا شور، سۇنىڭ ئورنىدا
نېفىت، تۇپراقنىڭ ئورنىدا لاۋا - لاتقىدىن
ئۆزگە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ يەرنىڭ
سېسىق پۇراقلىرى ئۆرلىسە، ئەيسا پەيـ
غەمبەرنىڭ تىنىقلىرىنىمۇ يېقىمسىز شامالغا
ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. بۇ ۋادىنىڭ ئوتتەك
قىزىق شامىلى كۆتۈرۈلگەن ھامان

جانلىقلارنىڭ تېنىنى كۆل قىلىپ سورۇيتتى. شۇڭا ئۇ يەردە ھېچقانداق جانىۋارنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قالغان ھەرقانداق جانىۋارنىڭ جېنى ھېچ تەخىرسىزلا تېنىدىن جۇدا بولاتتى. كىشىلەر ئۇ يەرنى «ۋادەئىي جەھەنەم» دەپ ئاتىشاتتى. ئىككى يولۇچى بۇ جاينىڭ يولىنى ۋە خېيىم-خەتەرلىرىنى بىلمىگەنلىكتىن، يولدىن ئېزىپ، بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇشقان ھالدا ۋادەئىي جەھەنەمگە قاراپ يول ئېلىشتى.

بۇ ئىككى بىچارە ئۇ بالا-قازا دەشتىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى شۇنچە كۆپ تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھېچ چەك-چېگىرىسى كۆرۈنمىدى. ئۇلارنىڭ ماڭماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۇلار ئىلاجىسىز ھەر بالا كەلسە سەۋر قىلىپ، تەۋەككۇل كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، دەشت ئىچىگە كىردى. يولنىڭ ھارارىتى قانچە ئۆرلىگەنسېرى، مۇدبىرنىڭ بەدخۇيلۇقىمۇ شۇنچە ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇ بەزىدە: «بۇ قانداق تۈگىمەيدىغان دەردۇبالادۇر، تەڭرى مۇشۇنداق بالايىئاپەتلىك جاينى يارىتىشنى نېمىدەپ راۋا كۆرگەن بولغىيتتى» دەپ زارلاپ كېتەتتى. يەنە بەزىدە خۇدىنى يوقىتىپ: «بۇ يەردە بەلكىم تەڭرىنىڭ تۇرالغۇسىمۇ ناھايىتى قىيىن بولسا كېرەك» دەيتتى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزلىرىدە تەڭرى تەئالاغا ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن ئۆزگە مەنە يوق ئىدى. مۇدبىر قانچە سۆزلىگەنسېرى شۇنچە پەسلىشىپ، مەرتىۋىدىن چۈشەتتى. ئۇ بارا-بارا مۇقبىلغا تاپا-تەنە تىللىرىنى سوزۇشقا باشلىدى:

— مەندەك ناتىۋان خەستە كىشىگە سەندەك تەتۈر پېشانە كىشى يولداش بولمىغان بولسا ئىدى، كاشكى. سەن بىلەن كۆرۈشۈپ سەپەرداش بولغان كۈندىن باشلاپ مېنى نەس باسقىلى تۇردى. شۇنچە يامانلىقلار بېشىمغا كەلدى. نېمىدېگەن پالاكەت ۋە كاساپەت ئادەمسەن؟!

لېكىن مۇقبىل بولسا تەڭرىنى يادىدىن چىقارماي دائىم زىكىر-تەسبىھ ئېيتىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ زىكىر-تەسبىھى ۋە تائەت-ئىبادەتلىرى تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل ئىدى. ئۇ مۇدبىرغا يول بويى پەند-نەسىھەتتىن باشقا گەپ-سۆز قىلمىدى. بىراق بۇ پەند-نەسىھەتلەر مۇدبىرغا ھېچ تەسىر قىلمايتتى. مۇقبىل بۇ چۆلدىن قۇتۇلۇپ بولغىچە كۆپ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى چەكتى. ئۇنىڭغا بۇ دەشت گوياكى دوزاخ دەشتىدەك مەلۇم بولدى. ئۇ دەشت قانچە ئاز قالغانسېرى مۇقبىلنىڭ دەرد-ئەلىمى شۇنچە كۆپىيىشكە باشلىدى. بارا-بارا ئۇ ھەمراھى مۇدبىردىن ئاجىز كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشماقچى بولدى. ئاخىر ئۇ مۇدبىرغا:

— بۇ ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزدۇر، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان مۇدبىر قىلغان ئىشلىرىدىن شەرمەندە بولۇپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ قۇلاقلىرىنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا تۆۋە قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى ۋە مۇقبىلدىن ئۆز گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. مۇقبىل ئۇنىڭ قىلغان جەبىر-جاپالىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ، ھەممە بىھۇدە سۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنۇتتى، ئۇنىڭ تۆۋىلىرىگە ئىشىنىپ، گۇناھىدىن ئۆتتى.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ بىر دەريانىڭ قىرغىقىغا يەتتى. دەريادا سان - ساناقسىز كۆپ كېمىلەر ھەر تەرەپلەرگە بىرىپ - كېلىپ يۈرەتتى. بۇ ئىككىسىلەن دەريا قىرغىقىدا تەرەپ - تەرەپكە دوقۇرۇپ يۈرۈپ ئىزدەپ، خاۋەر شەھىرىنىڭ ئادەملىرىنى تاپتى ۋە بۇ جامائەتكە قوشۇلۇپ، كېمىگە كىرا تۆلەپ، قورقماستىن كېمىگە كىرىشتى. كېمىچىلەر بۇلارغا كېمە ئۈستىدە بىر ئورۇندۇق بەردى. بۇ ئىككىسىلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇلار بۇ ئورۇندۇقنىڭ كىراسىنى بىرىپ، ئورۇندۇقنى كېمىگە مەھكەم باغلىدى. ئۆزلىرى ئورۇندۇقتا ئورۇنلاشتى. ئاندىن باشقا كېمىلەر بىلەن بىللە دەرياغا كىردى. خاۋەر خەلقىمۇ كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ، تىزلىك بىلەن يۈرۈشكە باشلىدى. دەريا ئىچىدە ئۆزىنى خەتەرلىك ئەھۋالدا كۆرگەن مۇدبىر يەنە بىھۇدە ۋە يامان سۆزلەرگە تىل ئاچتى. لېكىن مۇقبىلنىڭ ئىشى تائەت - ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ مۇدبىرنى بىھۇدە سۆزلىمەسلىككە دەۋەت قىلىپ نەسىھەتلەر قىلدى. بىراق مۇدبىر بۇنىڭغا ھېچبىر قايىل بولمايتتى. مۇدبىر شۇ قەدەركۇپۇر سۆزلەرنى قىلدىكى، ئۇنىڭ شۇملۇقىدىن دەريادا شامال پەيدا بولۇپ، دولقۇن كۆتۈرۈلدى. كېمە ئەھلىنىڭ ھەممىسى غەم - قايغۇغا چۆكۈشتى. مۇدبىر تەڭرى تەئالاغا خىتاب قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي خۇدا، قۇملۇق چۆللەردە بولسا قانچىلىغان ئاپەت يانغىنلىرىنى پەيدا قىپسەن، دەريادىمۇ دولقۇنلاردىن خەۋپ-خەتەرلەرنى ئاپىرىدە قىپسەن. شۇ قەدەر ئاپەتلەر، بۇ قەدەر خەۋپ ۋە پالاكەتلەردىن خالايىقلارنىڭ ئەقىللىرى ھەيران، ئىدىراكلىرى سەرسان ۋە سەرگەرداندۇر. قارسام جاھاندا سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن ھېچبىر ياخشىلىقنى كۆرمىدىم. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى،— دېدى ئۇ يەنە مۇقبىلنى كۆرسىتىپ،— مۇشۇ كىشىنىڭ شۇملۇقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دەريا چايقىلىپ، دولقۇن توختىمايۋاتىدۇ...

مۇدبىرنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە شامال تۇيۇقسىزلا بورانغا ئايلىنىپ، دەرياغا شۇنداق بىر شاۋقۇن چۈشتىكى، دەريا دولقۇنلىرى پەلەككە يەتتى. مۇدبىرنىڭ شۇملۇق توپانىنىڭ تېزلىكىدىن بارلىق كېمىلەر تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتتى. كېمىلەرنىڭ چېتىقلىرى ئۈزۈلدى. خالايىقلارنىڭ ھەممىسى كىيىم-كېچەك، يۈك-تاقىلىرىنى سۇغا تاشلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىسى دەريادا غەرق بولۇپ تۈگەشتى، يەنە بەزىسى سالامەت قالغان بولسىمۇ تەرەپ-تەرەپكە يوقالدى. بۇ ئىككىسى بىر دانە قېيىقنىڭ ئۈستىدە قالدى. مۇدبىرنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى خارابلىشىشقا باشلىدى. لېكىن مۇقبىل ئىبادەتىنى توختاتماي تەڭرىنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ تۇراتتى. دەريادا شۇ قەدەر كۆپ بالايى-ئاپەتلەر بىر ھەسسە، مۇدبىرنىڭ يامانلىقلىرى بىر ھەسسە ئىدى. شۇنداقتىمۇ مۇقبىل دۇئادىن قالمىدى. ئاخىر ئۇنىڭ دۇئاسى مەقبۇل بولۇپ، خەۋپ-خەتەرلەر توختىدى. بوران ئاستا-ئاستا توختاپ، دەريا تېنىچلاندى. بۇ ئىككىيلەن چۈشكەن قېيىقمۇ دەريادا يۈرۈشكە باشلىدى. دەريانىڭ خەۋپ-خەتەرلىرى ئىچىدە ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن مۇقبىل تەڭرى تائالاغا ئۆزىنى تاپشۇرغانىدى. ئۇ ئاشۇ ئەسنادا قارىغان

دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نەرسىنىڭ قارىـ
سى كۆرۈندى. ئۇنىڭ رەڭگى يېشىل رەڭـ
لىك ئاسماندەك، شەكلىمۇ پەلەك گۈمبىزىـ
دەك ئىدى. ھايال ئۆتمەيلا شۇ تەرەپتىن
بىر شامال ئەستى. ئۇ شامال سەندەل كەبى
خۇش پۇراق، ئەيسا نەپەسىدەك يېقىملىق
ئىدى. بۇ شامال مۇقبىلنىڭ پەرسۇدە بولـ
غان دىماغلىرىغا ئارام بەردى. مۇقبىل دەرـ
ھال تەڭرىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈپ سەجدە
قىلغاندىن كېيىن قېيىقىنى شۇ تەرەپكە
سۈرۈپ ھەيدىدى. بىر سائەت ماڭغاندىن
كېيىن ئۇ يەرگە يېتىپ باردى. قارىسا ئۇ
بىر كاتتا دەرەخ ئىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ
رەڭگى ۋە ئېگىزلىكى ئاسمان مەسەللىك
ئىدى. دەرەخنىڭ غول ۋە شاخلىرى سەنـ
دەل ئىدى. ياپراقلىرى ئەينەكتەك پارقىـ
راپ تۇراتتى. ھەركىم ئۇ ياپراقلارغا قارىـ
سا، بەختى ئېچىلاتتى. بۇ دەرەخنىڭ ئېگىزـ
لىكى كۆككە يەتكەن بولۇپ، سايىسى پۈتـ
كۈل دەريا يۈزىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇ ساـ
يىدا ئولتۇرغان كىشى سەندەل پۇراقلىرىـ
دىن قانغۇچە ھۇزۇرلىناتتى. ئۇ دەرەخنىڭ
غولىدا يەنە ئىشكاپ شەكلىدە ئاجايىپ چوڭ
بىر كاۋاك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر
بۇلاق توختىماي بۇلدۇقلاپ ئېقىپ، شورـ
لۇق دەرياغا قۇيۇلاتتى، بۇلاقنىڭ سۈيى شۇ
قەدەر ساپ ئىدىكى، خۇددى سىمابتەك ياـ
لىلداپ تۇراتتى. سۈنىڭ ئاققان چاغدىكى
شوخ ۋە يېقىملىق ساداسى گويا دەريادىكى
كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا كۈلۈۋاتقاندەك قىلاتـ
تى. ئازاب-ئوقۇبەت گۆھەرلىرىگە كان بولـ
غان بۇ ئىككى ھەمراھ دەرەخ تۈۋىگە يېـ
تىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە بىردەم
ئارام ئالماقچى بولۇشتى. ئۇ دەرەخنىڭ
بىر تال يىلتىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇقـ
بىل دەريادىن چىقىپ، قېيىقنىڭ يىپىنى
شۇ يىلتىزغا باغلىدى. ئاندىن دەرەخنىڭ
كاۋىكىغا كىرىپ، بۇلاق بېشىدا ئولتۇردى.
مۇقبىلنىڭ ئۇ يەردە تاشتىن ياسالغان بىر
لەۋھەگە كۆزى چۈشتى. بۇ لەۋھەگە خەت
يېزىلغانىدى. مۇدبىرمۇ چاقانلىق بىلەن
قېيىقتىن چىقىپ، بۇلاق سۈيىنى ئىچىشكە
ئىنتىزار بولۇپ يۈگۈرۈپ كەلدى. لېكىن
بۇ ئىككىيلەننىڭ تاشتىكى ھۆسن خەت بىلەن
يېزىلغان گۈزەل ئىبارىلەرگە كۆزى چۈشـ
تى. ئۇلار ئوقۇغانىدى، لەۋھەدە مۇنداق
سۆزلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىۋالدى: «بۇ جايغا
كەلگەن كىشى ئاجايىپ ئىشلارنى تاماشا
قىلغۇسىدۇر. چۈنكى بۇ يەر سىيمىيا ئىلـ
مى بىلەن پەيدا قىلىنغان بىر تىلسىمات
بولۇپ، گۈزەللىكتە كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا
قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئەسلىدە يوق، ئۇنىڭ
مەۋجۇتلۇقى ئەمەلىيەتتە يالغاندۇر. بۇ جايـ
نى «سەندەلى سىيمىيا» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ
جاينىڭ ئاجايىپ-غارايىباتلىرى كىشىلەرنىڭ
ئەقىل ۋە خىياللىرىدىنمۇ كۆپ ئارتۇقتۇر.
ھەرقانداق كىشى بۇ جايغا كەلسە ئۇنىڭ
كۆڭلى سۇ ئىچىشكە ئىنتىلىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ
سۈيىنى ئىچكەن كىشىدە شۇ ھامان ئاچلىق
ۋە ئۇسسۇزلۇق دېگەندەك ئەھۋاللار قالمايـ
دۇ. راستچىل كىشىنىڭ بىر ئايغىچىلىك يېـ
مەك-ئىچمەككە ھاجىتى چۈشمەيدۇ ۋە
شاد-خۇراملىقتا ئېرىشىدۇ. لېكىن يالغانچىـ
نىڭ ئۈچ كۈن ئۆتۈشى بىلەنلا يېمەكـ
ئىچمەككە ئېھتىياجى چۈشىدۇ. بۇ بۇلاقنىڭ
سۈيىنى ئىچكەن كىشىنىڭ تىلىغا بىر قېتىم
يالغان سۆز كېلىپ قالسا، ئۇ كىشى شۇ
ھامان قارىنى يېرىلىپ ئۆلىدۇ. بۇ سۇغا چۆـ
مۈلۈپ غۇسلى-تەرەت قىلسا مۇنداق ئەھـ
ۋاللار يۈز بېرىدۇ: ئەگەر بۇ بۇلاقنىڭ

سۇيىدە يالغانچى ئادەملەر غۇسلى قىلسا، ئۇنىڭ بەدىنى كۆيۈپ پىشىپ قالىدۇ، ئەگەر راستچىل كىشىلەر غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسا، بۇ بۇلاق ئۇ كىشىگە ئابىھايات بۇلىقىنىڭ خاسىيەتلىرىنى بەخش ئېتىدۇ. يۇيۇنۇش ۋاقتىدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قۇلاق بۇرنىنى تۇتۇپ سۇغا شۇڭغۇسا، بېشىنى چىقارغاندىن كېيىن ئۇ كىشى شۇنداق ئاجايىپ-غارايىباتلارنى كۆرىدۇكى، بۇنداق ئەپسانىنى تىل بىلەن بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن بىرىنچى قېتىم شۇڭغۇپ چىققاندا كۆرگەن ئەھۋاللارنى يەنە بىر شۇڭغۇسا كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەر كىشى ئىككىنچى قېتىم شۇڭغۇماقچى بولسا، بۇ سۇ پەسىيىپ، يەر بىلەن تەڭ بولۇپ تۇرىدۇ».

ئىككىسى بۇ خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، يالغانچى مۇدبىرغا ئۇ بۇلاقنىڭ سۇيىدىن بىر-ئىككى يۇتۇم ئىچىش ھەۋىسى غالىب كەلدى. مۇدبىر مۇشۇ ئارقىلىق ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يالغانچىلىق ۋە بىھۇدە سۆزلەش ئىللەتلىرىدىن خالاس بولماقچى بولدى. گەرچە ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى بۇ خىل خۇي-مىجەزنىڭ يوقىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ يامانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تىلىدىن: «ھازىردىن باشلاپ يالغانچىلىقنى تاشلىدىم» دېگەن سۆز ئاشكارا بولدى. «قاچانكى تاشلىيالىسام ئۆلۈمنى قوبۇل قىلارمەن» دېدى ئۇ ئارقىدىنلا يەنە. مۇدبىر شۇندىن كېيىن بۇلاق سۇيىدىن ئىچتى. مۇقبىل تەرەت ئېلىپ، تەڭرىگە تەشەككۇرلار ئېيتتى. ئاندىن بۇلاق سۇيىدىن ئىچىپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتۇلدى. مۇدبىر ئۆزىنىڭ كىر قاپلىغان جىسمىنى پاكىزلاش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالدى.

سۇغا كىرمەكچى بولۇپ قولىنى سۇغا تىقىپ باققاندى قولى كۆيۈپ قالدى. قارىسا سۇ قايناپ، ھور چىقىپ تۇرۇپتۇ. لېكىن مۇقبىل بېلىگە لۆڭگە باغلاپ، سۇغا كىرىپ، خۇددى دەريادا چۆمۈلگەندەك بەھۇزۇر چۆمۈلدى. مۇدبىر سۇ ياقىسىدا تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. مۇقبىل سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ قارىغانىدى. ئۆزىنىڭ بۇلاق سۇيىدە يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ بۇلاق سۇيى يىغىلىپ بىر كۆل ھاسىل قىلغانىدى. كۆلگە سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇيى لىپمۇلىق تولغانىدى. كۆل سۇيى قۇياش نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ، قىزىل سەندەلنىڭ رەڭگىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. كۆلنىڭ چۆرىسى خۇددى ئىرەم بېغىدەك گۈزەل ۋە خۇش ھاۋا گۈلشەن ئىدى. گۈلشەن ئالدىدا گويا ھەرەمدەك ئالىي بىر ئىمارەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مۇقبىل بۇنى كۆرۈپ كۆلدىن چىقىش ئۈچۈن ئاياغ بېسىشىغا ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈمۈش بەدەنلىك گۈلچېھرىلەر پەيدا بولدى. ئۇلار مۇقبىلنى كۆرۈپ دەرھال خىزمىتىگە كەلدى. مۇقبىلنىڭ بەدەنلىرىنى يىپەكتىن توقۇلغان نەپىس لۆڭگىلەر بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتتى. ئۇ گۈل يۈزلۈك پەرىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى سەندەلدەك خۇشبۇي ھىدلارنى تارقىتاتتى. ئۇلار مۇقبىلغىمۇ سەندەل پۇراقلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، بېشىغا سەندەل بۇيلۇق دەستار ئورىدى. مۇقبىلنى ياسىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىن تۇتۇپ يېتىلىگەن پېتى سەندەلدىن ياسالغان بىر قەسىرگە باشلىدى. ئۇ قەسىرنىڭ خۇش پۇراقلىرى مۇقبىلنىڭ روھىي كەيپىياتىنى شۇنداق قىزىتتىكى، بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كېلىپ قارىغانىدى،

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى باشقىچە بىر دۇنيادا كۆردى. ئۇ
ئاشۇ تەرىقىدە گاھ ھوشسىز، گاھى ھوشىغا
كېلىپ دېگەندەك ئاخىرى قەسىر ئىچىگە
كىردى. قەسىر ئىچىدە بىر ئالىي راۋاق
بىنا قىلىنغانىدى. ئۇ راۋاق كىشىگە گوياكى
ھاياتلىق قەسىرىدەك شادلىق بېغىشلايتتى.
راۋاقنىڭ تام-تورۇسلىرى، ئىشىك ۋە
سەھنىلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي سەندەل-
دىن پۈتكەنىدى. ئۇ راۋاقنىڭ خۇش پۇ-
راقلىرىدىن كىشى گاھ ئەقىل-ھوشىنى يو-
قاتسا، گاھ ھوشىغا كېلەتتى. راۋاقنىڭ ئى-
چىدە ناھايىتى نۇرغۇن جاۋاھىرلار بىلەن
زىننەتلەپ، بېزەلگەن بىر تەخت تۇراتتى.
تەختنىڭ ئۈستىدە شۇنداق ئاجايىپ
بىر سەنەم ئولتۇراتتىكى، ھۆسن-جامالدا
ئۇنداق كامالەتكە يەتكەن بىرەر جانلىق
ئىنسى-جىن ئىچىدە كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.
ئۇنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى پۈتۈنلەي نۇردىن
ئاپىرىدە بولغانىدى. چېھرىدىن ئالەم خەل-
قىگە قۇۋۋەت يېتەتتى. ئۇنىڭ يۈزى بولسا،
پۈتكۈل ئالەم ئەھلىنىڭ ۋە بارلىق پەرىش-
تىلەرنىڭ تەلمۈرۈپ قارايدىغان نۇرلۇق
قۇياشى ئىدى. قەددى-قامىتىمۇ پۈتۈنلەي
نۇردىن پۈتكەن بولۇپ، جەننەت بېغىدا
ئۆسكەن سەرۋى دەرىخىدەك گۈزەل ھەم
يۇمران ئىدى. ۋۇجۇدىدا تۆت ئۇنسۇردىن
ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. پۈتكۈل گۈزەللىك
ئۇنىڭ جىسمىدا جەم بولغانىدى. ئۇنىڭ
بۇنداق گۈزەللىكى پۈتۈن خالايىق ئۈچۈن
بىر ئايەت ئىدى. ئۇ پەرىنىڭ ئەتراپىدا
يۈز نەپەر خۇش چىراي كېنىزەك خۇددى
ئاي ئەتراپىدىكى يۇلتۇزلاردەك جىلۋىلىنىپ،
خىزمەتكە تەييار تۇراتتى.

مۇقبىلنىڭ كۆزى دىلبەرگە چۈشۈشى
بىلەنلا، ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. جىسمىدا
قاندىن ئەسەر قالمىدى. سارغايغان ھالدا
يەرگە يىقىلىپ، ھالىدىن كەتتى. ئۇ سەنەم
مۇقبىلغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭ بېشىغا كې-
لىپ، مېھرىبانلىق بىلەن يېنىدا ئولتۇردى.
ئۇ گۈزەلنىڭ خۇش بۇي پۇراقلىرى تەسىرى
بىلەن مۇقبىل ھوشىغا كەلدى. لېكىن ئۇ
پەرىگە كۆزى چۈشۈش بىلەنلا يەنە ھوشى-
دىن كەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەقىل-
ئىدراك ۋە سەزگۈ-تەپەككۇر دېگەنلەرنىڭ
ھەممىسى يوقالدى. مۇقبىل گاھ ھوشىغا
كەلسە، گاھ خۇدىنى يوقىتاتتى. ئۇ ھۆر سۈپەت
جانان مۇقبىلغا چەكسىز ئىلتىپاتلارنى كۆر-
سىتىپ، مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىنى تولۇق
كۆرۈۋېلىشقا ئىمكان بەردى. بۇ ئارقىلىق
مۇقبىلنىڭ پاراكەندە بولغان كۆڭلى بىر
جايغا قارار تېپىپ، ئىنتىزارلىق ئوتلىرى
سەل پەسەيدى. ئۇ ھۆر شۇ تەرىقىدە مۇق-
بىلغا بارغانچە يېقىنلىشىپ، ئۇلپەتلەرچە
مۇئامىلە قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان
ئولتۇردى. مۇقبىلنىڭ ئىشتىياق ئوتلىرى
بارغانسېرى كۈچەيدى، بۇ ئوت ئۇنىڭ
باشلىرىدىن شولا ئۇرۇپ كۆيۈشكە باشلىدى.
ئۇ پۈتكۈل سەۋر-قارارىدىن ۋە ئەرك-
ئىختىيارىدىن ئايرىلىپ قالدى. بىتاقەتلىك
بىلەن كۆكسىنى يېرىشقا، بۇ ئارقىلىق ئۆزى-
نى ھالاك قىلىشقا ئاز قالدى. بۇنى سەزگەن
ئاي يۈزلۈك پەرى مۇقبىلنىڭ قولىنى تۇتۇپ،
يەردىن قوپاردى-دە، يېتىلىگەن پېتى
تەخت ئۈستىگە ئېلىپ باردى. مۇقبىل
يەر سۆيۈپ تۇرۇپ:

— بۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا
مېنىڭ ھەددىم ئەمەس، — دېدى.

ئۇ گۈزەل مۇقبىلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا
قويماي تەخت ئۈستىدە بىللە ئولتۇردى.
ئۇلار داستىخان ئۈستىدە ھەرخىل تائاملار

ۋە شېرىن شەربەتلەردىن قانـۇدەك يەپ-
ئىچىشتى. بۇ غىزالار خۇددى جەننەت نې-
مىتىنىڭ دەل ئۆزىـدەك تۇراتـتى. ئۇلار
بۇ نازۇ-نېمەتلەردىن لەززەتلىنىپ بولغان-
دىن كېيىن، بەزمە ئىچىگە شاراب جاملىرىنى
تەييار قىلدى. ئۇ يەرگە سەندەك ياغىچىـ
دىن ياسالغان نەقىشلىك بىر شىرەنى قويۇپ،
ئۈستىدە شاراب شىشىسىنى ئورۇنلاش-
تۇردى. يېنىدا شاراب كوزىسىنى قويدى.
بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن سەندەل ھىدى كې-
لىپ تۇراتتى. كېنىزەكلەر ئارىسىدىن بىر
گۈلچېھرە قوپۇپ، بۇ سەندەل پۇراقلىرى
بىلەن تولغان بەزمىگە ئەتىر ھىدلىرىنى
تاراتقان ھالدا، شاراب جامىنى قولىغا ئالدى.
مەيىنى قۇيۇپ تەخت تەرەپكە ئېلىپ كەل-
دى-دە، ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەلگە تۇتتى.
ئۇ پەرى مەي جامىنى ئېلىپ، بىر-ئىككى
ئوتلىغاندىن كېيىن، خوجا مۇقبىلغا تۇتتى.
خوجا مۇقبىل بۇنى كۆرۈپ ئۆزىدىن كەت-
تى ۋە جامنى قولىغا ئېلىپلا بىخۇدلارچە
سىپقىرىپ ئىچتى. مەي ئىچىش شۇ تەرىقىدە
بىر نەچچە نۆۋەت ئايلاندى. شادلىق چۇ-
قانلىرى پەلەككە يەتتى. مەيىنىڭ ھارارىتى
بىلەن خوجا مۇقبىلنىڭ نېرۋىلىرى قىزىپ
كەتتى. ئۇ سورۇن ئىچىدىكى شەرمى-
ھايا پەردىلىرىنى ھەدەپ كۆزگە ئىلمىغىلى
تۇردى. ئۇ ئاي يۈزلۈك قانچە نەسىھەت
قىلسىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ھايا چەك-
لىمىسىدىن چىقىپ كەتتى. خوجا مۇقبىل
بارا-بارا ئۆزىنى تۇتالماستىن، ئۇ گۈزەل-
نى كۆزىگە ئىلماي، بىھايالارچە سۆزلەشكە
باشلىدى. خۇددى ساراڭ ئادەمدەك ھەر-
خىل-ھەرقىسما سۆزلەرنى ۋە تەمە-
خورلارچە قىلىق-ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا باش-
لىدى. ئۇ گۈزەل مۇلايىملىق بىلەن ئۇنى
ئالداپ، قولىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. خوجا
مۇقبىلنىڭ ھېچ تاقىتى قالمىدى. نەپسى
نېرۋىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، پۈتۈن جىسمىغا
ئوت سالدى.

— رەھىم قىلىپ دەردىمگە داۋا قىل-
غىن، ۋىسالىڭ بىلەن مېنىڭ مۇرادىمنى
ھاسىل قىلغىن، — دېدى مۇقبىل تەقەززا-
لىق بىلەن يالۋۇرۇپ.

ئۇ پەرى شىپكەردەك ناتىلىق كۆلۈمسى-
رىگەن ھالدا:

— بۈگۈن مۇشۇنچىلىك ئىشلارغا خۇ-
شال بولغىن، — دېدى.

خوجا مۇقبىل نەپسىنىڭ ھۇجۇمى ئال-
دىدا مەغلۇپ بولدى. ئۇ پەرىنى بىھۇشلار-
چە بىر خىل تەلۋىلىك بىلەن يېقىن تارتىپ:

— مېنى چەكسىز قىيىن ئەھۋالغا
چۈشۈرۈپ قويدۇڭ، — دېدى.

— بۈگۈن شۇنچە مەي ئىچىشىپتى-
مىز، — دېدى ئۇ ئاي يۈزلۈك، — مەيىنىڭ
تەسىرى بىلەن ئەقلى ھوشىمىزدىنمۇ كې-
تىپ قاپتۇق. ئەتە بىرئاز ھوشىمىزنى
تېپىپ، شاھانە تويى-مەرىكىمىزنىڭ تەييارلى-
قىنى قىلايلى. ئاندىن ياخشى مەسلىھەت
بىلەن نىكاھ ئوقۇتۇپ ئىشنى تۈگىتەيلى.
شۇندىن كېيىن ئىككىمىزگە بىر ھۇجرىدا
بولۇش نېسىپ بولغاي. ھالال ئىش مۇيەسسى-
سەر بولىدىغان بولغاندىكىن، ھارام ئىشقا
قول ئۇزاتما. مۇنداق سورۇندا نامۇۋاپىق
ھەرىكەتلەردە بولمىغىن، نەپسىڭنىڭ كەينىگە
كىرىپ، بىھۇدە ئىش قىلما. پاكلىق ۋە ھايا
پەردىلىرىنى بۇلغىما.

خوجا مۇقبىلغا بۇ سۆزلەر تەسىر قىل-
مىدى. ئۇ سەۋدايىلارچە ھەرىكەت ۋە سا-
راڭلارچە قىلىقلارنى قىلاتتى. تىرىشىپ، تىر-
مىشىپ ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولاتتى.

— هه‌ر قانچه قىلغىنىڭ بىله‌ن بۇگۈن
مه‌قسىتىڭگه يېته‌لمه‌يسه‌ن، — دېدى ئۇ گۈ-
زه‌ل، — ئه‌گه‌ر ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمىساڭ
مېنىڭ بىر گۈزه‌ل كېنىزىكىم بار. شۇنى
بۈگۈنچه ساڭا نىكاھ ئوقۇتۇپ، قوشۇپ
قوياي.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇقبىل جىمىپ
قالدى. ئۇ په‌رى ئۆزىنىڭ بىر كېنىزىكىنى
مۇقبىلغا نىكاھلاپ، قوشۇپ قويدى.

ۋاقتىكى، بۇ زه‌ڭگه‌ر ره‌ڭ ئاسمان
ئۆز چېھرىدىن تۈن په‌ردىسىنى كۆتۈرۈپ،
سۈبھى يۈزىنى ئاشكار قىلدى. تاڭ ھاۋاسى
جاھانغا سه‌نده‌ل ھىدلىرىنى تاراتتى. بۇ
پىرقىراۋاتقان په‌له‌ك ئۈستىده ئۇخلاپ قال-
غان قۇياش ئويقۇدىن كۆز ئېچىپ، يه‌ر
يۈزىگه شولا تۆكتى. خوجا مۇقبىلمۇ ئويـ
غاندى. ئاخشام يۈز به‌رگه‌ن ھېكايىلار
ئۇنىڭ يادىغا يېتىپ، قاتتىق خىجىل بولدى.
كۆڭلى قاتتىق پۇشايمان ئىلكىده قالدى.
ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر يويۇنۇۋېلىشنى
ئويلاپ، كۆل ته‌ره‌پكه كه‌لدى. سه‌نده‌ل
ره‌ڭلىك پوتىنى بېلىگه باغلاپ، كۆلگه كىر-
دى-ده، سۇغا شۇڭغۇدى. ئۇ بېشىنى چىـ
قارغاندى ئۆزىنى تامامه‌ن باشقىچه بىر ھالدا
سه‌زدى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزى كۆرگه‌ن يوغان
ده‌ره‌خنىڭ كاۋىكىدىكى بۇلاقتىن بېشىنى
چىقارغاندى. ھه‌يران بولۇپ هه‌ر ته‌ره‌پكه
قارىدى. ئۆزىنىڭ يۈك-تاق، كىيىم-كېچه‌كـ
لىرى ئۆز ئورنىدا تۇرۇپتۇ. يه‌نه بىر قانچه
قېتىم شۇڭغۇپ باققاندى، يه‌نىلا شۇ بۇلاقـ
تىن بېشىنى چىقاردى. مۇقبىل بۇ ئىشقا
ھه‌يران ۋه بىتاقه‌ت بولدى. بۇنداق ئه‌ھـ
ۋالغا ھېچكىم دۇچ كه‌لمىگه‌ن بولغىيتتى.
چۈنكى، بىر ته‌ره‌پتىن يول ره‌نجى، يه‌نه
بىر ته‌ره‌پتىن ئۇسال ھه‌مراھىنىڭ ده‌ردى-
بالاسى، ئۇنىڭ ئۈستىگه بۇ ھېيلىگه‌ر په‌ـ
له‌كنىڭ خه‌لته ئويۇن-چاخچىقى ئۇنى ھاـ
لىدىن كه‌تكۈزۈۋه‌تتى. «بۇ ۋه‌قه-ھادىسىله‌رـ
نى ده‌ريا سۈيى غه‌رق قىلىۋه‌تتىمىكىنه»
ده‌يتتى ئۇ كۆڭلىده. ئۇ ئۆز به‌ختىنىڭ
قارىلىقى، ته‌لىيىنىڭ ته‌تۈرلۈكى تۈپه‌يلىدىن
مۇرادىغا يېته‌لمه‌ي، به‌لكى ئۆله‌ر ھالغا يه‌تـ
تى. بۇ ئىشلاردىن قاتتىق ده‌رد ۋه ھه‌سـ
ره‌ت ئىچىده قالغان خوجا مۇقبىل قانچه
ئازاب ئوقۇبه‌تله‌رنى چېكىپ ئاختۇرغان بولـ
سىمۇ، لېكىن ئۆزى كۆرگه‌ن ئۇ ئىشلاردىن
قىلچه ئىز-دېره‌ك تاپالمىدى. ئۇ ئاخىر
يه‌نه بۇ بۇلاقنىڭ ئه‌ھۋالى پۈتۈلگه‌ن تاشقا
نه‌زه‌ر سالدى. تاشنىڭ يه‌نه بىر ته‌رىپىده
مۇنداق سۆزله‌ر پۈتۈلگه‌نىدى: «هه‌ر كىم
بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ سۇغا كىرسه، يۈزلىـ
گه‌ن ۋه‌قه‌له‌رنى كۆرىدۇ. ئۇنى كۆرۈپ يېـ
نىپ چىققاندىن كېيىن، بۇ يه‌ردىن ده‌رھال
كېتىشى كېره‌ك. ئه‌گه‌ر بىرده‌م تۇرۇپ قالسا،
بىر دېۋه كېلىپ، ئۇ كىشىنى ھالاك قىلىـ
دۇ.» بۇنى كۆرگه‌ن مۇقبىل كۆڭلىده:
«بۇنداق ياشىغاندىن كۆره، مۇشۇ يه‌رده
تۇرۇپ، دېۋه قولىدا ئۆلگىنىم ياخشى» ده‌پ
ئويلىدى. ئۇ يه‌نه بىرده‌م ئويلىغاندىن كېـ
يىن جانىنى ئه‌زىز بىلىپ، ئىلاجىسىز ھالدا
بۇ ئاپه‌تلىك جايدىن كېتىش قارارىغا كه‌لـ
دى. مۇقبىل قېيىقنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىپ
يېنىشقا ته‌ره‌ددۇت قىلدى. مۇدبىر ئۇنى
كۆرۈپ، مۇقبىلنىڭ ھال ئه‌ھۋالىنى بىلـ
مه‌كچى بولۇپ ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى.
قانچه چاره-ته‌دبىرله‌رنى ئىشلىتىپ باققان
بولسىمۇ، مۇقبىل ئۆزىنىڭ سىرىنى مۇتله‌ق
ئاشكارىلىغىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار قېيىق ئىـ
چىده ئارام ئالغاچ، قېيىقنى ئالغا قاراپ
سىلجىتتى. ناتىۋان مۇقبىلنىڭ ئىچىگه

ھىجران ئوتلىرى تۇتىشىپ، بارغانسېرى زەئىپلىشىپ كەتتى. مۇدبىر بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن گەپ سورىسا، زادى جاۋاب بەرمەيتتى، ئۆز غەملىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى دېمەيتتى.

— ھەي دوستۇم، بۇ ئىشنى مەندىن سورىمىغىن، — دەيتتى ئۇ مۇدبىرغا، — سورىغان بىلەنمۇ مەن ئېيتىپ بېرەلمەيمەن، مەن زادى ئۆزۈمنى تۇتالمايۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ خىل يامان ئەھۋالىمدىن ساڭا مالاللىق يەتسە، مېنى ئەپۇ قىلىپ، سەۋەبىنى سورىمىغىن، چۈنكى مەن سېنىڭ بۇ ئەھۋاللارنى سورىشىڭدىن بەكمۇ خىجالەتتە قالىمەن. گەرچە مېنىڭ بۇ بىخۇدلۇقلىرىم سېنىڭ ئارامىڭنى بۇزسىمۇ، لېكىن سەن بىر مەزگىل كەچۈرگىن. مېنى بىر پەس ئۆز ئەھۋالىمغا قويۇپ بەرگىن. مېنىڭ ھوشسىزلارچە قىلىق ھەرىكەتلىرىم سېنى بىئارام قىلسىمۇ، لېكىن سەن مېنىڭ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ئايىغىن ئەگەر بەختىمىز ئوڭدىن كېلىپ، مۇرادىمىز ھاسىل بولسا، كونىلەرنىڭ بىرىدە دەريا قىرغىقىغىمۇ چىقىپ قالارمىز. شۇ چاغدا خوشلىشىپ كۆڭلىڭنى ئالارمەن، قولۇڭنى سۆيۈپ ۋىدالىشارمەن. ئىككىمىز ئامان-ئېسەن ئايرىلارمىز.

مۇقبىل شۇ سۆزلەرنى دېدى-دە، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، كۆز يۇمماستىن ياش تۆكتى. ئۇ قېيىق ئۈستىدە ئۈن سېلىپ نالە-پىغانلار قىلاتتى. ئۇنىڭ نالە-زارىدىن دەرياغا لەرزە چۈشۈپ، دەريا سۈيى دەھشەتلىك دولقۇن ۋە ھەيۋەتلىك قايناملارنى ھاسىل قىلدى. مۇدبىر كۆڭلىدە: «بۇنىڭغا ئاشۇ بۇلاق ئىچىدە بىرەر دىۋە-پەرى، پاكى جىن-شاياتۇن ئۇچراپ قېلىپ، ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى.

شۇ ئەسنادا ئالدى تەرەپتىن بىر چوڭ كېمە كۆرۈندى. شامال سەل كۈچەيگەچكە، بۇ ئىككىيلەننىڭ قېيىقى ئۇ كېمىگە ياندىشتى. كېمە ئۈستىدە بىرەرمۇ ھايات كىشى يوق ئىدى. پەقەت ئۆلگىنىگە ئۇزۇن بولغان جەسەتلەرنىلا ئۇچرىتىشقا بولاتتى. كېمىدە يەنە سەندەل ياغىچى مەھسۇلاتلىرى ۋە باشقا ناھايىتى كۆپ يۈك-تاق بار ئىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ۋەقە ئەسلىدە مۇنداق پەيدا بولغانىدى: خاۋەر شەھىرىدە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ پەرى سۈپەت بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ قىز گۈزەللىكتە گويا شەرق قۇياشىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ قىز شاھنىڭ ھاياتلىق زىننىتى، ياق بەلكى كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئىدى. بىراق ئۇ باش ئاغرىقى كېسىلىگە دۇچار بولۇپ قالغانىدى. ئۆمرى ئاغرىق ئەلەملىرى بىلەن قاقشاپ ئۆتەتتى. ھۆكۈمالار قىزنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېسىلىگە سەندەلدىن باشقا داۋا تاپالمىدى. سەندەلنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭغا مەنپەئەت قىلىپ، باش ئاغرىقىنى يوقىتاتتى. شۇڭا پادىشاھ سەندەلنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ، چوڭ بىر قەسىر بىنا قىلدۇردى. ئۇ قەسىرنىڭ بارلىق ئۈسكۈنە، ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى سەندەل ياغىچىدىن ياسالدى. ئۇ قەسىر ئېگىزلىكتە بۇ يۈكسەك ئاسمان قەسرى بىلەن بەسلەشكەندى. شاھنىڭ قىزى شۇ قەسىرگە ئورۇنلاشتى. قەسىر قىزنىڭ باش ئاغرىقىغا داۋا بولدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن

ئالەمگە تارالدى. بۇنى ئاڭلاپ، سودىگەر-
لەرنىڭ كۆڭۈللىرى سۆيۈنۈپ كەتتى، ئۇ-
لار خاۋەر پادىشاھىغا سەندەل سېتىپ،
پايدا ئېلىش پىلانىنى تۈزۈشۈپ، ھەممىسى
ھىندىستان مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشتى.
ئۇلار سەندەل ياغاچلىرىنى توشۇپ بۇ قە-
سىرنى زىننەتلىدى. سودىگەرلەر كېچە-
كۈندۈز دېمەستىن مۇشۇ ئىشقا كىرىشىپ
كەتكەنىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەندەل
يۈكلەپ قايتقان كېمىلەردىن بىرسى دەر-
يادا قاينام ئىچىگە كىرىپ قېلىپ، نەچچە
يىلغىچە قاينام ئىچىدە چۆرگىلەپ تۇرۇ-
ۋەردى. ئاخىرى كېمە ئەھلىنىڭ يېمەك-
ئىچمەكى تۈگەپ، ھەممىسى ھالاك بولدى.
بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شامال كۆ-
چىيىپ، دەريا سۈيىنى ۋە كېمىنى ھەرى-
كەتكە كەلتۈردى. شۇڭا كېمە قاينام ئىچى-
دىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، بۇ ياققا يېتىپ
كەلگەنىدى.

مۇقبىل بىلەن مۇدبىر بۇ چوڭ كې-
مىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چىقتى. لېكىن بى-
چارە مۇقبىل ھىجران ئازابىدىن جان قاي-
غۇسىدا ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر بۇلۇڭغا كى-
رىپ، نالە-پىغانلار چېكەتتى. مۇدبىر بول-
سا، كېمىدىكى ئۆلۈكلەرنى سۇغا تاشلاش
بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ كېمىدىكى پۈتكۈل
مال-مۈلۈك ۋە يۈك-تاقلارنىڭ ھەممىسىنى
ئۆزىنىڭ قىلىپ، بەلكى كېمىنىمۇ ئۆزىنىڭ
بىلىپ، ياپىراپ كەتتى. لېكىن بۇ ماللار
ئۇنى ئەسىر قىلىپ تۈگەشتۈرىدىغانلىقىدىن
بىخەۋەر ئىدى. شۇ يوسۇندا بىر پەس
ماڭغاندىن كېيىن، يىراقتىن دەريانىڭ
ساھىلى كۆرۈندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار
قىرغاققا يېتىپ كەلدى. بۇ يەر خاۋەر
شەھىرىنىڭ تەۋەلىكى ئىدى. شۇ كۈنى خا-

ۋەر شەھىرىنىڭ پادىشاھى دەريا تاماشاسى-
غا چىققانىدى، ئۇنىڭ كۆزى قىرغاققا قا-
راپ كېلىۋاتقان كېمىگە چۈشۈپ قالدى.
— ئاۋۇ كېمىدىن بىرەر كىشىنى
ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى پادىشاھ مۇلازىم-
لىرىغا، — ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باقايلى.
پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، بىر
نەچچە كىشى كېلىپ، كېمىنى تەكشۈردى.
ئۇلار بىلدىكى، شۇنچە چوڭ كېمىدە پە-
قەت ئىككىلا ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى
خۇشال ۋە شادىمانلىق بىلەن، يەنە بىرسى
غەم ۋە پەرىشانلىق بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ
ئىككىيلەنگە شاھنىڭ پەرمانى يەتكۈزۈلدى.
مۇدبىر پەرماننى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال
شاپاشلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھ ھۇزۇرىغا
ماڭدى. ئۇ پادىشاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارى-
غاندىن كېيىن يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا
كەلتۈردى ۋە پادىشاھقا ياخشى تىلەكلەر-
نى تىلەپ دۇئا قىلدى. شاھمۇ ئۇنىڭدىن
ئەھۋال سورىدى.

— مەن بولسام بىر سودىگەر ئادەم —،
دېدى مۇدبىر شاھنىڭ سوئالىغا جاۋا-
بەن، — مەن ئۇزۇندىن بېرى سودا-سې-
تىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتاتتىم، بۇ قې-
تىمقى سەپەردە بالا-قازاغا يولۇقۇپ، مۇق-
بىل ئاتلىق بىر خىزمەتكار قۇلۇمدىن باشقا
ھەممە ئادەملىرىمدىن ئايرىلدىم. ئادەملىرىم-
نىڭ ھەممىسى دەريا سۈيىنىڭ ئازاب-ئو-
قۇبەتلىرى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. شۇنداق
قىلىپ مانا بۈگۈن بۇ ساھىلغا يېتىپ
كەلدىم.

مۇدبىر شۇ قاتارلىق يالغان ئەپسانى-
لەرنى سۆزلەپ بولۇش بىلەنلا، بەدىنى ئې-
سىلىپ، ئىششىشقا باشلىدى. ئىششىق بارغان-
سېرى چوڭىيىپ، كېيىملىرى، ئاندىن بە-

www.uyghurkitap.com

دەن تېرىلىرى ئېتىلىشقا باشلىدى. ئاخىر كۆكسى يېرىلىپ ھالاك بولدى. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيرانۇ-ھەس قالدى. چۈنكى ئۇ بۇنداق ئەھۋالنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئاندىن كېيىن مۇقبىل ئېلىپ كېلىندى. شاھ ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلى سۆيۈندى. مۇقبىل شاھ دەرگاھىغا يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا مۇدبىرنىڭ جەسىتىنى يۇشۇرۇپ قويىدى. مۇقبىل كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۇنىڭدىن بىر قۇر ئەھۋال سوراش بىلەن بىللە، يەنە مۇدبىردىن سورىغان ئەھۋاللارنىمۇ قايتىدىن ئېنىقلىدى. مۇقبىل يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى شاھقا بىر-بىرلەپ، راستچىللىق بىلەن بايان قىلدى. شاھ مۇقبىلنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن كېمىنى ۋە كېمىدىكى مال-دۇنيانىڭ ھەممىسىنى يىغىپ دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈۋالدى. مۇقبىلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاھقا ئۇنىڭ چىن سۆزلۈك، سەممىي كىشى ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

— بارىكاللا ساڭا، ئەي مۇقبىل، — دېدى پادىشاھ خۇشال بولۇپ، — سەن راستچىللىقتا ھەممە ئادەمدىن پاك ۋە ئەلا ئىكەنسەن. سەن ئۆزۈڭنىڭ سەممىي-ساداقىتىڭ بىلەن كۆڭلىمىزنى ئۇتتۇپ، جىنىمىزنى ئەسىر قىلىۋالدىڭ. بىزدىن كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا تىلىگىن.

مۇقبىل سۆزىنى شاھقا ياخشى دۇئا تىلەكلەر بىلەن باشلىدى:

— ئەي بەختلىك پادىشاھ، مۇبارەك ھەشەمىتىڭ ئەبەدىي بەرقارار بولسۇن. مەن پەقەت ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە بەختسائادەت تىلەيمەن. ئەگەر مەندەك بىر قۇلۇڭنى ئازاد كىشىلەر قاتارىدا كۆرسەڭ، يات كۆرمىسەڭ، ساڭا كېچە-كۈندۈز دۇئا قىلغايمەن.

پادىشاھقا مۇقبىلنىڭ بۇنداق يېقىملىق سۆزلىرى، خۇش خۇيلۇقى ۋە مۇلايىملىقى تېخىمۇ يېقىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «باشقا كىشىلەردە مۇنداق خۇي-مىجەز ۋە پەزىلەتنى تېپىش تەس» دېگەنلەرنى ئويلىدى. مۇقبىلنىڭ كېلىشكەن قەددى قامىتى ۋە نۇرلۇق چېھرىلىرى شاھنىڭ كۆڭلىدە مېھرى-مۇھەببەت پەيدا قىلدى. شاھ ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. مۇقبىلمۇ شاھنىڭ ھەر قانداق ئەمىر-پەرمانى بولسا، جان-دىل بىلەن بەجا كەلتۈردى. مۇقبىل شاھنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ياخشى بېجىرگەنلىكى ئۈچۈن، شاھ ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ بېكىتتى ۋە دائىم يېنىدىن يىراقلاشتۇرمايدىغان بولدى. بارا-بارا ئۇنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتىدىن شاھنىڭ نەزىرىدىكى مەرتىۋىسى ئۆرلەپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا ھۇمايۇن قۇشى سايە سالغانىدى. شاھ ئۇنى ئۆزىگە پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلدى. مۇقبىل ئۆزرە ئېيتىپ ئۇنىمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا بىر سەنەم تەرىپىدىن ئەسىر قىلىۋېلىنغانىدى. ھۇش كاللىسى پەقەت ئاشۇ سىرلىق بۇلاق ئىچىدە كۆرگەن گۈزەلدە ئىدى. لېكىن شاھ ئۇنى ئىختىيارىغا قويماستىن، بارلىق يوشۇرۇن خەزىنىلىرىنى ئاشكارا قىلىپ، توي ئۈچۈن خەرج-خىراجەت قىلدى. ئاندىن ئۆز قىزىنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى. خوجا مۇقبىلغا سەندەلدەلدەك خۇش پۇراق كىيىملەرنى كىيگۈزدى. بۇ كىيىملەر ئىلگىرى تىلسىماتلىق بۇلاق ئىچىدىكى پەرى قىز كىيگۈزگەن كىيىملەرگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. شۇڭا

مۇقبىلنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى. كېيىن
مۇقبىلغا گۈزەللىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن،
ئۇنى قىزنىڭ سەندەل قەسرىگە باشلاپ
كىردى. مۇقبىل بۇ يەردە ئاجايىپ ئىشـ
لارنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىلگىـ
رى كۆرگەن قەسىردەك كاتتا بىر قەسىر
نامايان بولۇپ تۇراتتى. بۇ قەسىرنىڭ
تام ـ تورۇسلىرى، ئىشىك ـ بوسۇغىلىرى،
تەخت ۋە باشقا جاھازلىرىنىڭ ھەممىسى
ئىلگىرى كۆرگەن قەسىر بىلەن پۈتۈنلەي
ئوخشاش ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيـ
ران بولغان خوجا مۇقبىل قەسىرنىڭ تۆ
رىگە نەرەر سالغانىدى، تېخىمۇ ئاجايىپ
ئىشنى كۆردى. ئۆزىگە نىكاھلانغان بۇ قىزـ
مۇ خۇددى دەريا ئىچىدىكى «سەندەلـى
سىيمىيا» تىلسىمىدا كۆرگەن قىزنىڭ دەل
ئۆزىدەكلا ئىدى. ئۇنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى
مۇقبىلنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. مۇقـ
بىل ئاھ ـ پىغانلار چېكىپ يىقىلدى، جېنى
ھەلقۇمىغا كېلىپ قالدى. ئۇ گاھ خۇدىنى
يوقاتسا، گاھى ھوشىغا كېلەتتى. گاھى ئوتـ
لۇق ناللەر قىلاتتى. ئۇنىڭ دىمىغىغا سەنـ
دەل ئىسلىرىنى پۇراتقاندىن كېيىن، ئاخىر
ھوشىغا كەلدى، كۆزىنى ئاچتى. بۇ ئاي
يۈزلۈك گۈزەلمۇ خوجا مۇقبىلغا مېھرىبانـ
لىق بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. بارغانسېـ
رى ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۇلپەتلەرچە يېـ
قىنلىشىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ پاراكەندە
كۆڭلىگە تەسەللى بەردى. مۇقبىلنىڭ كۆڭـ
لى بۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ۋىسالىدىن مۇراد
تاپتى. لېكىن ھەيرانلىق تۈپەيلىدىن تىلى
گەپكە كەلمىدى.

بىر كۈنى ئۇ مۇبارەك چېھرىلىك پەـ
رى خوجا مۇقبىلدىن:

— سىز نېمە سەۋەبتىن بۇنچىۋالا
ھەيران قالسىز؟ جاۋابىڭىزنى ئاڭلاشقا
بەكمۇ تەشنا مەن، — دەپ سورىدى.

مۇقبىل راستىنى ئېيتىشتىن باشقا
گەپ تاپالمىدى. كۆرگەنلىرىنى كەم قىلـ
ماستىن تولۇق بايان قىلىپ بەردى. مۇقـ
بىلنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى دەريا ئىچىدىكى
دەرەخ ۋە ئۇنىڭ كاۋىكىدىن چىققىنىدىغان
بۇلاقنىڭ ۋەقەلىرى، سەندەل قەسىرى
بىلەن سىيمىيا تىلسىمىنىڭ ماجىرالىرىغا
يېتىپ كەلگەن چاغدا، ئۇ ئاي يۈزلۈك
گۈزەل كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق بىر
ئەپسانىنى باشلىدى:

— تەقدىر رەسسامى مېنى گۈزەللىكـ
تە دەۋرانىنىڭ يېگانىسى قىلىپ يارىتىپتۇ.
مېنىڭ ھۆسىن ـ جامالىمنىڭ شان ـ شۆھرىتى
پۈتكۈل جاھانغا تارقىلىپ، ئىنسانلار، بەلـ
كى جىن ـ شاياتۇنلار ئارىسىدىمۇ مەشھۇر
بولۇپ كەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە جىن
پادىشاھى بىزنىڭ قەسىردىن ئۆتۈپ كېـ
تىۋېتىپ، ماڭا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇـ
نىڭ بىلەنلا ئۇ جىن ماڭا ئاشىق بولۇپ
قاپتۇ. ئۇنىڭ ئاللا ـ تۇۋىلىرى پۈتۈن قەـ
سىرىمنى بىر ئالغىلى تۇردى. ئۇنىڭ سەرـ
داسى مېنىمۇ ساراڭ قىلىشقا باشلىدى، ئاـ
خىر بۇ ماجىرانى دادامغا ئېيتتىم. دادام
بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، بىر نەچـ
چە ھۆكۈمانى يېنىمغا چاقىرتتى. يەنە دۆئاخان
پىرخون ئەپسۇنگەر، سېھرىگەرلەرنى يىغىپ
كەلتۈرۈپ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ
بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. جىنلار شۇندىن
كېيىن بىراقلا يوقالدى. بىراق ھازىرمۇ
ئۇلارنىڭ قانات قاققان شەپىسى، پەرىلەرـ
نىڭ قىچقىرغان ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ
تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، جىن
پادىشاھى مېنىڭ ئىشقىمدا سەۋدايى بولۇپ

دەريانىڭ ئوتتۇرىدا ئىلمى سېھىرسىيادىن
بىر تىلسىمات ياساپ چىقىپتۇ. ئۇ ئىلمى
ھېكمەت ۋە ئىلمى سېھىرسىيا ئۇسۇلى ئار-
قىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بىر ئالىي
قەسىرمىش. ئۇ قەسىرنىڭ چۆگىرىسىدە
سەندەل بىلەن زىننەتلەنگەن بىر گۈلشەن
بىنا قىپتۇدەك، قەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا
سەندەلدىن ياسالغان بىر تەختنى قويۇپتۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ سۈرىتىمنى سىزىپ
ئولتۇرغۇزۇپتۇ. سەن كۆرگەندەك، مېنىڭ
بارلىق يۈرۈش - تۇرۇشۇم،ئولتۇرۇپ، - قوپۇ-
ھۇم، بىسات - سەرەمجانلىرىم، قەسىر-
ئىمارەتلىرىم ۋە ھەيۋەت ھەشەمەتلىرىمنى
تەسۋىرىي ھالدا ئىشلەپ چىقىپ، بارلىق
رىبۇ-زىننەتلىرىمنى نەقىشلەپ ياساپ، ئۇنى
ئىلمى سىمىيا ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈ-
رۈپتۇ. بۇ يەر قانداق بولسا، ئۇ يەردىمۇ
خۇددى شۇنداق ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپتۇ.
جىن پادىشاھى ئۇنى كۆرۈپ، ئىشقىمدا
خەستە بولغان كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزارمىش.
سەن ئۇ يەردىكى تىلسىماتقا بېرىپ، مې-
نىڭ سىيمىيا ئارقىلىق ھەرىكەتلەنگەن
سۈرىتىمنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولغا-
نىدىڭ. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، تەڭ-
رى سېنى مېنىڭ ۋىسالىمغا يەتكۈزدى.
مۇقبىل بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېي-
يىن، ئۇنىڭ كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەت-
كەندەك بولدى ئۇنىڭ كۆز ئالدى-
دا تۇرۇۋاتقان بارلىق مۈشكۈل ئىش-
لار كۆتۈرۈلۈپ، ئارام تاپتى. ئۇ گۈل يۈز-
لۈكنىڭ جامالىدىن شاد - خۇرام بولۇپ، كۆ-
ڭۈللىرى يايراپ كەتتى. ئۇلار ھەر كۈنى
سەندەل رەڭلىك لىباسلارنى كىيىپ، سەن-
دەل رەڭ قەسىردە ماكان تۇتۇپ، مۇراد
مەقسەدلىرىگە يېتىشتى. ئۇلارنىڭ تەختىرا-
ۋىنى خۇش بۇي سەندەل ياغىچىدىن ياسال-
دى. ئۆمرىنى خۇش خۇيلۇق ۋە تولىمۇ بەخ-
تىيارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ئىش-
لىرى ئەپسانە بولۇپ جاھانغا تاراپ كەتتى.
چۈنكى ھەر قانداق ئادەم سەندەل پۈرى-
قىدىن ئىپارغا ئېرىشسە ئۇنى يۈرۈشۈش
قىلىدۇ.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇ ھېكايە
سۆزلىگۈچى مۇساپىر ئەپسانىسىنى تۈگەتتى.
شاھ بەھراممۇ سەندەل ھىدلىرىنى تارات-
قۇچى تەخت ئۈستىدە ئۇيقۇغا كەتتى.

ئازىنە (جۈمە) كۈنى بەھرامنىڭ كاپۇر رەڭلىك ئاق لىباسلارنى كىيىپ،
كاپۇرسىمان قەسىرگە كەلگەنلىكى، ئۇ يەردىكى پەل چىشىدىن ياسالغان
ئاپئاق تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بىللۇر جامدا كاپۇر كەبى سۈزۈك ۋە
خۇش خۇي شارابلارنى سۈمۈرگەنلىكى، بۇنداق كاپۇرچىلىق ئىشلىرىدىن
شاھ بەھرامنىڭ ھىجران ئوتلىرى پەسىيىپ، ئۆزىنىڭ ئىپار ھىدلىق
كىيىمكىدىن خەۋەر تاپقانلىقى

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق - مۇھەب-
بەت ۋە مېھىر - شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ
مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى
ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر مۇنداق رى-
ۋايەت قىلىدۇ.

ئازىنە كۈنى سەھەرپەلەك قەسىرىنىڭ



ئىكىز راۋاقلىرىنى سۇبھى رەڭگىدە
ئاقارتتى. بۇ شوخ ئاسمان يۇلتۇز دانلىرى-
نۇن قىلىپ ئاغزىغا سالدى-دە، ئۆز يۈزىنى
نىمۇ ئاپئاق قىلىۋالدى. سۇبھى بىر چۆش-
كۈرۈش بىلەنلا ئاغزىدىن چىققان
نەپەسلىرىدە شەپەق ئوتلىرىنى سۈرۈپ،
تۈن توزانلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. بۇ سۇب-
ھى ئۆشتىگىرى پەلەكىنىڭ تونىغا قۇياش
سوپۇنىنى سۈرتۈپ يۇيۇپ چىقتى. بەھ-
رامنۇ سۇبھىسىمان ئاق تونلارنى كىيىپ
نۇرلۇق قۇياشتەك جىلۋىلەندى-دە، ئۆز نۇ-
رى بىلەن ئالەمنى يورۇتۇپ، كاپۇر رەڭلىك
قەسرگە يېتىپ كەلدى. ئۇيەردە چىن سە-

نىمىدەك بىر گۈزەل قىز
نەپىس ئاق لىباسلارنى كى-
يىپ، ئۆزىنى زىننەتلەپ،
شاھنىڭ يېنىدا، پىل چى-
شىدىن ياسالغان تەخت ئۈس-
تىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى.
ئۇلار ئىشرەت ئۈچۈن پۈ-
تۈنلەي ئاق ئەسلىھەلەرنى
كەلتۈرۈپ، بەزمە راست-
لىدى. بۇ بەزمىدىكى بارلىق
كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاق
كىيىم كىيدۈرۈلدى. بەزمە
باشلاندى. ئۇ گۈل يۈزلۈك
قىز كاپۇر رەڭلىك چىنە
قەدەھنى قولىغا ئېلىپ، سا-
قىي بولۇپ شاراب قۇيۇشقا
باشلىدى. بەزمە ئاخشامغىچە
داۋام قىلدى. شاھ بەھرام
بۈگۈن ھەر كۈندىكىدىن زى-
يادە ئىچىۋەتتى. كەچ كىر-
دى. قۇياش ئۆز نۇرىنى
ئالەمدىن يىغىشتۇردى. ئاس-
مان گۈمبىزى ئۈستىگە
چىقىپ كاپۇر چاچتى. شاھ
بەھرامنۇ ئۇيقۇ ھالاۋىتىنى كۆزلەپ، ئاق
ئۆي ئىچىگە ئورۇن سالدۇردى. بۈگۈن
ئەپسانە سۆزلەشكە شۇنداق بىر ناتىق كى-
شى تەكلىپ قىلىنغانىدىكى، ئۇ سۆزمەن-
لىكتە دەۋرنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۇ شاھقا
سالام بەرگەندىن كېيىن كۇرسىدا ئولتۇ-
رۇپ دۇئا-تىلاۋەت قىلدى، «ئەي تەڭرىم،
شاھنىڭ بۇ ئاق بارگاھىنى پۈتكۈل جا-
ھانغا پاناھ قىلغايسەن» دەپ دۇئانى ئاخىر-
لاشتۇردى. ئاندىن شاھ بەھرامغا:
— مېنىڭ سۆزلەيدىغىنىم ئۆزۈم كۆر-
گەن ئەپسانىلەردىن ئىبارەت، — دەپ،
ئەپسانىسىنى باشلىدى.

## يەتتىنچى ئىقلىم يولىدىن كەلتۈرۈلگەن ۋۇساپىرنىڭ ئەپسانىۋازلىقى

ئۇ رىۋايەتچى ئۆز ئەپسانىسىنى مۇنداق باشلىدى:

مەن خارەزىم شەھىرىدىنمەن. بۇ تەرەپكە ساياھەت سەپىرى بىلەن كېلىپ قالغانمەن. ئۆز يۇرتۇمدا ۋاقتىدا سازەندىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتىم. مۇزىكا ئىلمىنى مەنچىلىك بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ھەقىقىتىگە يەتكەن كىشى ئاز بولسا كېرەك. نۇرغۇن خالايىققا مۇزىكىدىن تەلىم بېرىپ، ئۇلارنى بۇ پەندە ئەلا دەرىجىگە يەتكۈزدۈم، بۇ جەھەتتە جاھان ئۇستازلىرى مېنىڭ شاگىرتلىرىم بولۇپ قالدى.

مەن خارەزىمدە شاگىرتلار بىلەن ئىدىم. تۇساتتىن ئەل ئىچىدە مۇنداق بىر مۇبارەك خەۋەر تارقالدى: خارەزىمگە بىر خىتاي سودىگىرى كېلەرمىش. ئۇنىڭ بىلەن بىر ھۆر سۈپەت كېنىزىكىمۇ بىللە ئىمىش. ئۇ سودىگەرنىڭ مال-مۈلكى دەريا، كانلاردىن، بەلكى ئەل قىلغان گۇمانلاردىنمۇ كۆپمىش. لېكىن ئۇنىڭ پۇل، مېلىدىن ئاشۇ ئاي يۈزلۈك كېنىزىكىنىڭ ھۆسىن-جامالى يۈز ھەسسە زىيادە ئىمىش. ئۇ كېنىزەك شۇنچە گۈزەل ھۆسىن-جامالغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە نەغمە-ناۋا ئىلمىدە تەڭداشسىزمىش» بۇ خەۋەر ئەلنى ئىنتىزار ۋە بىقارار قىلىۋەتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن سودىگەر خوجا يېتىپ كەلدى. خارەزىم شەھىرىنىڭ خەلقى خوجىنىڭ ئالدىغا ئىستىقبالغا چىقىشتى. خوجىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بايلىقى ۋە سودا ئەشيالىرىنىڭ ھېسابىنى قىياس قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ئەقىل-ئىدرىكى يەتمىدى. سودىگەر خوجىنىڭ مال-دۇنياسى ھەقىقەتەنمۇ دېگەندىن زىيادە ئىكەن. ئۇ كىشى شۇ قەدەر مالدار بولۇشتىن سىرت يەنە ئىنتايىن تەقۋادار زات ئىكەن. قارا رەڭلىك جايناماز ئۈستىدە خوجىنىڭ يۈزلىرى نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى خۇددى پەلەك ئىسپارى ئۈستىگە كاپۇر سەپكەندەك ھالەتنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ.

سودىگەر خوجا پەردە ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ئۇ كېنىزىكىنى ئۆز قىزىدەك كۆرىدىكەن. ئۇپەرىشتەسۈپەت قىزغا يەنە ئاي يۈزلۈك سەنەم مىلەردىن بىرنەچچىسى كېچە-كۈندۈز ھەمراھ ئىكەن. ئۇكېنىزەكنىڭ يۈزلىرى ھېمىشە پەردە ئىچىدە ئىكەن. ئۇنىڭ كاپۇر رەڭلىك چۈمپەردىسى گوياكى ئاي ۋە قۇياشنى يوشۇرۇپ تۇرغۇچى بۇلۇتقا ئوخشايدىكەن. ئۇ كېنىزەك بىلەن سودىگەر خوجا ۋە بارلىق مۇلازىملىرى خارەزىم شەھىرىنىڭ كەڭرى بىر سەيناسىغا چۈشۈپ بىر قانچە كۈن تۇردى. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇ يەردە نەغمە-ناۋا، بەزمە-مەشرەپ قىزىشقا باشلىدى. ئۇ كۈمۈش بەدەنلىك سەرۋى پەردە ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ساز بىلەن ناخشىنى تەڭكەش قىلىپ شۇنداق مۇڭلۇق سادا چىقىراتتىكى، ئۇ سادادىن خالايىقلارنىڭ جانلىرى تېنىدىن چىقىپ كېتىشكە تەلپۈنەتتى. كىشىلەر پەردە سىرتىدا ئىتتىرىشىپ، جېدەل قىلىشىپ، بۇ مۇڭلۇق ئاۋازلارنى ئاڭلايتتى. بىراق پەردە ئىچىدىكى ئەھۋالدىن بىخەۋەر ئىدى. پەردە ئىچىدىكى كېنىزەكنىڭ چىراي-تۇرقى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى ھېچكىمگە ئاشكارىلانمىدى. ئۇنى كۆرىمىز دېيىشكىمۇ ھېچ كىشىدە قۇدرەت ۋە جۈرئەت يوق ئىدى. ئۇ ئەتىسى

ـ ئاخشىمى مۇقام ياڭراتقىنىدا، خەلق بىخۇدلارچە پەرياد چېكىشەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى نەۋقىرانلارنى ناتىۋان قىلسا، ناتىۋانلارنىڭ جانلىرىغا قەست قىلاتتى. بۇ خۇشناۋادىن ھەر كۈنلۈكى بىر ئىككى ئادەم پىغان چەككىنىچە ھالاك بولۇپ تۇراتتى. خالايىق بۇ خەۋەرنى خارەزىم شاھىغا يەتكۈزۈشتى:

— بىر سودىگەر كېلىپ، بۇ يەردە پەلەك بىلەن بەسلىشىپ ئويۇن قىلغىلى تۇرۇپتۇ، — دېيىشتى ئۇلار پادىشاھقا.

پادىشاھ بىز خەۋەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن خوجىنىڭ ناھايىتى كاتتا كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، «ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار» دېيىشكە پېتىنالمىدى. پادىشاھقا ئىشىق غالىپ كەلگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ شاھلىق كىيىمىنى پەقىر-مىسكىنلەرنىڭ كىيىمىگە ئالماشتۇرۇپ، قىزنىڭ خۇشناۋاسىنى ئاڭلاۋاتقان خالايىق ئارىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئاشىق بىقارار بولۇپ يىقىلىپ قالدى. ئۇ قىزنىڭ ھۆسن-جامالىنى بىلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە ئايال كىشىنى پەردە ئىچىگە كىرىپ، كۆرۈپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئاياللار كىنىزەككە ھەمدەم بولغان بولۇپ ئەھۋال ئۇقۇشتى. ئۇلار قايتىپ چىققاندىن كېيىن، پەردە ئىچىدە يوشۇرۇنغان پەرىنىڭ ھۆسن-جامالىنىڭ چەكسىز گۈزەللىكىنى تەرىپلەشتى. پادىشاھ بۇ تەرىپ، تۆسۈپلەرنى ئاڭلاپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

ئەلقىسسە، شاھنىڭ بۇ ئاشىقلىق قىسسىسى شۇ قەدەر ئۇزۇنغا سوزۇلدىكى، ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. شاھ ئاخىر ئۇنىڭ ۋەسلىگە يېتىشنى خام خىيال قىلىپ، ئاياللاردىن بىر قانچىسىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا:

— مۇشۇ ئىشىمنى ئۇقۇشاڭلار، مۇرادىڭلارغا يەتكۈزەي، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئارىغا دەللاللىققا سالدى. شاھ ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ جۈپتى ۋە ۋە خوجىنىڭ پەرزەنتى بولۇشىنى ئىلتىماس قىلدى. لېكىن شاھنىڭ بۇ مەقسىتى ھاسىل بولمىدى. سودىگەر خوجا شاھنىڭ ئادەملىرىگە مۇنداق جاۋاب بەردى:

— پۇقراپەرۋەر بۇ شاھنىڭ مېنىڭدەك بىر قۇلنى بۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىززەتلىگەنلىكى بەئەينى قارا تۇپراقنى پەلەكتەك يۈكسەك بىلگەنلىكى، بىر زەررىچىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قۇياشتەك بۈيۈك، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىلگەنلىكىدۇر. پادىشاھنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ، يول ماڭدۇرۇشقا مېنىڭ ھەددىم ئەمەس ئىدى. بىراق شاھ مېنىڭ مەرتىۋەمنى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئېگىز كۆتۈرەي دېسىمۇ، تەلىيىم بولمىسا، بۇنىڭ پايدىسى يوق. بۇ تەرىپى شاھقىمۇ ئايان. دېمەكچىمەنكى، بۇ ئاي يۈزلۈك سەنەم ياتلىق بولۇشنى زادى ياقتۇرمايدۇ. ھېچقانداق كىشىگە جۈپ بولۇشنى قوبۇل قىلمايدۇ. قۇدرەتلىك تەڭرى ئۇنى ھۆسن-جامالدا يەككە-يېگانە، ئەمما جۈپ بولۇشتىن يىراق ۋە بىگانە قىلىپ يارىتىپتۇ. تەڭرى جاھاندا ئۇنىڭ ئۆمرىنى جۈپلۈك بىلەن ئەمەس، تاق ھالدا ئۆتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان ئوخشايدۇ. بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭمۇ ئىرادىسى ناھايىتى قاتتىق. شۇڭا ئۇنىڭ ئىختىيارىنى ھەر قانداق ھۆكۈمران پادىشاھمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرگە قايىل بولمى-
دى. ئارىدا نۇرغۇن تالاش-تارتىش ۋە
غۇلغۇلىلار بولدى. شاھ سودىگەر خوجىنى گاھ
تەھدىت بىلەن قورقۇتسا، گاھى مۇلايىم-
لىق شىرىن، چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ
قايىل قىلماقچى بولاتتى. سودىگەر زادى
ماقۇل بولغىلى ئۇنىمىدى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ
ئىشىق ئالدىدا يېڭىلىپ ھالاك بولىدىغانلى-
قىنى بىلدى. شۇڭا ئۇ غەزەپ ۋە زۇلۇم
قىلغۇچى تەبىئىتىنى ئاشكارا قىلدى. ئۇ
ئاي يۈزلۈك گۈزەلنى دەرھال ئېلىپ كې-
لىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بىر قانچە يا-
ساۋۇل شاھنىڭ پەرمانى بويىچە خوجىنىڭ
تۇرار جايىغا يېتىپ باردى-دە، ئۇ ھۆر-
نى مەپىسى بىلەن قوشۇپ شاھنىڭ سارىيىغا
ئېلىپ كەلدى. قەسىر ئىچىگە ئەكىرىپ،
شاھنىڭ مەخسۇس ھەرىمىگە ئورۇنلاشتۇر-
دى. شاھ ھەر خىل بۇزۇق خىياللارنى
قىلىپ، ئۇ سەنەم ئورۇنلاشقان ئۆيگە يې-
تىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن قىز
قولىغا سازىنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدى.
ئۇنىڭ مۇڭلۇق مۇقاملىرىنى ئاڭلىغان پادى-
شاھنىڭ پۇت-قوللىرى بەلكى پۈتۈن
بەدەنلىرى بوشىشىپ كەتتى.
ئۆزى تۇرغان ئورۇندىن قىمىر قىلالمىدى.
ئاندىن بارا-بارا ھالسىزلىنىپ يىقىلدى-
دە، ھوشىدىن كەتتى. شاھنىڭ باشقا نۆ-
كەرلىرىمۇ بۇ ئاۋاز قۇلىقىغا يېتىش بىلەنلا
ئۇيقۇسىراپ يىقىلدى. شاھ پۈتكۈل خەل-
قى بىلەن ئۇيغىنىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە
كۆزلىرىنى ئاچقىنىدا، ئوردا ئىچىدە نە مۇ-
قام ساداسى، نە مۇقامچىدىن ھېچ ئەسەر
يوق ئىدى. ئۇلار بۇ شوخ گۈلچېھرەنى
يەنە ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ ئاي يۈزلۈك
يەنە مۇقام باشلىغانىدى، ھەممىسى كۆزلىرى-
نى يۇمۇشقان ھالدا بىھوش بولۇپ يىقىل-

دى. ئۇ پەرى سۈپەت يەنە بەخىرامان
ھالدا ئۆز مەنزىلىگە بېرىپ، پاكلىق پەردىسى
ئىچىدە ئارام ئالدى. شاھ بۇ خىل جېدەلنى-
نەچچە قېتىم قىلىپ كۆردى. لېكىن ئۇ ئاي يۈز-
لۈك بۇنىڭ بەدىلىگە نەغمە-ناۋا بىلەن
جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇلارنى يىقىتتى. ئاخىر
پادىشاھقا ئۇ سەنەمنىڭ پاك ۋە قەيسەرلى-
لىكى تەسىر قىلىپ، ئۇ ئىشتىن كۆڭلىنى
ئۈردى. مۇلايىملىق بىلەن خوجىنىڭ ئال-
دىغا بېرىپ، يۈزلەرچە تەكەللۇپلار بىلەن
ئۆزرە ئېيتىپ، كەچۈرۈم سورىدى. بەزمە
تۈزۈپ، شاراپ تۇتۇپ خوجىنى «ئۆز ئاتام»
دەپ، ئۆزىنىڭ قولىقىنى تۇتتى. ئۇ ئاي پەردىگىمۇ
پەردە سىرتىدا تۇرۇپ، كەمتەرلىك ئىز-
ھار قىلغان ھالدا، يەرنى سۆيۈپ، ئەپۇ
سورىدى. چەكسىز مېھرى-مۇھەببەتلەرنى
ئىزھار قىلىپ، خوجىنى ئاتا تۇتتى. قىزنى
«سىڭلىم» دەپ، ھېسابسىز ئىلتىپات ۋە
چەكسىز ئېتىقادلارنى نامايىش قىلدى. ئۇ
پەرى پادىشاھتىن خاتىرجەم بولغاندىن
كېيىن، شۇ دىياردا ئورۇنلاشتى. سودىگەر
خوجا ئۇ يەردە جەننەت كەبى بىر باغچا
ياساپ، ئۇنى زىننەتلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە
راۋاقلىرى پەلەكتەك يۈكسەك
بىر بۈيۈك قەسىر ياسىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە
ئۇ بەخت-سائادەت يۇلتۇزىنىڭ تائەت-
ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن بىر ھۇجرا
ياساپ بەردى. ئاي گۈزەل شۇ ھۇج-
را ئىچىدە ھەر كۈنى تاڭ ئاتقۇچە يىغ-
لاپ، تەڭرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ مۇناجات
قىلاتتى. لېكىن بۇ ئەھۋالنى ھېچ كىشىگە
بىلدۈرمەيتتى، باشقىلارمۇ زادى بىلەلمەيت-
تى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا يەنە سازىنى قول-
غا ئېلىپ، ئىشتىياق قوزغاتقۇچى ۋە جۇ-
دالىقنى ئەسلەتكۈچى مۇڭلۇق ئاۋازلىرى

بىلەن ناۋا قىلاتتى. كىشىلەر بۇ سادالارنى
ئاڭلاپ، توختىماستىن زار-زار يىغلايتت-
تى. ئۇنىڭ خۇش ناۋاسى بىلەن تاشتەك
كۆڭۈللەرمۇ ئېرىپ، شامدەك كۆيەتتى.
كۈندۈز كەچ بولۇش بىلەنلا ئۇ ھۆر يەنە
تائەتكە يۈزلىنىپ، ئىستىقامەت قىلاتتى.
پەردە سىرتىدىكىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى
ئاھ چېكىش ۋە نالە-پىغان قىلىشتىن
ئىبارەت ئىدى. پادىشاھمۇ توپا-تۇپراق
بولغان ھالدا ئۇلار ئارىسىدىن ئورۇن ئال-
غانىدى. شاھ بۇ غارايىپ نەغمە-ناۋالارنى
ئاڭلىغىنىدا، ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئەقىل-
ھوشىدىن پۈتۈنلەي بىگانە بولاتتى. سودى-
گەر خوجا ھەركۈنلۈكى مېھماندارچىلىق
داستىخانلىرىنى ئېچىپ، يۈزلىگەن تەكەل-
لۇپلار بىلەن، مەردلىك ۋە ساخاۋەتلەرنى
ئىزھار قىلىپ، شاھنى كاتتا-كاتتا زىيا-
پەتلەر بىلەن ئۇزىتىپ تۇراتتى. شاھ بىلەن
كېنىزەكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاجايىپ
پەرزەنت، خوجىنىڭ دەسمايىسىگە شۇ
يوسۇندا نۇقسان يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

مەنمۇ ئاشۇ شەھەرنىڭ نەغمىچىسى
ئىدىم. بەزمىلەردە نەغمە-ناۋا قىلاتتىم.
مەئىشەتلىرىم ۋە تىرىكچىلىكىم ساز چېلىش،
نەغمە-ناۋا قىلىش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ
ئاي يۈزلۈك پەرىنىڭ نەغمە ساداسى ئاش-
كارا بولۇش بىلەنلا، مېنىڭ ھېچ ئېتىبا-
رىم قالمىدى. پادىشاھ باشلىق ھەممە
خالايىقنىڭ ماڭا بولغان ئىلتىپات رىشتى-
لىرى ئۈزۈلدى. تىرىكچىلىكىم ۋە تاپاۋى-
تىم قىيىنلاشتى. خۇسۇسەن نەغمە-ناۋا
ئىشلىرىم بىردىنلا توختاپ قالدى. ئاخىر
مەن ئۆز ئىشىمغا شۇنداق ئىلاج قىلدىم-
كى، كاپۇرنى جېنىمنىڭ بارىچە ئىشتىمال
قىلىپ، ئۆزۈمدىن ئەرلىك ھارارىتىنى
يوق قىلدىم. ئاندىن خوجىنىڭ دەرگاھىغا
قەدەم قويدۇم. خوجا ئۇ مەھۋەشنىڭ ھەر-
مىگە كىرىپ ئولتۇرۇشى بىلەنلا، يىراقتىن
پەرياد قىلدىم. خوجا مېنى چاقىرىپ:

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق نالە-پەر-
ياد چېكىسەن، ساڭا كىمدىن زۇلۇم يەت-
تى؟ — دەپ سورىدى.

خوجىنىڭ ئۇ ھۆر سۈپەت قىزىمۇ
يېنىدا ئولتۇرغان ئىكەن. مەن ئۇلارغا
جاۋاب بېرىپ:

— ماڭا بۇ زۇلۇم سەندىن ۋە سېنىڭ
قىزىڭدىن يەتتى، — دېدىم.

— ھەي جاپاكەش بىچارە، — دېدى
ئۇلار تەڭلا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — بىزگە
تۆھمەت قىلمىغىن. بىزنىڭ ئۆرپ-ئادى-
تىمىزدە ھېچقانداق كىشىگە زۇلۇم قىلىش
يوق. سەن يېڭىلىشىپ، بىزنى باشقا كىشى-
لەرگە ئوخشىتىپ، خاتا گۇمان قىلغان
ئوخشايسەن.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدىم مەن، —
ئىككىڭلارنىڭ قىلغان، ئەتكەنلىرىنى بىر-
بىرلەپ بايان قىلىپ، ئاندىن سۆزۈمنى ئا-
خىرلاشتۇرىمەن. ئەگەر ئىنساپ بىلەن قا-
يىل بولساڭلار، مېنىڭ ئىشىمغا چارە قى-
لىڭلار. ئەگەردە ئېيتقانلىرىم يالغان بو-
لۇپ قالسا، سۆزۈمنى رەت قىلىڭلار.

ئۇلار:

— ئېيتقىن، — دېدى.

مەن دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا،
ئۆز ئەھۋالىمنى ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي
بايان قىلدىم. خوجا ۋە ئۇنىڭ لالە يۈز-
لۈك قىزى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سۆزۈمگە
قايىل بولدى. مەن سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇ-
رۇپ، ئۆزۈمنىڭ مۇراد-مەقسىتىمنى مۇنداق
ئىزھار قىلدىم:

— مەن تاكى ھايات بولساملا، سىلەرنىڭ دەرگاھىڭلاردىن بېشىمنى كۆتەرمەي خىزمەت قىلىپ، كۈنۈمنى ئالسام دەيمەن. چۈنكى مېنىڭ نەغمە - ناۋادىن باشقا ئىشىم يوق. بۇنىڭدىن باشقا ئىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مېنىڭ روھىمنىڭ قۇۋۋىتى مۇشۇ ھۆر سۈپەت قىزنىڭ ئاۋازىدۇر. يەنە شۇنىسىمۇ ھەۋەس قىلىمەنكى، مەن نەغمە ئىلمىدىن تەلىم ئېلىپ، بۇ ھۆرنىڭ كارامەت كۆرسەتكۈچى ھۈنەرلىرىدىن مىسقىدىن بىرىنى بولسىمۇ ئۆگەنسەم دەيمەن. ئەگەر ئۆمرۈم نۇھنىڭ ئۆمرىدەك ئۇزۇن بولغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ ئاجىزلىقىم بىلەن مۇزىكىغا ئائىت خىزمەتلىرىڭلاردا ئىمكان قەدەر ئاجىز كەلمەيمەن. چۈنكى مەن بۇ ھۈنەردە مۇشۇ پەرىشتىدىن ئۆزگە ھېچكىمگە شاگىرت ئەمەسمەن. بۇ يۇرتتا مۇزىكا ئىلمىنى پۇختا ئىگىلەپ، كامىل ۋە مۇكەممەل بولغانلىقى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئادەتتىكى شاگىرتلىرىم ئىدى. ئەپلاتۇندەك بۈيۈك ۋە ماھىر نەغمىچىلەرمۇ مېنىڭ قېشىمدا ناھايىتى ئاجىز ئىدى. بىراق ئەمدى سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئاشكارا بولۇش بىلەنلا مېنىڭ تىلىم تۇتۇلدى. چۈنكى ھەر قېتىم سىلەرنىڭ نەغمەڭلەر ناۋاغا كېلىش بىلەنلا، خەلق جان بېرىشىۋەكتە. بۇنداق تەسىرلىك ئاۋاز بىلەن ساز ئالدىدا مېنىڭ ئىشىم تولىمۇ لاياقەتسىزدۇر.

ئۇلار مېنىڭ شۇ قەدەر ئاجىزلىقىم ۋە خارلىقىمنى كۆرۈپ، كۆڭۈللىرىگە نالە - زارىم تەسىر قىلدى. مۇلايىملىق بىلەن كۆڭلۈمگە تەسكىن بېرىپ، ئەھۋالىمغا چارە قىلماقچى بولدى.

— بىزگە يارۇ - بۇرادەر ھەم غەمگۈزار بولساڭغۇ، — دېدى خوجا ئوي - خىيالغا پاتقان ھالدا، — سېنى يېمەك - ئىچمەك ھەم بارلىق خەرج - خىراجەتتىن غەمسىز قىلىمىز. لېكىن بىر مۇشكۈل ئىش بار. بۇ مۇشكۈلچىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سەن بۇ گۈل يۈزلۈك سەرۋىنىڭ يېنىدا بىرگە تۇرۇپ، خىزمىتىنى قىلالمايسەن. چۈنكى سەن ئۇنىڭغا نامەھرەمسەن.

مەن جوجىنىڭ بۇ ئۆزرىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بايان قىلدىم:

— بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولغايسىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — نەغمە - ناۋا ئۆگىنىشنىڭ ئۈمىدىدە ئۆزۈمنى ئەيىبناك قىلدىم. ئۆزۈمدىن ئەرلىكنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم. مەن ئەمدى ئەر ئەمەس بولدۇم. شۇنى بىلگەيسىزكى، مەن كاپۇر يەپ، ئۆزۈمدىن ئەركەكلىك ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى يىراق قىلدىم. چۈنكى بۇ پاك ھۆرنىڭ پەردىلىرىمۇ كاپۇر رەڭگىدىدۇر. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ پەردىسى بىلەن بىر خىل رەڭدە قىلىپ، ئاندىن بۇ يەرگە كەلدىم. شۇڭا مېنى نامەھرەم بىلمەستىن، بەلكى مەھرەم بىلگەيسىلەر. بۇ پەردىنى مەندىن يىراق قىلغايسىلەر. مەن سىزلەرنىڭ ئاددىي چاكىرىڭلار بولاي، مېنىڭ ئىسمىمۇ بۈگۈندىن باشلاپ كاپۇر بولسۇن.

بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سودىگەر خوجا بىلەن ئاي يۈزلۈك سەرۋى ھەيرانۇ - ھەس قالدى. ئۇلار تومۇرۇمنى تۇتۇپ، تىڭشاپ باققاندى، ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست ئىكەنلىكى ئايان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ماڭا ۋە مېنىڭ بۇ ئىشىمغا ئىچىنىپ بىر پەس بىئارام بولۇشتى. ئاخىر ئىككىلىسى

چەكسىز ئىلتىپات ۋە ھېسابسىز خۇش خۇيلۇق بىلەن مېنى خىزمەتكارلىققا قوبۇل قىلىشتى. خىزمەت دېگەننى شۇنداق قىلدىمكى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتۈم. گاھ پەردە سىرتىدا خوجىغا ھەمدەم بولسام، گاھى پەردە ئىچىدە ئۇ ئاي يۈزلۈككە مەھرەم بولاتتىم. ھەر بىر قىلغان ئىشلىرىم ئۈچۈن ماڭا ئۇلاردىن كۆپ ئىلتىپات ۋە شەپقەتلەر يېتەتتى.

ئۇ ئاي يۈزلۈك نەغمە تۈزگەندە مېنى ھەيرانلىق باساتتى. چۈنكى ئۇ سازغا تەڭكەش قىلىپ، جانلارنى لەرزىگە سالغۇچى مۇڭلۇق بېيىتلارنى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ناخشىلىرى پۈتۈنلەي ھىجران ئازابلىرى، جۇدالىق كۈلپەتلىرى بىلەن تولغانىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىۋېتىپ، يەنە ئاشىقلارچە نالە - پىغانلار چېكەتتى. مەن بۇنى خىلۋەت پەردە ئىچىدە ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئۇ يوشۇرۇن ھالدا يىغلايتتى. قانداقتۇر بىر غەم - ھەسرەت بىلەن ناھايىتى كۆپ بىئارام بولاتتى. پەردە ئىچىدە ئۇنىڭغا مەندىن باشقا ھەمراھ يوق ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئىشنى خىيال قىلسا، مەندىن سورايتتى. بىلگىنىمچە راستى بىلەن جاۋاب بېرەتتىم. كېچىلەردە ئۇيقۇسى كەلمىسە ماڭا:

— ئەپسانە ئېيتىپ بەرگىن، — دەيتتى.

ھەمىشە جۇدالىق ۋە ھىجران قىسمەتلىرىدىن ئەپسانە سۆزلەيتتىم. بۇنداق ئەپسانىلەرنى ئاڭلىغىنىدا ئۇ جاھاننىڭ يېگانىسى يىغىدىن ئۆزىنى تۇتالماس ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزىتىپ، دىققەت بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ باقتىم. بىلدىمكى، ئۇ بىر پەرى سۈپەت يىگىت ئۈچۈن غەمگە چۆكۈپ، مەجنۇنلۇق قىلاۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە ھىجران تىكەنلىرى قادالغىنىدا نەغمە ئاۋازى بىلەن ئۇنى سىرتىغا چىقىراتتى. كېچە ياكى كۈندۈزى بىرەر دەم نەغمە ئاۋازلىرىنى چىقارمىسا، ئىچىدىكى ئىشق يانغىنلىرى جىسمىنى ئۆرتەيتتى. بۇ خىل ھالىتىنى كۆرگىنىمدە، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭغا كۆپ تەرەپتىن سۆزلەيتتىم ۋە تەسەللىيلەرنى قىلاتتىم. ھەر خىل، ھەر قىسمىدىكى ياخشى - يامان ئىشلارنى بايان قىلىپ، ئۇنى ئۆزۈمگە رام قىلاتتىم، تەبىئىتىگە ئارام بېرەتتىم.

بىر كۈنى ئاشۇ خىل ھالەتتە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— ھەي ئاي يۈزلۈك پەرى، ئۇلۇغ تەڭرى سېنى ھەمىشە خۇشال تۇتسۇن. خاتىرىڭ غەم - قايغۇدىن يىراق، راھىتىڭ ھەردەمقىدىن ياخشىراق بولسۇن. بىر مۈشكۈل ئىشىم بار ئىدى، سەندىن سوراي دېگەنىدىم، — دېدىم.

— سورىغىن، — دېدى ئۇ ماڭا.

مەن دەرھال سۆزۈمنى باشلىدىم:

— نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى مەن ساڭا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. مەن ھەمىشە گاھ خۇشال، گاھى مالال بولغان ھالدا، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن. كۆڭلۈمنى ھەر تەرەپكە يۈگۈرتۈپ باقتىم. مەلۇم بولدىكى، سېنىڭ بىر مەخپىي غېمىڭ بار. ئۇ غەمدىن جېنىڭغا تىكەنلەر سانجىلماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى بىر كىشىنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتىدىن ئىبارەت. سەن ئېھتىمال ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قاپسەن. ئۇنىڭ پۇرقىتىدىن غەمگە پېتىپسەن، ھىجران جاراھەتلىرىگە گىرىپتار بولۇپسەن.

ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرى جېنىڭغا پاتقانلىقتىن، ھەمىشە غەمكىن يۈرۈشنى ئۆزۈڭگە دەستۇر قىلىۋاپسەن. شۇ سەۋەبتىن ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن كۆپ مەشغۇل بولسەن. نەغمە باھانىسى بىلەن نالە ـ زار قىلىپ، ئىچكى دەردلىرىڭنى بايان قىلسەن. خەستە كۆڭلۈڭنى شۇ ئارقىلىق غەم ـ قايغۇدىن خالى قىلماقچى بولسەن. بۇ غەم ـ ئەلەملىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ، سىرىڭنى ئاشكارا قىلساڭ، مەن ئۇنى ئۆمرۈم بويى ھېچقانداق كىشىگە ئېيتماس ئىدىم. بىراق بۇ دەردلىرىڭگە داۋا ئىزدەپ، ھاجىتىڭنى راۋا قىلسام ئەجەب ئەمەس ئىدى.

ئۇ گۈل يۈزلۈك سەنەم بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەم ئوي ـ خىيالغا چۆككەن ھالدا جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بىرھازادىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ، سۆز ئۈنچىلىرىنى چاچتى.

— سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭ، — دېدى ئۇ ماڭا جاۋابەن، — ھەقىقەتتىن يىراق ئەمەس. راست سۆزلىمەكتىن باشقا گەپ ياخشى ئەمەس. ساڭا مەلۇم بولغان ئىشلىرىمنى سۆزلەپ يۈرۈش ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن نامۇۋاپىق، سېنىڭ سىرىمنى قىزىقىمۇ نالايىق ئىشتۇر. چۈنكى بۇنى ئاڭلاشتىن ساڭا ھېچبىر پايدا يوق، ئەمما، بۇ ئىشتىن ماڭا يۈز مىڭلىغان بالا ـ قازالارنىڭ يۈزلىنىش ئېھتىمالى بار. ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى كۆڭلۈڭ تويغان ئىكەن، ئۇنى يەنە سوراپ يۈرۈشۈڭ ھاجەتسىز ئىدى. خەيرىيەت، سوراپ قالدىڭ. ئەمدى سەن مېنىڭ بۇ سىرلىرىمنى بىلمەكچى بولساڭ، ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلغىن. ياكى بۇ سىرنى ئېنىقلاشتىن ۋاز كەچكىن، ياكى بولمىسا، بۇ سىرنى بىلىش بىلەنلا، بۇ يەردىن كەتكىن، بۇ دىياردا ياق، بەلكى بۇ مەملىكەتنىڭ قارىسى كۆرۈنىدىغان يەردىمۇ تۇرمىغىن.

بۇ سۆزلەردىن ماڭا قورقۇنچ، ۋەھىمە پەيدا بولدى. جېنىمنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن قالدىم. بىر نەچچە كۈنگىچە غەمگە چۆكۈپ يۈردۈم، كۆڭلۈم ھېچ ئارامغا چۈشمەيۋاتاتتى. كۆڭلۈمنى غەم ـ ئەندىشە، مېڭەمنى خىيال ۋە چىگىش ئوي ـ پىكىرلەر قاپلاپ كەتتى. سەۋىر تاقىتىم پۈتۈپ، بەلكى ئىختىيارىممۇ قولۇمدىن كەتتى. ئاخىر خىلۋەتتە پۇرسەت تېپىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا يەنە شۇ ماجىرانى باشلىدىم:

— مەن مۇشۇ پىكىر ـ خىيال بىلەن سەۋدايى بولۇپ قالدىم. ئەمدى ماڭا شەپقەت قىلىپ سىرىڭنى ئېيتقىن، ئاندىن قەيەرگە دېسەڭ، شۇ تەرەپكە بېشىمنى ئېلىپ كېتىمەن، — دېدىم.

ئەلقىسسە، ئۇ ئاي يۈزلۈك پەرى سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئاجايىپ ئىش، سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ بالايىئاپەت تىلەۋاتىسەن. ئۇنداق بولسا، ماڭا بۇ شەھەردە تۇرماسلىققا ۋەدە بەرگىن، بېشىڭنى ئېلىپ كېتىشكە قەسەميات قىلغىن، — دېدى.

مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، بۇيرۇغىنى بويىچە ۋەدە بەردىم. ئۇ گۈل چېھرەنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە قالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەپسانىسىنى باشلىدى:

— مېنىڭ غەمكىنلىكىمنى بىلدىڭ. بۇ غەمنى سورىساڭ، بۇ ۋەقەنى باشتىن باشلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلمىسام، سىر تولۇق يېشىلمەيدۇ.



ئاڭلىغىنىمكى، مېنىڭ ئەسلى يۇرتۇم چىن
مەملىكىتى ئىدى. نەچچە مۇددەت
ئۇ يەردە ئۆمرۈم خاتىرجەم ئۆتكەندى.
تەگرىنىڭ تەقدىرى بىلەن چىن ئېلىدە
ئىككى خان بىر - بىرىگە لەشكەر تارتىشىپ،
ئۇرۇش قىلدى. شۇ قالايمىقانچىلىق تۈپەيـ
لىدىن بالىلىق مەزگىلىمدە بىرسىنىڭ
قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم. ئۇ كىشى
مېنى سېتىش قارارىغا كەلدى. شۇ چاغدا
مۇشۇ سودىگەر خوجا ماڭا خېرىدار بولۇپ، سېـ
تىۋالدى. شۇندىن باشلاپ مەن ئۇنىڭ
چۆرىسى بولدۇم. گەرچە ئۇ مېنى قانچە
ئەزىزلىسىمۇ، بىراق مەن ئۇنىڭ يەنىلا

سېتىۋالغان كېنىزىكى ئىـ
دىم. خوجىنىڭ پەرزەنتى
بولمىغاچقا، مېنى «قىزىم»
دەپ، ئورنۇمنى ئۆستۈرۈپ
قوياتتى. لېكىن مەن يەنە
مۇڭلۇق ئاۋازىم بىلەن ناخـ
شا ئېيتىپ، مۇقام توۋلايـ
تتىم. خوجا بۇنى بىلىپ،
مۇزىكا ئىلمىگە ماھىر بىرـ
قانچە ھۆكۈمانى چاقىرتىپ
كەلدى. نەغمە - ناۋانىڭ
پۈتكۈل ماھارەتلىرى ئۇـ
لاردىن تولۇق نامايەن بوـ
لۇپ تۇراتتى. خوجا ئۇلارـ
نى ئۆيگە ئېلىپ كەلگەنـ
دىن كېيىن ناھايىتى
كۆپ ئىززەت - ئىكراملارنى
قىلىپ، نۇرغۇن ياخشىلىق
ۋە ساخاۋەتلەرنى كۆرسەتـ
تى ئۇلار كېچە - كۈندۈزـ
تىرىشچانلىق كۆرسىـ
تىپ ماڭا ئۆگىتىشكە
كىرىشتى. مۇزىكا ئىلمى
ئاخىرى مېنىڭ كەسپىمگە ئايلاندى. بۇ
جەھەتتە مەندە كامالەت ھاسىل بولدى.
ناخشا - مۇزىكىغا شۇقەدەر ماھىر بولدۇمكى،
خالايىقنى گاھ كۈلدۈرۈپ، گاھ يىغلىتاتتىم.
ئاۋازىمنىڭ ئەكس سادالىرى جاھانـ
دا، بەلكى ئاسمانلاردا ياڭرايتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بىقىياس ۋە چەكسىز گۈزەل
ھۆسن - جامالىم نامايان بولۇشقا باشلىدى.
شۇ سەۋەبتىن شۆھرەت ئۈستىگە شۆھرەت
قازىنىپ كەتتىم. بارچە ئەمەلدارلار ۋە
ھەشەمەتلىك ئۇلۇغ كىشىلەر: «پالان سوـ
دىگەر خوجىنىڭ ھۆسن - جامالدا ۋە ناخشاـ

مۇزىكىدا تەڭدىشى يوق بىر كېنىزەك
كى بار ئىكەن» دېگەن خەۋەرلەرنى ئاڭ
لاشتى. ئۇلار مال ـ دۇنيا ۋە خەزىنىلىرىنى
تۆكۈپ، مېنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن خېرىد
دار بولۇشتى. خوجا مېنى «پەرزەنتىم»
دەپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن كېنىزەك
قاتارىدا خېرىدارغا سالماقتا ئىدى. ئۇ خې
رىدارلار كۆپەيگەنسېرى كۆرگەنسېرى
بازىرىمنى ۋە نەرقىمنى ئۆستۈرۋەردى.
شۇنداق قىلىپ چىن مەملىكىتىگە بىر غوغا
چۈشتى. ھەر كىشىنىڭ بېشىدا بىر ئىشق
سوداسى پەيدا بولدى.

ئەلقىسسە، چىن مەملىكىتىدە بىر
ئاجايىپ نەققاش بار ئىدى. ئۇ خۇددى
تەقدىر نەققاشىدەك پۈتكۈل جاھانغا مەش
ھۇر ئىدى. رەسىم سىزىشتا ھېچ كىشى
ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى
مانى دېيىشەتتى. ئۇ كىشى مېنىڭ رەس
مىمنى سىزىۋېلىپ، سەپەرگە چىقىپتۇ. ئان
دىن ئۇ تەسۋىرىي سۈرىتىمنى بىر شاھەن
شاھقا كۆرسىتىپتۇ. پۈتكۈل جاھان مەم
لىكەتلىرىنىڭ شاھلىرى ئۇ پادىشاھنىڭ دەر
گاھىدا چاكارلاردەك تۇرۇشاتتى. ئۇ شاھ
سۈرىتىمنى كۆرۈپ ماڭا مايىل، بەلكى
شەيدا بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قان
چە دىيانەتلىك كىشىنى تېپىپ، چىن مەم
لىكىتىگە ئەۋەتتى. ئۇلار مەندەك بىر
ئاددىي كېنىزەكنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن
چۇقان ـ سۈرەن سېلىشتى. كەلگەن ئەلچى
لەر خوجىنىڭ مىجەزىگە قاراپ تۇرۇپ،
نەرخىمنى چىن مەملىكىتىنىڭ نەچچە يىل
لىق باج ـ خىراجىتىگە توختىتىپ، ئۇنى
خوجىغا تاپشۇردى. ئاندىن مېنى ئېلىپ،
خۇشال ھالدا قايتىشتى. ئۇلار ئىككى كۈن
ماڭىدىغان مەنزىللەرنى بىر كۈندە بېسىپ،

ئاخىرى مېنى شاھەنشاھنىڭ ھۇزۇرىغا
يەتكۈزدى. بۇ خۇددى ئۈنچىنىڭ دەرياغا،
زەررىچىنىڭ قۇياشقا قوشۇلغىنىدەك ئىش
بولدى. شاھ مېنى ئېلىپ كەلگەن كىشى
لەرنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈپ، ئالەم ئەھ
لى ئارىسىدا ھېچ نېمىدىن ھاجەت قىل
دى. مېنى جەننەت ھۇجرىسىدەك ئالىي
بىر ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ماڭا شۇ
قەدەر مېھرىبان بولدىكى، مەنسىز ئۇنىڭ
غا يورۇق ئالەم قاراڭغۇ بولۇپ تۇيۇلاتتى.
بۇ جامالىم ئۇنىڭ ئۆمۈر ـ مېۋىسى ئىدى.
ۋىسالىمدىن مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەتتى.
لېكىن ئۇنىڭ تەبىئىتى شىكار ۋە ئىشرەت
قىلىش بىلەن سەھرا ۋە لالىزارلاردا سەي
لە قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى. تاغۇ ـ دەشتلەر
دە ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، قۇلۇنلارنىڭ
بوينىغا سىرتماق سالاتتى. ئوۋ ھايۋانلىرى
قەيەردە يولۇقسا، شۇ يەردىلا ئۇنى لالە
رەڭگىدە قىلاتتى، شىكار قىلىش ئارقىلىق
ئۇلارنىڭ قېنىدىن يەر يۈزىنى لالىزارغا
ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. لالىزارلاردا شىكار كا
ۋاپلىرىنى تەييار قىلىپ، بەزمە تۈزۈپ، لالە
رەڭلىك شارابلارنى ئىچەتتى. شاھ خاھ سەھ
رادا بولسۇن، خاھى شەھەر ئىچىدە بولسۇن،
مەن بولمىسام، بىر پەسمۇ ئارام ئالمايتتى،
خاتىرجەم بولمايتتى. مەن ھەمراھ بولمى
سام، ھېچ يەرگە چىقمايتتى، ناۋا قىلمى
سام، بىر جام شارابمۇ ئىچمەيتتى. قەيەردە
نەغمە قىلسام، ئۇنىڭ ئادىتى ئاھ چېكىپ،
جان پىدا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. دەشت
لەردە سەيلە قىلغاندا بولسۇن ياكى شەھەردە
خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ، ئارام ئالغان چاغدا
بولسۇن، جامالىمدىن بىردەممۇ كۆزىنى
ئۈزمەيتتى، ۋىسالىمدىن بىر نەپەسمۇ ئاي
رىلمايتتى. ئاقىۋەتتە ئۇ شەھەنشاھ مېنىڭ

ئىشقىمدا شۇ قەدەر مەغلۇپ بولدىكى، ئۇنىڭ ھاياتلىقتا مەندىن ئۆزگە ھېچ نەرسىگە تەلىپى يوق ئىدى. ئىش شۇ دەرىگە بېرىپ يەتتىكى، بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە دۆلەت چوڭلىرى شاھتىن ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى شاھنىڭ ئۇلار بىلەن چاتىغى بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمىدى. كېچە - كۈندۈز مەن بىلەنلا بولۇپ، باشقا ئىشلاردىن كەچتى. شاھ ماڭا قانچىلىك مايىل بولغان بولسا، مېنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۈمۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك مايىل ئىدى. ئۇنىڭ ۋەسلىنى ئىستەي دېسەم غۇرۇر سەۋەبىدىن ئىختىيارىم يوق، لېكىن ھىجرانىدا بولسا بىر نەپەس تۇرۇشقىمۇ سەۋر قارارىم يوق ئىدى. جىسمىمدا ئىشتىياق ئوتلىرى شۇ قەدەر تېز ئۇلغايدىكى، ئۇنىڭ شولىسى پەلەككە يەتتى. شاھتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىلتىپاتلارنى كۆرۈۋەرگەنسېرى، مەن بەختى قارا، پېشانەم تەتۈر كېنىزەك مەغرۇرلىنىپ كەتتىم. شاھنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىللىقىنى، مېھرىبانلىقلىرىنى كۆرۈپ، ھەپسىلەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئۇنى سىڭدۈرەلمىدىم. ھەرقانداق سۆزنى قىلسام، بىلمەسلىكتىن بىھۇدە گەپلەرنى قىلاتتىم.

بىر كۈنى مۇنداق ۋەقە يۈز بەردى. مەن شاھ بىلەن شىكاردا ھەمراھ ئىدىم. شاھ مەيپەرەسلىكتىن مەست ئىدى. مەن مەغرۇرلۇق، ئۆز بېشىمچىلىقتىن مەست ئىدىم. شاھ شۇ چاغدا چېپىپ كېتىۋاتقان بىر كىيىكنى كۆرسىتىپ، سول قولىغا يايىنى، ئوڭ قولىغا ئوقىنى ئېلىپ تۇرۇپ: «مەن ھازىر ئاشۇ كىيىك تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئۈزىمەن. ئۇنى قانداق ئۆلتۈر دېسەڭ، شۇنداق ئۆلتۈرىمەن» دېدى. مەن: «بىر ئوق بىلەن ئۇنىڭ قولىغا ئىشكەل سېلىپ، يەنە بىر ئوق بىلەن ھالاللاپ بوغۇزلىغىن» دېدىم. شاھنىڭ پاك خاتىرى بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاش بىلەنلا جۇشىنىپ، ئۇ كىيىكنىڭ ئىككى قولىنى بىر ئوق بىلەنلا تىكىپ ئىشكەل سالدى. ئاندىن تەگبىر ئېيتىپ، دەرھال يەنە ئوق ئېتىپ بوغۇزلىدى. شۇنداق ئاجايىپ ئىش قىلدىكى، ئۇنداق قىلىش ھېچقانداق ئادەمزاتنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ كارامىتى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىراق پادىشاھ ماڭا: «دېگىنىڭدەك قىلدىممۇ؟» دېگەندە، مەن تەلۋە بەختىم قارىلىقتىن، ئەقلىمدىن ئادىشىپ، جاھىللىق تەرىپىگە يۈزلىنىپتىمەن. تەن بەرمەستىن بىھۇدە ۋە بىمەنە مازاق گەپلەرنى قىلىپ، ئالجىپتىمەن. ئەگەر شاھ رەھىم قىلمىغان بولسا، مېنى شۇ يەردە يۈز پارە قىلىپ، ئۆزۈمنى بىلمەستىن بىلجىرلىغىنىمغا سازايى قىلغان بولاتتى. لېكىن يۈز خاتىرەمنى قىلىپ، ماڭا قەھرى - غەزەپ تىغىنى تەۋرەتمىدى. مەندەك كەم ئەقىلنى ئۆلتۈرمەستىن، بەلكى باغلاتقۇزۇپ «قازاسى يەتكەن بولسا، شۇ يەردە ئۆلۈپ قالسۇن» دەپ، بىر باياۋانغا تاشلاتقۇزۇۋەتتى. ئاندىن قەھرى - غەزەپ ۋە مەستلىك ھالىتىدىلا شەھەر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن ئاشۇ دەشتى - باياۋاندا قول - پۇتۇم باغلاق ھالدا قېپقالدىم. شۇ تەرىقىدە ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ سودىگەر خوجا مېنى ئاۋۋال «پەرزەنتىم» دەپ، كېيىن مېھرىنى ئۈزۈپ، خىتاي مەملىكىتىدە ساتقانىدى. مەن ئۇ دىياردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خوجا مېنىڭ پىراقىمدا بىقارار بولۇپ، ئىشتىياقىمدا كۆڭلى پەرىشانلىقتا قاپتۇ. شۇڭا ئۇ

مېنى كۆرۈش ئۈچۈن خىتاي دىيارىدىن يولغا چىقىپتۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇساللىقىدىن ئاشۇ دەشت ئىچىدە باغلىنىپ ياتقان كۈنى بۇ ئاتام شۇ دەشتتىن ئىككى مەنزىل يىراقلىقتىكى بىر جايغا چۈشۈپ هاردۇق ئالغانىكەن. لېكىن ئۇ مېنى كۆرۈش ئىشتىياقىدا ئۇخلىيالماي، ئاخىر قاراڭغۇ كېچىدە، ئېتىنى مىنىپ يول يۈرۈپتۇ. خوجا ئىككى خىزمەتكارى بىلەن يولدىن ئېزىپ قاپتۇ. باياۋاندا ئايلىنىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپتۇ. تۈن كېچىدە مەن ياتقان يەرگە يېقىن كېلىپ قالغاندا، خوجىنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ. ئۇلار ئېتىدىن چۈشۈپ، شۇ يەردە بىر دەم ئۇخلاپتۇ. ئۇيقۇدىن كۆز ئاچسا تاڭ يورۇپ، قۇياش چىققانىكەن. ئۇلار يەنە يولغا چىقىشنى ئويلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ. قارىسا ئۆزلىرى تۇرغان ئورۇندىن يۈز قەدەمچە يىراقتا بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. خوجا ئۇنى كۆرۈپ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقاي دەپ كەلسە، بىر ئاجىز بىچارە قىز ئۆزىنىڭ چاچلىرى بىلەن باغلانغان هالدا ياتقۇدەك. خوجىنىڭ ئۇنىڭغا رەهمىسى كېلىپ، باغلاقتىن يېشىش ئۈچۈن قول ئۇزىتىپتۇ. لېكىن، ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئىككىلەنگەن هالدا يېشىپ كۆرۈپتۇ. خوجا ئۇنىڭ بوي ـ باشلىرىنى ۋە كۆز ـ قاشلىرىنى ماڭا ئوخشىتىپتۇ. دىققەت بىلەن نەزەر سالسا، ئۇنىڭ ئايىغىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى، زىنىقىنىڭ يېنىدىكى خالنى كۆرگەنىدىن كېيىن، خوجا مېنى رەسمىي تونۇپتۇدە، بۇ ئەهۋالدىن قاتتىق تەئەججۈپ ۋە هەيرانلىق ئىلكىدە قاپتۇ. خوجا ئۆزىنىڭ مەست ياكى ساق ئىكەنلىكىنى، ئۇيقۇدا ياكى ئويغاقلىقىنى بىلەلمەستىن، بىر پەس هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا خوجىنىڭ بارلىق خىزمەتكارلىرى يۈك ـ تاق ۋە مال ـ مۈلۈكلەر يۈكلەنگەن هارۋا، ئات ـ ئۇلاغلارنى هەيدەپ، يىراقتىن يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ يىراقتىن قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا، خوجا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر خىزمەتكارنى ئىدۋەتىپ بۇ يەرگە باشلاتقۇزۇپ كەپتۇ. بۇ كارۋانلار ئىچىدە ئىلگىرى مېنىڭ خىزمىتىمدە بولغان ياكى ماڭا هەمراه بولغان كېنىزەكلەردىن بىرقانچىسى بار ئىكەن. خوجا ئۇلارنى چاقىرىپ مېنى كۆرسىتىپتۇ ۋە مېنى كۈتۈشكە مەسئۇل قىلىپ بېكىتىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردىلا چۈشكۈن قىلىپ، چېدىر ـ بارگاهلارنى تىكىپ ئورۇنلىشىپتۇ. قىزلار بىرقانچە بەلگىلەرگە ئاساسەن مېنى تونۇپ، هەممىسى ئاهۇ ـ پەرياد چەككەنلىرىچە ئۈن قويۇپ يىغلىشىپتۇ. ياقىلىرىنى يىرتىپ، دەرد ـ هەسرەت بىلەن هازا ئېچىپتۇ. پۈتكۈل كارۋان ئەهلى يىغا ـ زارە ئىچىدە بىهوش بولۇشۇپتۇ. سودىگەر خوجا مېنىڭ بۇ ئاجايىپ هالىتىمگە ۋە غارايىب قىسمىتىمگە هەيران قالغىنىدىن سەۋدايى بولۇشقا ئاز قاپتۇ. غەم ـ هەسرەتلىرىم ئۈچۈن هازا ئېچىپ، زار ـ زار يىغلاپتۇ. لېكىن ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىمنى تېخىچە پەرەز قىلالماپتۇ. ئۆمرۈم قۇياشىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تېز زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى بىلەلمەي، ناهايىتى بىچارە هالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇلار ئامالسىز ئاخىر ماڭا نەپىس كېپەنلەرنى تەييارلاپ، ئۇ كېپەنگە ئەنبەر ۋە كاپۇرلار چېچىپتۇ. ئاندىن مېنى كېپەنلەپ، خۇش بۇي ئىسرىقلارنى يېقىپ، ئاخىرەتكە ئۇزىتىشقا تەييار قىپتۇ. بىتاپ بولغان تېنىمگە ئۇ خۇش پۇراقلار سەۋەبىدىن سېزىم

پەيدا بولۇپتۇ. زەئىپلىشىپ كەتكەن نېر-
ۋىلىرىمغا دىماغلىرىم ئارقىلىق خۇش ھىد-
لىق ماددىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى يېتىپتۇ.
شۇندىن كېيىن جىسمىمغا نەپەس پەيدا بول-
غانلىقى مەلۇم بولۇپتۇ. ئۇلار ھايات ئىكەنلى-
كىمنى بىلىپ، يۈزلىرىنى ئاياغلىرىمغا سۈرتۈپ،
خۇش بۇي ماددىلارنى دىمىغىمغا تۇتۇپتۇ.
ئۇلار ھەربىرى ئۆزگىچە سۆزلەرنى قىلى-
شىپ، مېنىڭ ھەققىمدە تالاش-تارتىش
قىلىشىۋاتقاندا، مەنمۇ ھوشۇمغا كېلىپ،
كۆزۈمنى ئاچتىم. ئۇ مېھرىبانلارغا كۆزۈم
چۈشۈش بىلەنلا:

— بۇ يەردە تۇرماي، بارلىق تىرىش-
چانلىق ۋە غەيرەت-شىجائىتىڭلارنى ئىشقا
سېلىپ، دەرھال كۆچۈڭلار. چۈنكى بۇ بايا-
ۋان بولسا بالايىئاپەت مەنزىلى، يەنى كىشى-
نى ھالاكەتكە يەتكۈزىدىغان جايدۇر، — دېدىم.

ئۇلار دەرھال نەرسە-كېرەكلەرنى
يىغىشتۇرۇپ، يولغا كىردى. مېنى بىر مە-
پىدە ياتقۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار گا-
ھى ئاغزىمغا شەربەتلەرنى تېمىتىپ تېنىم-
گە قۇۋۋەت، گاھى بۇرنۇمغا خۇش بۇي ھىد-
لارنى پۇرىتىپ، جېنىمغا راھەت بېغىشلايت-
تى. شۇ تەرىقىدە ئىككى كېچە-كۈندۈز
يول ماڭغاندىن كېيىن مىجەزىم سالامەت-
لىك تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. كارۋانلار
پۈتۈنلەي ياپيېشىل ئوت-چۆپلەر بىلەن
قاپلانغان بىر كەڭ دالاغا يېتىپ كەلدى.
بۇلاق سۈيى دالا ئىچىدە ۋىلىقلاپ كۆلگى-
نىچە ئېقىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇ جايدا
توختاپ ئارام ئالماقچى بولۇشتى. يۈك تاق-
لارنى چۈشۈرۈپ تۆگە ۋە ئات ئۇلاغلارنى
سۇغىرىپ ئوتقا قويۇشتى. سودىگەر
خوجا بۇلاق بېشىدا بىر چېدىر تىكتۈردى.
ئۇنى زىب-زىننەتلەر بىلەن بېزەپ، ئۇنىڭ
ئىچىگە بىر ئېگىز تەخت ئورۇنلاشتۇردى.
ئۇ تەختنىڭ ئۈستىدە ئورۇن راسلاپ، ماڭا
ئارامگاھ قىلىپ بەردى. ئاندىن خوجا
كېلىپ ئالدىمدا ئولتۇرۇپ، باشتىن ئۆت-
كۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىمنى سورىدى. مەن
بولغان ۋەقەنى تولۇق بايان قىلدىم. خوجا
بېشىنى بىردەم چاڭگاللاپ، بىردەم تۆۋەن
سېلىپ، ناھايىتى پەرىشان بولدى. مەن
ئۆز ئەھۋالىمنى تەپسىلىي سۆزلەپ بولغان-
دىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم.
ئۇمۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنىڭ ھېكايەتلىرىنى
بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بىز زامانە
غەملىرىگە نەزەر سالماي، تەڭرىنىڭ شاپائى-
تىگە شۈكرى قىلغان ھالدا ئۇيەردە ئارام
ئالغاچ ساق بىر كۈن مۇڭداشتۇق. بارلىق
كەچۈرمىشلىرىمىزنى بايان قىلىپ تۈگەتتۇق.

— ئەمدى بۇندىن كېيىنكى ئىشىمىز-
نى قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم مەن ئاخى-
رىدا، — مەندەك بىر كېنىزەككە شاھ غەزەپ
قىلدى. تەڭرىم كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، مېنىڭ
قىلغان بىئەدەبلىكىمگە ئەسلىدە بۇنىڭدىن
يۈزمىڭ ھەسسە ئارتۇق جازا بەرسىمۇ يەنە ئاز
ئىدى. ئۆلۈم تىغىنى سۈرۈپ، بېشىمنى
تېنىمدىن جۇدا قىلسىمۇ ھەق ئىدى.
لېكىن تەڭرى مېنى ئاسراپ، سالامەت
ساقلاپ قالدى. ھېچكىم بىر ئۆلۈپ بولغان
كىشىنى ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرمەيدۇ.
ئەمدى مەن سىلەر راستلىغان كېپىنىمنى
كىيىپ، شاھنىڭ دەرگاھىغا قاراپ يۈزلەنى-
سەم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ: «گۇناھ
مەندىن ئۆتتى. ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىمغا كۆزۈم
يەتكەنىدى. شاھ مېنى ئادىللىق بىلەن
جازالاپ، گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇدى.
مانا ئەمدى تەڭرى ماڭا ئىككىنچى قېتىم
ئاتا قىلغان جېنىمنىمۇ شاھقا پىدا قىلىش

ئۆچۈن ئېلىپ كەلدىم. ئەگەر مېنى يەنە ئۆلۈمگە بۇيرۇسا، ئۇنىڭ قۇربانى بولغايمەن. ئەگەر شەپقەت قىلىپ ئەپۇ قىلسا، بەندەئى پەرماندۇرمەن.» دەپ ئەرز قىلسام، شاھ ئەلۋەتتە بۇ گۇناھىمنى رەھىم قىلىپ كەچۈرۈم قىلىدۇ. بۇ ئىشقا ئەمدى مۇشۇنداق چارە قىلساق، ئۇ جاھان شاھىنىڭ شاپائىتى كەڭ، شۇڭا ئۇ ئەپۇ ۋە كەچۈرۈم رەسمىيەتلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن بېجىرىدۇ.

مەن يۇقىرىقى سۆزلەرنى دېيىشىمگە، خوجا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرى بىراقلا چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— سېنىڭ بۇ خىيالىڭ پۈتۈنلەي خاتادۇر، — دېدى ئۇلار سۈرەن سېلىشىپ، — ئەقلىڭدىن ئايرىلىپ قالدىڭمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق بىھۇدە خام خىياللارنى قىلىسەن؟ ياكى سەن جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟! شاھ ئۆزى قىلغان بىر ئوۋ ئۈچۈن سېنىڭ قېنىڭنى تۆكۈشنى راۋا كۆرسە، سېنىڭ يەنە جېنىڭنى پىدا قىلىمەن دېگىنىڭ قانداق گەپ بۇ؟! پادىشاھ دېگەن خۇددى بىر كۆيۈپ تۇرغان ئوتقا ئوخشايدۇ. ئوتقا يەك يېقىنلىشىپ كەتسە كۆيدۈرىدۇ. شاھقا يەك يېقىنلىشىپ كەتكەن كىشىگە ئاخىرىسى كۆيۈپ نابۇت بولۇشتىن ئۆزگە پايدا يوق. ئەگەر كىشى پادىشاھتىن قانچىكى ئۆزىنى تارتىپ يىراق تۇرسا، ئۇنىڭ ئاپىتىمۇ ئۇ كىشىگە ئازراق يېتىدۇ. ئەگەر شاھىنىڭ غەزىپى پەسەيسە بۇ خەۋەر تەرەپ-تەرەپكە تارقىلىدۇ. بەلكى بىزنىڭ قۇلىقىمىزغىمۇ ئاڭلىنىدۇ. شاھ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلغاندىن كېيىن ئىش ئاسان بولىدۇ. ئۇ چاغدا شاھىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارساڭ خەتەر يوق. شاھ ئۆز ئىشىغا پۇشايمان قىلمىغان بولسا، يەنىلا ئەيش-ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىدۇ. ئۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بارساق جاننى قۇتقۇزماق تەس بولىدۇ.

خوجا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ماڭا ياخشى-يامان ئىشلارنى سۆزلەپ تۈگەتتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى خارەزىم شەھىرىگە بېرىشقا قارار تاپتى. يۈك-تاقلارنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. لېكىن شاھتىن ئايرىلغاندىن بېرى ئۇنىڭ ھىجرانىدا تىرىك قالماسمەن، دەپ ئويلىدىم. ھىجران ئازابىدا يۈرۈش بىلەن ئۆلۈمنىڭ ھېچبىر پەرقى يوق. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئۆلۈك ھېسابلاپ يۈرىدىغان بولدۇم. شۇ سەۋەبتىن بۇ كېپەننى ئۆزۈمگە لىباس بىلىپ كېيىشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى ئۆلۈك دېگەننىڭ لىباسى كېپەندۇر. ۋىسالدىن مەھرۇم بولغانلىقىم ئۈچۈن كاپۇرنىڭ رەڭگىدە ئاق كېيىندىم. جۇدالىق دەردىدە تېنىم زەئىپلىشىپ كەتكەچكە، بۇ كېپىنىمگە كاپۇر سېپىلگەندۇر. شۇنداق قىلىپ بۇ دىيارغا كېلىپ قالدۇق ۋە بۇ شەھەرگە چۈشتۇق. بۇ يەردە مانا ئەمدى سەن مېنىڭ ھەممە ئىشىمدىن خەۋەردار بولۇپ كەتتىڭ. شاھقا ساقلاۋاتقان بۇ ئەقىدەمنى سەن كۆڭلۈمنىڭ ھاۋايى ھەۋەسىدىن بولغان ئىش دەپ قالمىغىن. بۇ ئۇنداق ئىش ئەمەس، بەلكى شاھنىڭ ماڭا بەخش ئەتكەن ناز-نېمەتلىرىگە ۋە مېھىر-مۇھەببىتىگە بولغان ۋاپادارلىق سەۋەبىدىن بولغان ئىش. مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ سىرلىرىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بېرىلدىم. ئەمدى ئۆزەڭنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، بۇ دىياردا تۇرمىغىن، بېشىڭنى ئېلىپ باشقا يەرگە كەتكىن.

مەن ئۇنىڭ ھىجران دەردلىرىگە

مۇپتىلا بولۇپ، ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلىرىنى، قايغۇ ـ ھەسرەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، قاتتىق تەسىرلەندىم. ئۇ ماڭا كېتىشكە رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن مەن خوشلىشىپ، چىقىپ كەتتىم. شەھەرمۇ ـ شەھەر يۈرۈپ، ھېچ ئارام ئالمىدىم. ئۇزۇن ـ ئۇزۇن يوللارنى كەزدىم. ھېچ كىشىگە بۇ سىرنى ئاشكارا قىلمىغانىدىم. لېكىن جانابىڭدەك پۇقرا پەرۋەر شاھ مەندىن ئەپسانە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ئەپسانىلەر ئىچىدە بۇنىڭدىن ياخشىراقىنى تاپالمىدىم. چۈنكى بۇ كاپۇرسىمان قەسىرنى كۆرۈپ، ئۇ كاپۇر سۈپەت ھۆر يادىمغا يەتتى. ئۇمۇ جۇدالىق ئازابىدا كاپۇر رەڭلىك لىباسلارنى كىيگەنىدى. ياق، ئۇ لىباس ئەمەس، بەلكى كاپۇر رەڭلىك كېپەن ئىدى. ئۇنىڭغا ھىجران ئازابى تۇپەيلىدىن كاپۇر سېپىلگەنىدى. ئۇ دەردمەن بىچارە ئالەمدىكى بىر ئاجايىپ ئىنسان بولۇپ، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئورنى مۇشۇ قەسىر ئىچىدە بولسا لايىقتۇر.

ئۇ رىۋايەتچى ئەپسانىسىنى تۈگەتتى. بۇ ئەپسانە تامام بولغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆزىنىڭ غايىب بولغان مەشۇقىدىن ئۇچۇرغا ئېرىشكەن شاھ بەھرام يۈز قېتىمدىن ئارتۇقراق بىھوش بولدى. ياق، بەلكى يۈز قېتىمدىن زىيادىرەك ئۆلۈپ تىرىلدى. ئۇ مۇشۇ ئەپسانە سەۋەبىدىن ئۆلەتتى، يەنە مۇشۇ ئەپسانە ئۇنىڭغا جان بېغىشلاپ تىرىلدۈرەتتى. بەھرام نالە ـ پەرياد قىلىشتىن ئامال بار ئۆزىنى تارتىپ، سەۋر ـ تاقەت قىلاتتى. چۈنكى بۇ ئەپسانىچى ئۇنىڭ بۇ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئەپسانىسىنى بىر نەپەس توختىتىپ قويىدىغان بولسا، ئىنتىزارلىقتىن شاھنىڭ نەپەسلىرى توختاپ قالاتتى. ئۇ كىشى ئەپسانىسىنى پاك ـ پاكىز بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، شاھ بەھرامنىڭ ئوتلۇق ئاھلىرى كۆككە يەتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئەپسانىچىنى قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ جان بۇلبۇلى بەدەن قەپىزىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ مۇساپىرنىڭ ئابىھاياتتەك سۆزىنى ئاڭلىغان شاھ بەھرام خۇددى ئۆلۈكلەردەك ھوشىدىن كەتتى. بۇ ئەپسانە ھەر كىشىنى بىھوش قىلسا، ئۇ كىشى ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشقا قانداق چارە قىلاركىن؟

**شاھ بەھرامنىڭ غايىبتىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىدىن غايىب ۋە بىخەۋەر بولغانلىقى؛**
**خارەزىم مەملىكىتىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇ دانىشمەن سودىگەر بىلەن**
**يېگانە گۆھەرنى تەكلىپ قىلغانلىقى؛ ئۇلار كېلىپ بولغىچە ئۆزىمۇ**
**ئالدىغا چىقىپ گوياكى سۈبھىنىڭ ئەيسا تىنىقى كەبى**
**نەپەسلىرىدەك ئۆلۈك تەنگە جان بېغىشلىغانلىقى**

سىرلىق مەنزىلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق ـ مۇھەببەت ۋە مېھىر ـ شەپقەت سەھىپىلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە غارايىپ تەسىرلىك قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىنكى، شاھ بەھرام غايىب بولغان

مەشۇقىدىن ئۇچۇر تاپتى. شۇندىن باشلاپ
تاكى تاڭ سەھەرگىچە ئىنتىزار ۋە بىقارار
بولۇپ، خۇددى چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك
قىينالدى. ئۇ ئىشتىياق ئوتىدا خەس
خەشەكلەردەك كۆيمەكتە ئىدى. ئىزتىراپ ۋە
بىتاقەتلىكتىن گاھ ئورنىدىن تۇرسا، گاھى
يىقىلاتتى. ئەگەر شاھنىڭ پەرىشان خاتىرى سەللا
ئورنىغا كەلسە، قىسسىسىنى يەنە قايتىدىن
تەكرار ئېيتىشقا زورلايتتى. بۇ ئىشلاردىن
خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن گاھ ئۆلۈپ، گاھ
تىرىلەتتى. ھىجران غەملىرىدىن يامان ئەھـ
ۋالدا قالغاندا، دەرھال ۋىسال ئۈمىدىنى
يادىغا ئالاتتى. شاھنىڭ ئۇ كېچىنى قانداق
تاڭ ئاتقۇزغانلىقىنى، بۇجەرياندا ھىجران
قايغۇسىدىن قانداق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلـ
گەنلىكىنى ئېيتىپ بولۇش قىيىن ئىشتۇر.

شاھ بەھرام بۇ كېچىدە شۇ قەدەر
كۆپ ئۆلۈپ ـ تىرىلدىكى، بۇنى كۆرۈپ
سۈبھىمۇ كۈلدى. سۈبھىنىڭ كۈلگەن تىنىقـ
لىرىدىن قۇياش ئۇچقۇنى يانغىنغا ئايلاندى.
شۇندىن كېيىن شاھنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئارا ـ
مىغا چۈشتى. ئۇ دىلئارامنى ئىزدەپ خارە ـ
زىمگە بېرىش قارارىغا كەلدى. لېكىن
دۆلەت ئەركانلىرى، ۋەزىر، ئەمىرلەر شاھـ
نى بۇ سەپەردىن توستى.

— بىر قانچە كۈنگىچە سەۋر ـ تاقەت
قىلىپ، سەپەرگە چىقمىغانلىرى ياخشى، —
دېيىشتى ئۇلار شاھقا نەسىھەت قىلىپ، —
چۈنكى بۇ سەپەر تۈپەيلىدىن جانابلىرىنىڭ
جىسمى تېخىمۇ زەئىپلىشىپ كېتىدۇ. گەر ـ
چە يىراق ئازابىنى كۆپ تارتىش كىشىنى ھالا ـ
كەتكە ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن يولنىڭ نا ـ
ھايىتى يىراق بولغانلىقى تۈپەيلى بۇ سە ـ
پەر تېخىمۇ خەتەرلىكتۇر. يول جاپاسى
ھەزرەتلىرىنىڭ ئاغرىقلىرىنى تېخىمۇ شىد ـ
دەت بىلەن كۈچەيتىۋېتىدۇ. سالامەتلىكلىـ
رىگە ئېغىر زەخمەت يېتىدۇ.

تېۋىپ ـ ھۆكۈمالارمۇ ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ـ
نىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، شاھنىڭ ئالدىدا
يەرنى سۆيگەن ھالدا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشتى:

— شاھنىڭ ئارزۇسى ۋىسالغا يېتىشـ
تىن ئىبارەت. لېكىن شاھىمىزنىڭ تەمكىن
ۋە ئېغىر ـ بېسىق بولغىنى ياخشى، چۈنكى
شاھلارغا سالماقلىق ناھايىتى مۇھىمدۇر.
شۇنچە كۆپ تاغلارمۇ ئېغىر ـ بېسىقلىقىنى
ئۆزىگە مىزان قىلغان. ئەگەر تاغلار
يېنىكلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان بولـ
سا، قىيامەت قوپقان بولاتتى. بۇ غەملىرى
ھەر قانچە قىينىسىمۇ، سەۋر ـ تاقەت
قىلىپ، ئارام ئېلىپ تۇرغايلا. بۇ ئالەمنىڭ
تىنچلىقىنى بۇزمىغايلا.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە تالاش ـ تارتىش
قىلىشقاندىن كېيىن، ئاخىر بىر قانچە
كىشىنى خارەزىمگە ئەۋەتىش قارار قىلىنـ
دى. خوجىدىن ۋە دىلئارامدىن ھال ـ ئەھـ
ۋال سوراپ، ناھايىتى خىنجالەتچىلىك
ئىچىدە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىلدى.
مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «خو ـ
جا ساق ـ سالامەت كېلىپ، خارەزىم شەھـ
رىدە ئورۇنلىشىپتۇ. بەخت ـ سائادەت بىـ
لەن شاد ـ خۇرام ياشاۋېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولدۇق.
ھەممە مۇشكۇلىمىز ئاسان بولدى. بارلىق
چىگىشلىرىمىز يېشىلدى...»

دىلئارامغا يەنە يۈرەك قانلىرىنى
كۆز ياشلىرى بىلەن بىللە ئاققۇزۇپ، خو ـ
جىدىن مەخپىي بىر پارچە خەت يازدى.
ئۇ خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«يىراق ئازابىدىن ئىچىم قانغا تولـ
دى. ئۇ قانلار كۆز چانىقىمدىن توختىماي

ئاقماقتا. سەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلگەنـ
دىن كېيىن ئۇ يەردە بىر پەسمۇ ئارام
ئالماي، يولغا چىققىن. كېچە ـ كۈندۈز
دېمەستىن، ئۇيقۇنى ماڭا ئوخشاش ئۆز
ۋۇجۇدۇڭغا هارام قىلىپ، تېز يېتىپ
كەلگىن. بۇ جېنىم ساڭا پىدادۇر. ئەگەر
پات كەلمىسەڭ قان قىساسىمدا قالىسەن.
جۇدالىق ئىچىدە مېنى جاندىنمۇ جۇدا
قىلما، خەنجەر ئۇرماي تۇرۇپلا قىينىمىنى
تۈكمە. تېز كەلگىن، بۇ جېنىم چىقسىمۇ،
سېنىڭ قېشىڭدا چىقسۇن. بۇ قېنىممۇ
سېنىڭ يولۇڭدا ئاقسۇن. جېنىمغا هىجران
تىغىنى ئۇرۇۋەرمىگىن. بۇنداق قىلىپ مېنى
جان بېرىشتىن بۇرۇنراق ئۆلتۈرۈپ قويـ
مىغىن. بۇ تەرەپكە گويا قۇياشتەك سەيلە
قىلىپ، پەردىدەك ئۇچۇپ يېتىپ كەلگىن.
ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن
بولساڭمۇ تېزرەك كەلگىن ـ دە، بوينۇمدا
تىغ ۋە كېپەننى كۆرگىن. مەن قېشىڭغا
ئۆزۈم بېرىپ كۆزلىرىمنى جامالىڭ نۇرى
بىلەن روشەن قىلالمىدىم. بۇنى سەن
شادمانلىق ۋە كامىرانلىقتىن دەپ گۇمان
قىلماي، بەلكى خەستە جانلىق ۋە ناتىۋانـ
لىقتىن بولغان دەپ بىلگەيسەن. هىجران
دەردىدە ئەسىر بولۇپ، شۇ قەدەر زەئىپـ
لىشىپ كەتتىمكى، هەتتا سۇ ئىچىشكىمۇ
ماجالىم يوق. ئاغزىمغا سۇ تېمىتسا قانغا
ئايلىنىدۇ. شۇ دەرىجىدە ناتىۋان بولدۇمـ
كى، دەرمانسىز جىسمىمدا پەقەت خەستە
جېنىملا قالدى، چاپسان كېلىپ ئۆلگەن تېـ
نىمگە جان بولغىن، هالسىرىغان جىسمىمنى
روهلاندۇرغىن. كېچىكىپ كېلىدىغانلىقىڭنى
سەزسەم، ئاه خۇدا، ئۇ چاغدا سەن كېلـ
سەڭمۇ، لېكىن مەن بۇ ئالەمدىن كېتىپ
قالىمەن. بۇ مەككار ئالەم مېنى ئالدىغاچان
نابۇت قىلىپ بولغاندا، سەن كېلىپ بۇـ
شايمان قىلساڭمۇ، لېكىن هېچ پايدىسى
بولمايدۇ...»

شاه بۇ دەرد ـ ئەلەم بىلەن تولغان
خەتنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن ئۇنى
لىپاپىقا سالدى ـ دە، خەۋەر يەتكۈزگۈچى
چاپارمەنلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن
ئۇلارغا:

— هېچ يەردە توختىماستىن، تېز
پۇرسەتتە بۇنى دىلئارامىمغا يەتكۈزۈڭلار، —
دەپ پەرمان قىلدى.

شاه بەهرام يەنە خارەزىم شاهىغىـ
مۇ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى. ئۇ مەكـ
تۇپتا. سودىگەر خوجىنىڭ يول راسخودـ
لىرىنى تەييارلاپ، دەرهال يولغا سېلىشنى
هاۋالە قىلدى. چاپارمەنلەر پادىشاهتىن،
رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن يەر سۆيۈپ
خوشلاشتى ـ دە، يولغا راۋان بولۇشتى. ئۇـ
لار هېچ ئورۇندا توختىماستىن، خۇددى
شامالدەك ئىتتىك ماڭدى. گوياكى بىر مىل
مۇساپىنى بىر قەدەم بىلەنلا باسقانچىلىك
تېز سۈرئەت بىلەن ماڭغانلىقتىن،
پات پۇرسەتتە كۆزلىگەن مەنزىلىگە يەتتى.

خوجا باغ ئىچىدە ئولتۇرغىنىدا چاـ
پارمەنلەر ئۇ يەرگە بەئەينى مەيىن شامالـ
دەك يېتىپ كېلىپ، شاه بەهرامنىڭ مەكـ
تۇپىنى تاپشۇردى. خوجا ئۇنى ئېلىپ،
تەزىم بەجا كەلتۈردى. دىلئارامنىڭمۇ مەقـ
سەت مەكتۇپى يەتكۈزۈلدى. بۇ خەتنى
تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن خوجىنىڭ بېشى
كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئۇ ئاي يۈزـ
لۈكنىڭ قەدىر قىممىتىمۇ پەلەكتىن هالـ
قىدى. خارەزىم پادىشاهىغا بەهرامنىڭ

* مىل ـ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. هەر بىر مىل تەخمىنەن 2 2 كىلومېتىرغا تەڭ.

www.uyghurkitap.com

مەكتۇپى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۆز خەزىنىسىدىن دەرھال يوللۇق راسخوت تەييارلاپ، خوجىغا تاپشۇردى. بۇ ئارقىلىق خارەزىم شاھى شاھ بەھرامغا بولغان ھۆرمەت-ئىھتىرامىنى ئىزھار قىلدى. خوجا بۇنىڭدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، شاھ بەھرام تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. خوجىنىڭ بارلىق چاكارلىرى ۋە خىزمەتكار كارۋانلىرى قوشۇلۇپ بىرگە ماڭدى. ئۇلار ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

شاھ بەھرامۇ ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بارلىق ئەمەلدار ۋە سىپاھ-لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھەيۋەت بىلەن ئىستىقبالغا چىقتى. ئۇلار بىلەن شاھنىڭ ئارىلىقىدا بىر مەنزىل مۇساپە قالغاندا، خوجا ۋە ئۇنىڭ بارلىق كارۋانلىرىغا ھاردۇق يېتىپ، ئۇيقۇغا كېتىشتى. شاھ بەھرامنىڭ جامائىتىمۇ چېدىر-بارگاھلارنى تىكىپ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. لېكىن بەھرام ئارام ئالماستىن كېچىلەپ يول يۈرۈپ، خوجا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بارگاھ ياساپ، ئۇخلاۋاتقان جايغا يېتىپ كەلدى. خوجىنىڭ ئادەملىرى كېچە-كۈندۈز يول ماڭغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈن ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنىدى. بەھرام تاڭ قاراڭغۇسىدا ئۇ يەرگە باردى. ئۇلار پۈتۈنلەي ھاردۇق ئۇيقۇسىغا غەرق بولغانىدى. بەھرام قارىسا، دىلئارامنىڭ بارگاھى بىر بۇلاق بېشىغا تىكىلىپتۇ. ئۇ يەردە دىلئارامنىڭ نەرگىس كۆزلىرى ئۇيقۇ بىلەن يۇمۇلغانىدى. ئۇ بۇلاقنىڭ بويىدا بىر ئېگىز چىنار بار ئىدى. ئۇ چىنارنىڭ ئىچى گوياكى ئاشىقلارنىڭ كۆكسىدەك كۆيۈپ، چاك ۋە كاۋاك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كاۋاك گوياكى بىر يوغان غاردەك كەڭ ۋە ئازادە ئىدى. شاھ بەھرام بۇنى كۆرۈپ، ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلىدى-دە، شۇ چىنارنىڭ يېنىغا كەلدى. شاھ دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ، ئۇ يەردەگويا كى «يارى غار» * سۈپەت



* ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غار ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن مەزگىللەردە، ئۇنىڭ يېقىن سەپداشلىرىدىن ئابابەكرى سىددىق غار ئىچىدە ھەمراھ بولغانىكەن. شۇڭا ئابابەكرى سىددىق «يارى غار» (غاردىكى دوست) دەپ نام ئالغان.

پـىـنـھـان بولـدى. ئۇ ھـۇر سـۈپـەت
گۈزەل ئۇخلاۋاتقان بۇ ئورۇندا بەھرامنىڭ
دىماغلىرى گوياكى جەننەتنىڭ پۇراقلىرى-
دەك خۇش بۇي ھىدلاردىن مەستخۇش بول-
دى. شاھ بەھرام چىنار ئىچىدە ئورۇنلى-
شىپ بولغاندىن كىيىن، بەخـت تەلـەي
ئۇ ھۇر سۈپەت گۈزەلـنى ئويقۇسـىـدىن
ئويغاتتى. ئۇ ھـۇر ئادىـتى بويىـچـە تاڭ
ئېتىشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، تائەت-
ئىبادەت يوسۇنلىرىنى ئادا قىلدى. ئاندىن
چاڭنى قولىغا ئېلىپ تۈزدى-دە، بىر دە-
رەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاشقانە پەدىلەر-
گە توغرىلاپ چېلىشقا باشلىـدى. ئۇ بەھ-
رامنىڭ يىراقىدىن ناللەر قىلـسا، ئىشتى-
ياقىدىن ئاھ تارتاتتى. بىر پەستىن كېيىن
ئۇ چاڭنى چالغاچ، خـۇددى پـەرىزاتلارغا
ئوخشاش لەرزان مىڭىپ، بۇلاق بېشىغا يېتىپ
كەلدى. بۇلاقنىڭ بىر چېتىدە ئولتـۇرۇپ
بەھرامنىڭ مەكتۇپىنى ئاھاڭغا سېلىـپ،
ئورۇنداشقا باشلىدى. مەكتۇپنىڭ ھەر بىر
سۆزى ئوچۇن مىڭلارچە پىغانلارنى تار-
تىپ، كۆز ياشلىرىنى سەلدەك ئېقىتتى.
ئۇنىڭ ئوتلۇق ساداسى ۋە مۇڭلـۇق ناۋا-
لىرىدىن بەھرامنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەل-
دى. ئۇ كۆز يېشى يامغۇرلىرىنى ئۈزمەي
ياغدۇرغىنىچە نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەت-
تى. دىلئارام ئاھاڭ بىلەن ئېيتقان سەر-
گۈزەشتلەر ئىچىدە مۇنداق بېيىتلەر بار
ئىدى، نەزمە:

كى بۇ يول نې بەلا ئۇزاق ئولدى،
تابىدىن داغىم ئۆزرە داغ ئولدى.
يەتتى ئاغزىمغە رەنجىدىن جانىم،
قالمادى غەم يېمەككە دەرمانىم.
ئۇمردىن نا ئۇمىد بولدۇملا،
مېھنەتى ھەجر ئىچىدە ئۆلدۇملا.
ئول كۈن ئولغايمۇ، ئەي سىپىھرى دەنى،
كى سالىپ شاھ خىزمەتغە مېنى.
قۇلاقىغە سۆزۈمنى يەتكۈزسەڭ،
ئاياغىغە كۆزۈمنى يەتكۈزسەڭ.
ۋەسلىدىن ھاسىل ئولسە دەرمانىم،
بولماغاي ئۆلسەم ئۆزگە ئارمانىم.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان بەھرام شاھ ياقى-
لىرىنى يىرتىپ، ئوتلۇق ئاھ تارتـتى، ئۇنىڭ
ناتىۋان جىسمىنى يۈزلەرچە نالـە-پىغان
ۋە قايغۇ-ھەسرەت مۇڭلىرى ئىشغال قىلى-
ۋالدى. تىنىقلىرىدىن ئوت يانغىنلىرى ھا-
سىل بولاتتى. شاھ گوياكى ئوتـتىن چىقـ-
قان شولىدەك تىزلىك بىلەن چىنار كاۋى-
كىدىن چىقتى-دە، خـۇددى ئاپتاپپەرەس
قۇياشقا يېقىلغاندەك، دىلئارامنىڭ ئايىغىغا
كېلىپ يىقىلدى. شاھ بەھرام مەلىكە دىل-
ئارامنى كۆرۈش بىلەنلا خۇددى سەۋدايى
كىشى پەرىنى كۆرگەنـدە ھـوشسىز بولغى-
نىدەك، خۇدىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ پەرى
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى ۋە
شاھنىڭ ئاياغلىرىغا كۆز ئۇنچىلىرىنى تۆ-
كۈپ، پۇتلىرىنى تاۋاپ قىلـغان ھالـدا
ھوشىدىن كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ
ئاياغلىرىغا يىقىلىشلىرى خۇددى پەلەكنىڭ
قوياش ئايىغىغا يىقىلغىنىچە يەرگە چۈشكى-
نىدەك، قۇياشنىڭ پەلەك ئايىغىغا يىقىلىپ
باش قويغىنىدەك ئىش بولدى. ئۇ شەۋكەتـ-
لىك پادىشاھ قارا تۇپراققا يىقىلىش بىلەن-
لا، ئۇ نۇرلۇق قۇياشمۇ شاھنىڭ سايىسىغا
يىقىلدى. ئۇلار شۇ ياتقانلىرىچە بىھوش
بولۇپ، ئەسلىگە كەلـمىدى. بۇ ئاجايىپ
ئەھۋالغا نەزەر سال. ئۇلارنىڭ ھىجران
ئازابلىرى چېكىگە يەتتى-دە، ئاخىرى
ۋىسال تاپتى. جۇدالىق تۈنلىرى ۋىسال
سۈبھىسىگە ئورۇن بوشاتتى. تاڭ ئاتتى.
سەھەرنىڭ كاپۇرسىمان خۇش بۇي شامىلى
ئويغاندى. قۇياش پۈتكۈل ئالەمگە نۇر تا-
ۋارلىرىنى يايدى. ئۇ ئىككىسى تېخىچە
بىھوش ياتاتتى. كارۋان ئەھلى بۇ ئەھ-
ۋالنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كې-
لىشتى. خوجا بۇلارنى كۆرۈپ:

— بۇ يەردە بەخت قۇشى قونۇپتۇ-
دە، — دېدى. ئاندىن خالايىقنى كەتكۈزۈ-
ۋېتىپ، ئۇ ئىككى بىچارىنى كاپۇر رەڭلىك
سەھرا پەردىسىگە ئاي بىلەن كۈننى پىنـ-
ھان قىلغاندەك يوشۇردى. ئۇلار بىردەم-
دىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. پەردە ئىچى-
دىكى ئەھۋالدىن ھېچكىم خەۋەر تاپالمى-
دى. ئۇ يەرگە بەلكى سەھەرنىڭ مەيىن
شامىلىمۇ كىرەلمىگەنىدى. ئۇ مەھرەمخانىدا
شۇ ئىككىسىدىن باشقا ھېچقانداق ھەمراھ
بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالدىن
ھېچ كىشى ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدى. شۇڭا
بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ھەقتە سۆز-
لەنگەن ھەر قانداق راست سۆزمۇ خاتالىق-
تىن خالىي بولالمايدۇ.

ئەلقىسسە، شاھ مۇراد تاپقاندىن كېـ-
يىن، ئۇنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى ۋە ھەم-
مە ئەمەلدارلىرى غايەت زور ھەيۋەت-ھە-
شەمەت بىلەن يېتىپ كېلىشتى. شاھنىڭ
بۇ پەردە مۇنداق بەختكە ئېرىشكەنلىكىنى
كۆرۈپ، ھەممىسى شاد-خۇراملىقتا چۆمدى.
شاھ بەھرام سودىگەر خوجىنى سودا-سې-
تىق ۋە پايدا-زىيان ۋەسۋەسىلىرىدىن
ئازاد قىلىپ، ئۆزىگە مەخسۇس ۋەزىر قىلىپ
بېكىتتى. ئۇلار ھەممىسى بۇ قۇتلۇق كۈننى
غەنىمەت بىلىپ، شەھەر تامان يول ئالدى.

**بەھرام گۆرنىڭ ئوۋ سەپىرىگە لەشكەر تارتقىنىدا، ئەجەل لەشكەرلىرىنىڭ
قورشاۋىدا قالغانلىقى، شاھنىڭ ئارغىماقلىرىنىڭ تۇيىقى ئوۋ ئارقىسىدىن
تىزچاپقانلىقى، شاھ شۇ ئارقىلىق گۆر (ئۆلۈم) تۇزىقىغا گىرىپتار
بولغانلىقى، بەھرام گۆر سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى، ئۇنىڭ
تارىخىي ھېكايىسىنىڭ تامام بولغانلىقى**

سىرلىق مەنىلەردىن رىۋايەت قىلغۇ-
چىلار ۋە يوشۇرۇن بەلگىلەردىن بېشارەت
بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى، ئاشۇ ئىشق-مۇ-
ھەببەت ھەم مېھىر-شەپقەت سەھىپىلىرى-
نىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈم-
رانى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ
ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە غارايىپ قىزىقار-
لىق قىسسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

ۋاقتىكى، شاھ بەھرام شەھەرگە كىر-
رىپ، ئۆز تەختىدە ئورۇنلاشتى. يەنە نەغ-
مە-ناۋانى داۋاملاشتۇرۇپ، كەيىپ-سا-
پانى باشلىدى. شاھنىڭ مىجەزىدىكى ئاجىز-
لىق ۋە روھسىزلىق، ئاغرىق ۋە زەئىپلىك
ئالامەتلىرى پۈتۈنلەي يوقالدى. خۇش بۇي
مەي-شارابلارغا كۆڭلى تارتىدىغان بولدى.
بەھرام يەنە ئۆتكەن ھەپتىدىكىگە ئوخشاش
ھەر كۈنى بىر قەسىردە ئورۇنلىشىپ، بەزمە-
مەشرەپنى داۋاملاشتۇرۇشنى بېكىتتى.
ئاي يۈزلۈكلەر بىلەن بىرگە ئەتىر پۇراق-
لىق شارابلارنى ئىچىشىپ، ئۆزىنىڭ گۈزە-
لى دىلئارام بىلەن بىللە كۆڭۈل ئېچىشنى
قارار قىلدى. بەھرام گەرچە باشقا ئاي
يۈزلۈكلەرنىمۇ ئۆزىگە دوست تۇتسىمۇ،
لېكىن دىلئارامنى تېخىمۇ بەك ياخشى
كۆرەتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئەزىزلەيتتى.
ھەر بىر قەسىرگە كىرگەندە شۇ قەسىرنىڭ
رەڭگىگە ماس ھالدىكى كىيىملەرنى كىيەت-
تى. ھەتتاكى كۆزگە چېلىقىدىغان ھەممە
نەرسىلەرنىڭ رەڭگىنى شۇنىڭغا ماسلاشتۇ-
رۇپ، بىرلىككە كەلتۈرەتتى. شاھ بەھرام
نەچچە يىلغىچە مۇراد-مەقسەتلىرى بويىـ-
چە دەۋران سۈرۈپ، كەيىپ-ساپا چوققى-
لىرىنى پەلەككە يەتكۈزدى. ئاخىر بۇ نەيـ-
رەڭۋاز پەلەك ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جايىنى

قاراڭغۇ گۆر ئىچىدە قىلدى.
بەھرامنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ مۇنداق بول-
غانلىقىغا ھەيران قالىماڭ. شاھ بەھرامغۇ
بۇ دۇنيادا ناھايىتى ئازغىنە دەۋر سۈرە-
لىدى، ئەگەر بىر كىشى يۈز قەرنە * پا-
دىشاھ بولۇپ، سەلتەنەت ۋە جاھانگىرلىك
تەختىنى يەتتە قات ئاسمان گۈمبىزىنىڭ
ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە پەرمانلىرى
بىلەن پەلەكنى پىرقىرىتىپ، زىمىنى ئۇ-
سۇلىغا سالغان تەقدىردىمۇ، ئاقىۋەتتە يەنە
ھەممىسىنى تاشلاشقا، ھەممىسى بىلەن خوش-
لىشىپ، ئادا-جۇدا بولۇشقا، بۇ ئالەم بىلەن
ۋىدالىشىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىشقا
توغرا كېلىدۇ.
شاھ بەھرام ئۆز ئىشلىرىنى شۇنداق
ئورۇنلاشتۇردىكى، يەتتە قەسىردە نۆ-
ۋەت بىلەن بەزمە تۈزۈپ، ئىشرەت بىلەن
مەي ئىچىشكە باشلىسا، گۈل يۈزلۈك دىل-
ئاراممۇ شېرىن سۆھبەتلىرى بىلەن ئۇنىڭغا
ھەمراھ بولاتتى. چاڭ بىلەن نەغمىنى جا-
لاندۇرۇپ، غەزەل بىلەن بەزمە ئەھلىگە
جان بېغىشلايتتى. بەھرام ئۆيىدە ئارام
ئېلىپ ئولتۇرغاندا بولسۇن، ياكى شىكارغا
چىققاندا بولسۇن، دىلئارام ھەر ۋاقىت
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپ، كۆڭۈلنى مەھ-
لىيا قىلىدىغان پەدىلەرگە چېلىپ، ئۇتلۇق
بېيىتلەرنى ئوقۇپ نەغمە-ناۋا قىلاتتى.
ھەم ساقىيلىقمۇ قىلاتتى. دىلئارام ئۆزى-
نىڭ گۈزەل جامالى ئارقىلىق شاھنىڭ ھا-
ياتلىق بەزمىسىگە زىننەت بېرەتتى. بۇل-
بۇلدەك ناۋاسى ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلىگە
شادلىق ۋە ئاسايىشلىق بېغىشلايتتى. شاھ
بەھرام خاھ ئۆزىنىڭ تائەت ئىبادەتلىرىدە
بولسۇن، خاھى بەزمە-زىياپەتلىرىدە بولسۇن
ياكى ئەيش-ئىشرەتلىرىدە بولسۇن دىلئا-
رامسىز بىر دەممۇ تاقەت قىلالمايتتى.
ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھ
بەھرام ئوۋ قىلىش ئۈچۈن شۇنداق كەڭ
بىر قورشاۋنى ھاسىل قىلدىكى، ئۇنىڭ
دائىرىسى بۇ پەلەك قورشاۋىنىڭ دائىرىسى
بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇ قورشاۋ ئىچىدە
گويا يۇلتۇزلاردەك ھەددۇ ھېسابسىز ئوۋ
جانىۋارلىرى بار ئىدى. ئۇلار بىر بىرىدىن
ئايرىلماستىن توپ-توپى بىلەن يايلاۋاتات-
تى. بۇ قورشاۋنى ھاسىل قىلغان ئاتلىق
سىپاھلارنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى.
پەلەك كۆكلىمىدەك پايانسىز بىر كۆكلەم-
زاردا ئاتلىق پالۋانلارنىڭ سەپلىرىدىن
نەچچە قات قورشاۋ ھاسىل بولغانىدى. ئۇ-
لار تەرەپ-تەرەپتىن مۇھاسىرىنى تاراي-
تىپ، مەلۇم چەككە يەتكەندىن كېيىن
كېيىن توختىدى-دە، ئوۋ قىلىشنى باشلى-
دى، مۇھاسىرىنىڭ تۆت ئەتراپى ئۈچ
ياغاچ * * مىقدارى قالغاندا، مۇھاسىرە
تۈزگەن ئاتلىقلارنىڭ سەپلىرى بىر-بىرى-
گە ئارقىسىمۇ ئارقا ھالدا ئون بەش قات
قورشاۋ ھاسىل قىلدى. قورشاۋ ئىچىدىكى
ئوۋ جانىۋارلىرىنىڭ جانلىرىغا مىسلىسىز زور
بالايى-ئاپەت، بەلكى كۆرۈلۈپ باقمىغان
ئېغىر ھالاكەت يۈزلەندى. ئوۋ ھايۋان-
لىرىنىڭ قانلىرى بىلەن بۇ كۆكلەمزار
لالىزارغا ئايلاندى. قان لالىزار ئىچىدە
ئېرىقلارنى ھاسىل قىلىپ ئېقىشقا باشلىدى.
مۇھاسىرە ئىچىدە ئوۋ ئوۋلاشنى تەگداشسىز
مىڭ نەپەر ماھىر مەرگەن ئات چاپتۇرۇپ
يۈرەتتى. بۇ يەردە بىرەر ھايۋان ئوت
يېمەك ئۈچۈن تىلىنى چىقارغان بولسا،
ئۇنىڭ تىلىغا يۈزلىگەن ئوقلار كېلىپ
سانچىلاتتى، قوشاۋچىلار جانىۋارلار توپىغا
قارىتىپ ئوق يامغۇرلىرىنى ياغدۇرغىنىدا،
جانىۋارلاردىن بىرەرسىمۇ تىرىك قالمايتتى،
ھەر بىر كىشى نەچچە يۈزلىگەن جانلىقنى
قانقا پاتۇردى، نەچچە يۈز تۈمەن ھايات-
لىق ھالاك قىلىندى. ھېچ بىر ئادەم قان

* قەرنە — ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى، ھەربىر قەرنە ئوتتۇز يىلغا تەڭ.

* * ياغاچ - ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، ھەر بىر ياغاچ تەخمىنەن 12 كىلومېتىرغا تەڭ.

تۆكۈشتىن ئېھتىيات قىلىشمىدى. ھەممىسىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى قاندىن لالە رەڭگىدە قىزاردى. ئۇ كۆكلەمزار ئىچى قاندىن چىمەنزارغا ئايلاندى. گوياكى بۇ ئەلنى قان كەلكۈنى بېسىپ كەتكەندەك بولدى. قاندىن گۈلۈستانغا ئايلانغان بۇچەكسىز كۆكلەمزار ئىچىدە قان يوللىرى خۇددى نودەك ئېرىقچىلارنى ھاسىل قىلىپ ئاقتى.

بۇ كۆكلەمزار ئەسلىدە تېگى يوق بىر پاتقاقلىق ئىدى. پاتقاقلىقنىڭ يۈزىنى قاتمۇ-قات چاڭ-توزانلار قاپلاپ، بارا-بارا ئۇ يەردە بىر قەۋەت نېپىز قۇرۇقلۇق ھاسىل بولغانىدى. بۇ قۇرۇقلۇق ئۈستىگە يامغۇر يېغىپ ئوت چۆپلەر ئۈنگەن. شۇ ئارقىلىق بۇ كۆكلەمزاز يىلتىزلارنىڭ يارىدىمىدە چىڭىپ، پۇختىلانغانىدى. ئەمما بۇ يەرلەرنىڭ پاتقاق ئۈستىدىكى قېلىنلىقى بىر گەز چامىسىدا كېلەتتى. ئوت-چۆپ يىلتىزلىرى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ، چىرىمىشىپ كەتكەن بولغاچقا، يەر يۈزى چىملىق بولۇپ، مۇستەھكەملەنگەنىدى.

كۆكلەم يۈزىدە قان ئېقىنلىرى ئېقىشقا باشلاپ، ئىسسىق قانلار يەر تېگىگە سىڭىپ، پاتقاق سۇغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. بارا-بارا پۈتۈن شىكار مەيدانى پاتقاقلىققا ئايلاندى. كىشىلەر بەللىرىگىچە پاتقاق ئىچىدە قالدى. ئاتلارمۇ پاتقاق ئىچىدە لاۋا-لاتقىلارغا مىلىنىپ ياتماقتىن باشقا ئىشقا يارىمىدى. دەل شۇ چاغدا بۇلۇتلار كېلىپ، قۇياشنىڭ يۈزىگە پەردە ياپتى. ئاندىن شۇنداق دەھشەتلىك يامغۇر ياغدىكى، بەئەينى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ توپان بالاسى قايتا يۈز بەرگەندەك بولدى. يەر تېگىمۇ سۇ تۇرسا، يۇقىرى تەرەپتىن ئۇ يەرھەم ئىسسىق قان بىلەن، ھەم يامغۇر سۇلىرى بىلەن لاتقىغا ئايلانسا، پاتقاق ئۈستىدىكى چىملىقلاردىن ھاسىل بولغان بۇ كۆكلەم ئۈستىدە يۈر تۈمەنلىگەن چېرىكلەر دۈپۈرلىشىپ، ھايۋانلارنى قوغلاپ چېپىشىپ ئوۋ قىلسا، ئۇ يەر بۇزۇلماي قالاتتىمۇ. ئۇ يەردە شىكار قىلغانلارنىڭ ھالى ئاخىرى نېمە بولماقچىدى؟

دېمەك، قاندىن ھاسىل بولغان يۈزلەرچە ئېرىقلار يەر يۈزىنى لاي-لاتقىغا ئايلاندۇردى. بىر تەرەپتىن ئات ئاياغلىرى ئۇ يەرنى چاناپ يۇمشىتىشقا باشلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن يامغۇر ياغىدى. مۇھاسىرە ئىچى ئادەم بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن يەر ئېگىلىپ، بارا-بارا يىمىرىلىپ كەتتى. بۇ ھېيلىگەر دۇنيا ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنداق ئېغىر پالاكەتلەرنى سالدىكى، ئۇلار پاتقاق ئىچىدە قاياققا تەۋرىسە، شۇياققا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ھاياتتىن قوللىرىنى يۇيۇپ، ئۆمۈردىن كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ھايت-ھۇيت دېگۈچە دۇنيادىن يوقۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىر يەرگە يىغىلغانىدى. بىراقلا يەردىن كۆمتۈرۈلۈپ سۇ تېگىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار چۈشۈپ كەتكەن ئورۇن خۇددى بۇ ئوۋ سېپىلىنىڭ خەندىكىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ خەندەكنىڭ سۈيى ئۆرلەپ، خەندەك قىرغىقىدىن تېشىپ كەتتى. ياق، قىرغاق ئەمەس. بەلكى سېپىلىنىمۇ ئېشىپ كەتتى. پۈتۈن خالايىق تۆت ئەتراپى سۇ تېگىگە چۈشۈپ كېتىپ، پەقەت ئوتتۇرىسىلا لەيلەپ قالغان بىر پارچە زېمىن ئۈستىدىلا قالدى. بۇ زېمىن سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەيلەپ قالغان بىر دانە خەلۋىرگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. شاھ بىلەن چېرىكلەر ئۆز جانلىرىدىن ئاشۇ سۇدا قولىنى يۇيۇپ، ئۆمۈر كۆرۈشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈشتى. ئوۋ جانۋارلىرىنى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بۇ بىچارىلەرگە ئۇ جانىۋارلار ئەمەلىيەتتە بىر قىلتاق بولدى. نەتىجىدە ئوۋمۇ ئوۋچىمۇ چۆكۈپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلالمىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە ئۇۋ بىلەن ئۇۋچى، يەنى يولۋاس
بىلەن جەرەن تەڭلا قىلتاققا چۈشتى يۈز
تۇمەنلىگەن يولۋاس ۋە جەرەنلەر لاتىقا
ئىچىدە غەرق بولۇپ تۈگەشتى. بۇ خىل
ھالاكەتلىك تۇزاق ئالدىدا يولۋاس بىلەن
جەرەننىڭ، ئۇۋ بىلەن ئۇۋچىنىڭ ھېچبىر
پەرقى قالمىدى. ھەممىسى ئوخشاشلا نابۇت
بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇشىنىڭ
ئىمكانى يوق ئىكەنلىكىگە كۆزلىرى يېتىپ،
بارلىق تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت شىجائىتىـ
نى ئىشقا سېلىپ، بىر-بىرلىرى بىلەن
قۇچاقلىشىۋالدى. بەھرام بىلەن دىلئارامـ
دىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق
بىر-بىرىگە شۇنداق چىڭ يېپىشىپ كەتتىكى،
ئۇلار بىرلىشىپ، بەئەينى بىر گەۋدىگە،
يەنى بىر جان، بىر تەنگە ئايلىنىپ كېـ
تىشتى. شاھ شۇ ھالەتتە بۇ يەردىكى پۈتـ
كۈل قوۋم-پۇقرالىرىنىڭ تامامەن چۆكۈپ
كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. پۈتكۈل
لەشكەرلەر خۇددى چۈمۈلىلەردەك پېتراپ
كېتىشتى، چۈمۈلىدەك يەر تېگىگە كىرىپ
كېتىشتى. لەشكىرىمۇ چۈمۈلىدەك، سۇلايـ
مان سۈپەت پادىشاھمۇ خۇددى چۈمۈلىـ
دەك يەر قەرىگە كىرىپ كەتتى. پۈتكۈل
ئالەم خەلقىنىڭ ئاخىرقى جايىي پەقەت
گۆردىنلا ئىبارەتتۇر. بەھرام گۆرنىڭ
ئىسمىمۇ گۆردۇر. شۇنى بىلگىنىكى، بۇ
مەككار جاھاننىڭ خۇي-ئادىتى كىشىلەرـ
نى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ يۇتۇشتىن
ئىبارەت. خەلق يۇتالىغىنىلا يۇتىدۇ. لېـ
كىن بۇ نەيرەڭۋاز ئالەم بولسا بارچە
خەلقنى، ئۇ يۈزمىڭلارچە كۆپ بولسىمۇ،
بىردەمدىلا يوقىتىۋېتىدۇ. ھەممە مەخلۇقلار
بۇ ۋەھشىي ئەجدىھادىن چەكسىز ئەنسىرەيدۇ.

بەھرامنىڭ تەقدىرى شۇ قەدەر ئاجاـ
يىپ-غارايىپ بولىدىكى، ئۇنىڭ مۇشۇنچە
كاتتا ھوقۇق-ھەشەمىتى بىلەن جاھانغا
سىغماي كېتىۋاتقان سان-ساناقسىز لەشـ
كىرىنى بۇ ۋاپاسىز دۇنيابىر دەمدىلا ئەجدىـ
ھادەك دەم تارتىپ، بىراقلا يۇتۇۋەتتى.
ھېچكىمگە ئۇلارنىڭ خەۋىرى يەتمىدى.
ئۇلار جاھاندىن ئىز-دېرەكسىزلا يوقالدى.

يا ئاللاھ، بۇ ئالەم ئاجايىپ بىر
ئەجدىھادۇر. ياق ئەجدىھا ئەمەس، بەلكى بارـ
لىق جانلىقلارنىڭ جېنىغا غايەت زور بالا-قازا
دۇر. كىشىلەر ئەجدىھادىن رەنج ۋە مۇشەققەتـ
مۇ تېپىپتۇ. خەزىنە ۋەپايىدا-مەنپەئەتمۇ تېـ
پىپتۇ. بىراق بۇ ئەجدىھانىڭ ساپلا ۋەيـ
رانچىلىق ۋە ھالاكەتتىن ئۆزگە پايدا
مەنپەئىتىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقماپتۇ. ھەرـ
قانداق جېنى بار مەخلۇق ئۇنىڭ چاڭگىلىـ
دىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر بىراۋدا
جاندىن ئەسەرلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ زەخـ
مىتىدىن زادى ئامان بولالمايدۇ. بۇ ئەجـ
دىھا جاننى ئېلىش بىلەنلا قويمايدۇ. قانـ
نى شوراش بىلەنمۇ تويمايدۇ. بەلكى
جانلىقلارنىڭ جىسمىنى كۈلگە ئايلاندۇرۇپ
ئۇ كۈلنى تاكى كۈلدىن ھېچ ئىز ۋە نىـ
شان قالمىغانغا قەدەر سورۇيدۇ. كىشى
ئۇنىڭ چاڭگىلىغا بىر دەمدىلا چۈشۈپ قاـ
لىدۇيۇ، لېكىن، يىللار بويى تىرىشچانلىق
كۆرسىتىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. ئۆزىگە يوقلۇق
ۋە يوقسۇللۇقنى غايە ۋە مەسلەك قىلغان
كىشىلەر بەلكى بۇ ئەجدىھادىن غالىب
بولسا كېرەك. گەرچە پەرىدۇندەك بۈيۈك
شاھلارمۇ بۇ ئەجدىھانىڭ ئالدىدا ئاجىز
كەلگەن بولسىمۇ، يوقلۇق دىيارىدىن ئىباـ
رەت بۇ گۈلشەن ئۇ ئەجدىھانى ئاجىز قىـ
لىدۇ. بۇنداق ئەجدىھانىڭ دەرد-ئەلىمىنى
كۆرمەي دېسەڭ، يوقلۇق ۋە يوقسۇللۇق
يولىدا بولغىن، چۈنكى ئەجدىھا سېنى
يوقالغان ھالەتتە كۆرسە نېمە قىلالايتتى.

(تۈگىدى)

# شېئىرلار

## قۇلئەلىم ئامىي زەئىفى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ

مۇھەررىردىن: 1987 - يىلى شائىر قۇلئەلىمنىڭ «تۈت نامە» ناملىق بىر پارچە شېئىرى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئومۇمىي 21 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ئاز بىر قىسىم تەخمىنى قاراشلار ئىلاۋە قىلىنغان.

شائىرنىڭ بۇ قېتىم بايقالغان دىۋانى ھىجرىيە 1262 (مىلادى 1948 - 1949) يىلى تۈزۈلگەن. قول يازمىنىڭ فورماتى 22 × 14 سانتىمېتىر بولۇپ، جەمئىي 107 بەتتىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە 88 غەزەل، 29 رۇبائىي، 87 مۇخەممەس، بىر مەسنەۋى بار قول يازمىنىڭ بىرىنچى بېتىگە «قۇلئەلىم ئاسىي نەھىف، تەخەللۇسى ئامىي زەئىفى» دېگەن مىسرالار خۇشخەت قىلىپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى ئاشكارا بولىدۇ. ئامىي زەئىف دىۋانىنىڭ بۇ قول - يازمىسىدىكى بەزى مەنبەلەردىن قارىغاندا، شائىرنىڭ XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، تاكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە قاغىلىقتا ياشىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

شائىر قۇلئەلىمنىڭ قولىمىزدىكى شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە يەنىلا سۆيگۈ - مۇھەببەت ئاساسىي تېما قىلىنغان. جەمئىيەت رەزىللىكلىرىدىن بىزار بولغان شائىر ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خوشلۇقىنى پاك مەڭگۈلۈك مۇھەببەتتىن ئىبارەت خىيالىي گۈزەللىكتىن ئىستىگەن.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەينى دەۋردىكى رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىمۇ مۇئەييەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆز باھاسىنى بېرىپ ئۆتكەن. ئۆز دەۋرىدىكى تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك، زالىملىق، پارىخورلۇق، ئىككى يۈزلىمىلىك، ئاچكۆزلۈك، ۋاپاسىزلىققا ئوخشىغان تۈرلۈك ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلغان.

ئامىي زەئىف شېئىرلىرىدا يەنە بەزى دىنىي مىستىك تېندىنسىيەلەرمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. بۇ ئاشۇ - دەۋر مۇھىتى ۋە شائىرنىڭ ئېڭىدىكى مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھالەتلەرنىڭ ئىنكاسى. شۇڭا بۇ تەرەپلىرىگە توغرا مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىمىز زۆرۈر.

ئامىي زەئىف شېئىرلىرى بەدىئىي جەھەتتە ساددا، راۋان بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شائىرنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىنىڭ چەكلىك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرى قاپىيە، ۋەزىن ۋە باشقا جەھەتلەردە ئايرىم نۇقسانلاردىن مۇخالىي ئەمەس. بۇ سانىمىزدا ئامىي زەئىف شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق.

سەن ئەگەر بولساڭكى دەردمەند يىغلاغىل يار ئالدىدا،
ئەرزۇ ھالىڭنى بەيان قىلغىلكى دىلدار ئالدىدا.
گەرچە رەھمەت ئەيلەبان ھالىڭنى سورسە ناگەھان،
يالبارىپ سەجدە قىلىپ تۇرغىلكى غەففار ئالدىدا.
دىلبەرىڭنىڭ رەھمەتىدىن ھېچ ئۇمىدىڭ ئۈزمەگىل،
ھەم رىجاۋۇ خەۋف بىلەن بولغىلكى جەببار ئالدىدا.
كۆز ئۇچى بىرلەن ئەگەر دىلبەر ساڭا قىلسە نەزەر،
باش قويۇپ ئاستانەغە تۇرغىلكى غەمخار ئالدىدا.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، تاپقاندا مەردىنىڭ مەردىنى،
ئەمدى بىل يار قەدرىنى بولغىل خەرىدار ئالدىدا.

* *

زىھى دۇنيادا ھەجر ئەتتىڭ مېنى ئەي پادىشاھ، مەھبۇب،
ماڭا رەھم ئەيلەبان يولۇڭغە سال، ئەي رەھنەما، مەھبۇب.
كۆزۈڭنىڭ ئۇچى بىرلەن رەھم ئەيلەپ بىر نەزەر قىلساڭ،
سېنىڭ بۇ ئىلتىفاتىڭغە ئېرۇر مىڭ جان فىدا مەھبۇب.
بەناگاھ رەھم ئەيلەپ مەن غەرىبدىن بىر سوئال سورساڭ،
ھەمە دەردىم بەيان ئەيلەپ قىلۇرمەن سۆز ساڭا مەھبۇب.
سېنىڭدەك ئىككى ئالەم پادىشاھىنى تاپالماسمەن،
سوراپ كەلسەم سېنىڭ يوق مىسلىڭىز، ئەي پارسا، مەھبۇب.
بۇ ئىشقۇ دەرد ـ ئەلەمنى رەھم ئەيلەپ ماڭا تاشلاپسەن،
بۇ يەڭلىغ ئىلتىفاتىڭغە ساڭا مەن ئاشنا مەھبۇب.
جەمالىڭنى تەلەب قىلدىم فەقىر ئامى زەئىف ئاسىي،
گۇناھىم ئەفۋ ئېتىپ قىلغىل تىلەكىمنى ئەتا مەھبۇب.

* *

گەر بولۇتدىن سەن زوھۇر ئەيلەپكى چىقساڭ ماھتاب،
بۇ جەھاندا بولماغاي سەندەك مۇزەييەن ئافتاب.
ئايۇ كۈن جۇملە كەۋاكىب نۇرلارى بولغاي خىجىل،
زەررەچە قالماس سېنىڭ ئالدىڭدا ئەي گۇل، ماھتاب.
سەن ئەگەر قىلساڭ تۇلۇئ ھۇسنۇڭنى ئەلگە كۆرسەتىپ،
چەرخ ئۇرۇپ سەپكۈم ياشىمنى راھىڭە ئەيلەپ گۇلاب.
ئايۇكۈن جۇملە كەۋاكىب نۇرلارى زايىل بولۇر،

هېچ زەمان زايىل ئەمەس نۇرۇڭ سېنىڭ ئەي، ماھتاب.
ئۇشبۇ ئالەم پۇر بولۇر گەرسەن نەجەللى ئەيلەسەڭ،
جۇملە ئاشىقلارغە سەن قىلغىل جەمالىڭ بىھىجاب.
بۇ فەقىر ئامى زەئىفنىڭ تەۋبەسىنى قىل قەبۇل،
مەغفىرەت ئەيلەپ گۇناھىن، ئەيىبىغە ياپقىل نىقاب.

*          *

ئەي خىرەدمەند، بولسە دەردىڭ سەن بارىپ يارىڭغە ئايت.
ساڭا بۇ دەردۇ ئەلەم سالغۇچى جەبباربڭغە ئايت.
هېچكىشى يەتمەس سېنىڭ فەريادىڭە كۆپ يىغلاساڭ،
كۆز ياشىڭنى تۆھفە ئەيلەپ ئۇشبۇ دىلدارىڭغە ئايت.
بۇ ياشىل ئايۋانىنى ئەيلەپ مۇئەللەق بىستۇن،
جۇملەنى خەلق ئەيلەگەن رەھمانۇ سەتتارىڭغە ئايت.
ئىشقىنىڭ خەنجەرلەرىن باغرىڭغە ئول ئۇرغان ئېرۇر،
بىجەراھەت كۆپ زەئىف قىلغۇچى خۇنخارىڭغە ئايت.
هۇسن باغىدا تۇرۇپدۇر سۇرخگۇل غۇنچە كەبى،
سايراban بۇلبۇل كەبى سۇلتان گۇلزارىڭغە ئايت.
جۇملە غەملەر لايىغە پاتقان فەقىر ئامى زەئىف،
هەرنەچە دەردۇ ئەلەم يەتسەكى غەمخارىڭغە ئايت.

*          *

سېنىڭ لەئلى لەبىڭدىن ئالسە ئاشىق زەررەچە راھەت،
سەمەرقەندۇ بۇخارادا بۇ ئاشىقغە نىمە هاجەت.
ئىكى زۇلفۇڭنى شام ئەيتىڭ سېنىڭ سۇبھى تۇلۇئىڭغە،
سېنىڭ بۇ سۇبھۇ شامىڭغە نە شەمسۇ نە قەمەر هاجەت.
سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭ ئىككى جەھانىنىڭكى چىراغىدۇر،
بۇ يەڭلىغ كۆزلەرىڭغە ئەي ھەبىب، نە سۇرمەلەر هاجەت.
ئىكى قاشىڭنى قەۋس قىلدىڭ ھەمە ناۋەكلەرىڭنى تىير،
ماڭا گەر بىر نەزەر ئەتسەڭ نە ئوقۇ نە كەمان هاجەت.
ئايا ئامى زەئىف، يارىڭ ۋىسالىن كۆپ تەلەب قىلغىل،
كى يارغە ۋەسل گەر بولساڭ نە بۇ هاجەت، نە ئۇ هاجەت.

*          *

مېنىڭ بۇ ئىشقۇ سەۋدايىم ئېرۇركىم ياردىن بائىس،
ۋەلى شايەدكى بولغاي بۇ ماڭا جەبباردىن بائىس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مېنىڭ مەجنۇنلۇغۇمنى ئاھ، نېتەي بىلمەس كىشى ھەرگىز،
بەسى بىمارلىقىم بولغاي پەرى رۇخساردىن بائىس.
مۇھىت دەرياسىغە چۆمدۆم كى چىقماقنى بىلەلمەسمەن،
گۆھەرنى قولغە كەلتۆرمەك ئېرۇر غەففاردىن بائىس.
مېنىڭدەك ئاسىي قۇلغە ساقىيا، بىر جۇرئە مەي بەرسەڭ،
بولۇر مەنسۇر ھەللاجدەك مەجالىس داردىن بائىس.
نە ھەددىڭ بار سېنىڭ مەي ئىچكەلى ئەي، ئاسىيۇ جافى،
كى مەيغە ۋەسل بولماغلىق كېچە بىداردىن بائىس.
ۋەلى تەلبە جۇنۇنۇمغە خەلايىق تەئنە ئايتۇرلار،
مېنىڭ سەۋدايۇ مەجنۇنۇم ئېرۇر دىلداردىن بائىس.
ئايا ئامى زەئىف، يىغلاپ ئۇمۇدىڭ ئۇزمە دىلبەردىن،
ئەگەر بولساڭ كېچە بىدار ئېرۇر دىداردىن بائىس.

* *

بول ئەي ئەھلى خىرەدمەند، ئىشق ئېلىغە ئاشنا ۋارىس،
كى بولدى ئەنبىياغە ئىلمىلىغلار ئىلم ئارا ۋارىس.
زىلەيخا يۇسۇفۇم دەپ يىغلابان كۆپ ئىشقلار تارتتى،
يۇسۇف بولدى زىلەيخاغە يەنە ئىشق ئوتىدا ۋارىس.
چۇ لەيلى ئىشتىياقى ئىچرە مەجنۇن بولدى ئەۋۋارە،
يەنە فەرھاد ئىلە شىرىن بۇلارغە مۇددىئا ۋارىس.
كى گۇلنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇل سەھەردە نالەلەر قىلدى،
كى ۋامىق بىرلە ئۇزرا ھەم ئىدى ئىشق ئوتىدا ۋارىس.
ئەگەر سەن ئاقىلى بولساڭ بۇ ئىشق ئوتىن تەلەب قىلغىل،
ئۇلارنىڭ خاكپايىن كۆزىڭگە قىل تۇتىيا ۋارىس.
ئايا ئامى زەئىف، گەر سەندە بولسا زەررەچە ئىشقى،
ئۆزۈڭگە بىل غەنىمەت ئىشق ئىبلى دەردكە دەۋا ۋارىس.

* *

ئايا دىلبەر، بۇ دەردىمغە تاپالمادىم دەۋانى ھېچ،
كى بىمارۇ زەئىف بولدۇم تاپالمادىم تەۋانى ھېچ.
سەھەر ۋەقتى شەمالى زۇلفىڭىزدىن بۇي كەلتۆردى،
مۇئەتتەر بولدى ئالەم، بولمادى ماڭا نىشانى ھېچ.
چۇ دەرگاھىڭدا ئاسىيمەن ۋەيا قارامىدۇر بەختىم،

ۋەياكى تالئىم چەپمۇ بىلەلمەم بۇ بەلانى ھېچ.
سېنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدا بەسى غەم لايىغە پاتتىم،
ساڭا بىر ۋەسل بولماقغە تاپالمادىم زەمانى ھېچ.
سەھەردە نالەلەر ئەيلەپ كۆزۈمنىڭ ياشىنى ژالە،
كى دىلدارىڭنى كۆرمەككە تاپالمادىم مەكانى ھېچ.
سېنى ئىزدەپ يولۇڭ چىقسام مېنى قەسد ئەيلەگەيلەر خەسىم،
بۇ دۈشمەندىن خەلاس قىل دەپ قىلالمادىم دۇئانى ھېچ.
ئايا ئامى زەئىف، دىلبەر ۋىسالىن ئارزۇ قىلساڭ،
ئۆزۈڭگە قىلماغىل ھەمرا بۇ نەفس ئىلە ھەۋانى ھېچ.

* *

ئەجەب مەن قۇلنى ھەيران ئەيلەدى ئول ماھتابان رۇخ،
نەزەر قىلماي ماڭا بىر قىلدى دائىم ئۆزگىگە ئول شوخ.
زىھى دەرماندا قىلدى ھەجر ئوتى مەندەك غەرىب قۇلنى،
كى يۈزمىڭ ناز بىرلە يۈز ئۆگۈردى نازىنىن گۇلرۇخ.
يۈزىدىن پەردەنى گەر رەفئ ئېتىپ ماڭا نەزەر قىلسە،
بولۇپ بىھۇش قالۇرمەن ئەزجەمالۇ ھۇسن ئان گۇلرۇخ.
سەھەر بۇلبۇل كەبى سايراپ چەمەندە نالەلەر قىلسام،
بۇ فەريادۇ فىغانىمغە ھەنۇز رەھم ئەتمەدى گۇلسۇرخ.
ئايا ئامى زەئىف، بۇلبۇل كەبى نالان قىلىپ يۈرگىل،
ساڭا شايەدكى رەھم ئەيلەپ نەزەر قىلغاي ئوشۇل گۇلرۇخ.

* *

كېچە ـ كۈندۈز سېنىڭ ئىشقىڭ ئوتىدا ئەيلەدىم فەرياد،
ھەمە ئىسيان ئىلە ئەخلاقى بەددىن قىل مېنى ئازاد.
زىھى ھۇسنۇڭ سېنىڭ كۆپ ئۆرتەدى بۇ خەستە جانىمنى،
تەئەججۇب ئەيلەبان ھۇسنۇڭغە قىلغايلار ھەمە فەرياد.
كىشى گەر بولسا ئاشىق ئەيلەسۇن كۆز ياشىنى جەيھۇن،
كى ئول تاش لەئل ئاتاندى كۆز ياشى قان ئاقىزىپ فەرھاد.
سېنى تاپماق ئۈچۈن ئىزدەپ يولۇڭغە مەن قەدەم قويسام،
يولۇمغە دام قويۇپدۇر نەفسۇ شەيتان بۇ ئىكى سەييياد.
سېنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدا مېنىڭ كۆڭلۈم بەيابانىدۇر،
ۋىسالىڭ چەشمەدىن غەرق ئاب ئېتىپ كۆڭلۈمنى قىل ئاباد.

ئۆزى ۋەئدە قىلىپدۇر «مېنى ياد ئەت، مەن سېنىڭ يارىڭ»،
ۋەفا ئەلبەتتە قىلغاي ۋەئدىغە ھەرلەھزە قىلساڭ ياد.
فەقىر ئامى زەئىفنى رەھمەتىڭدىن سەن يىراق ئەتمە،
جەمىئى ياخشى ئەئمالىن قەبۇل قىل، قىلماغىل بەرباد.

* *

ھېچ نېمە كەۋنەين ئىچرە ياركەبى ئېرمەس لەزىز،
لېك ئانىڭ لەئلى لەبىدەك ھېچ لەبى ئېرمەس لەزىز.
مىسرىنىڭ قەندى ئانىڭ لەبىغە بەردىكىم خىراج،
گۇلدەك ئاغزىنىڭ سۇيىدەك ھېچ سۇيى ئېرمەس لەزىز.
سەن تاتار بىرلە خوتەن مىشكىنى تەئرىف ئەيلەمە،
يارىنىڭ زۇلفى بۇيىدەك ھېچ بۇيى ئېرمەس لەزىز.
ئۆزگەدىن شىرىن سۇخەن قىلسە قۇلاقىڭ تىڭلاماس،
يارىڭ قىلغان سۆزىدەك ھېچ سۆزى ئېرمەس لەزىز.
ھەربەلا كۇلفەت باشىڭغە ياغسا يامغۇرلار كەبى،
يارغە ئەرز ئەيلەگەندىن ئۆزگەسى ئېرمەس لەزىز.
ھېچ زەمان قىلما فەرامۇش يارىڭ زىكرىنى سەن،
يارنى ياد ئەيلەگەندىن ئۆزگەسى ئېرمەس لەزىز.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، يارىڭنى سەن زىكر ئەيلەگىل،
يارىڭ زىكرى لەزىزدۇر، ئۆزگەسى ئېرمەس لەزىز.

* *

سېنىڭ لەئلى لەبىڭنىڭ ھەجر ئوتى جانىمغەدۇر نافىز،
تېخى جاندىن ئۆتۈپ زىروۋە ئۇلۇپ قانىمغەدۇر نافىز.
ئەگەر شامۇ سەھەر ئىشقىڭدا مەنكۆز ياشىمى تۆكسەم،
كۆزۈمدىن سىيل قىلغان ئەشكلەر قانىمغەدۇر نافىز.
ماڭا رەھم ئەيلەبان رەنجۇر تەنىمغە تىيرلار ئاتتىڭ،
بۇ جۇملە ئوقلارىڭ بۇ جىسمى ئۇريانىمغەدۇر نافىز.
جەمالىڭنى ھەمىشە ياد ئېتەرمەن ھەم ۋىسالىڭنى،
كى دىدارىڭ تەلەب قىلسام بۇ ھىجرانىمغەدۇر نافىز.
ئايا ئامى زەئىف ئاسى، بەسى زۇلمەتتە قالدىڭسەن،
غەرىبلىقىدا چۇ ئۇرساڭ ئاھ كى جانانىمغەدۇر نافىز.

* *

ئايا دىلبەر، تىلىگىدىن بەرمەدىڭ بىر ۋۇقئەئى كاغەز،
مېنى بىر نامە بىرلە ياد ئېتىپ ھېچ بەرمەدىڭ كاغەز.
ۋەلى رەۋزى جەزادا ئىلتىگۇڭ ھەركىمگە بىر نامە،
قۇلۇڭنى قىلماغىل رەسۋا سىياھى قىلماغىل كاغەز.
كى مۇندا سەندىن ھەجر ئۇلدۇم، كى ئاندا قىلماغىل ھىجران،
مېنىڭ نامەم سىياھ قىلمە مۇنەۋۋەر ئەيلەگىل كاغەز.
ئۆزۈڭ قازى بولۇپ، دوستۇڭ شەفائەت تەختى ئۈستىدە
تۇرۇپ سورغان زەماندا ئىلتەگىل ئوڭ يانىمە كاغەز.
ئايا ئامى زەئىف، دىلبەر ئۇچۇن خادىم بولۇپ تۇرغىل،
ئۇمىددۇر رەھم ئېتىپ ئازاد خەتىڭغە ئىلتەسە كاغەز.

* *

جەمالىڭدىن فىراق ئۇلغاچ كى ھەيران ئۇلدۇم ئەي دىلبەر،
ساڭا بىر ۋەسل قىلماققە تاپالمادىمكى خۇب رەھبەر.
سېنىڭ ھەجرۇ فىراقىڭدا كى تاقەت قالمايەن يەكدەم،
جۇنۇن سائىل بولۇپ يۈردۈم مەزارۇ خانىقاھ، لەنگەر.
سېنى ئىزدەپ خەيال ئەيلەپ يولۇڭغە بىر قەدەم قويسام،
كۆزۈمگە قوم قۇيۇپدۇر نەفسۇ شەيتان مىسلى رىھ سەرسەر.
ئايا دىلبەر، بۇ ئىككى دۈشمەنىمدىن ساقلا مەن قۇلنى،
ئەگەر قەسد ئەيلەسە مەن ئاسىينى بەرگىل ماڭا شەمشەر.
چۇ سەندىن ئايرىلىپ ھۇسنۇ جەمالىڭ كۆرمەسەم ناگاھ،
ھەلاك ئەتكۈم ئۆزۈمنى بۇ يۈرەكىمگە ئۇرۇپ خەنجەر.
ئايا ئامى زەئىف، سەن نەفس ئىلە شەيتانغە بول ئاسىي،
قايان ئەمر ئەتسە زىددىن ئەيلەبان كۆزىگە ئۇر نەشتەر.

* *

يارغە ئاشىق بولساڭىز ئول يارنى دائىم ئىستەڭىز،
دائىما ھازىردۇرۇر ھەر يەردە ئول يارى ئەزىز.
گەر ئەزىزنىڭ مەئنىسىنى سورساڭىز مەن خەستەدىن،
دەپدۇرۇر ئەھلى لۇغەت مەنادا كەمياب ئەي ئەزىز.
ناگەھان قىلسە تۇلۇئ نازۇ كەرەشمە بىرلە ئول،
ھۇسن ئىچىدە مىسلى يۈقتۇر لال بولادۇر ئەقلىڭىز.

زۇلفىنىڭ تارىن پەرىشان ئەيلەسە بادى سەباھ،
گەر ئانىڭ زۇلفى ساچىلسە جەمئ بولغاي كۆڭلىڭىز.
گەر راۋاق ئۆزرە تۇرۇپ قىلسە نەزەر كۆز ئۇچىدا،
مەن ھۇشۇمدىن كېتىبان ئۆلسەمكى ھالىم سورماڭىز.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، يارىڭ پەرىزاد شاھىدۇر،
تاپماقىڭ مۇشكۇلدۇرۇر بىلسەڭ خۇداغە يىغلاڭىز.

* *

كەلمەگەي دۇنياغە ھەرگىز سەن كەبى بىر قارا كۆز،
ھۇسن ئىچىدە پادىشاھسەن زۇلفى سۇنبۇل قارا كۆز.
زۇلفىڭىزنىڭ ئالدىدا يەلدا كېچە بولغاي خىجىل،
ھەم كۆزۇ زۇلفىڭ كۆرۈپ بولغاي زەۋال ئەي قارا كۆز.
ناگەھان قىلساڭ تەبەسسۇم تىشلارىڭنىڭ نۇرىدىن،
ئايۇ كۈننىڭ نۇرلارى بولغاي خىجىل ئەي قارا كۆز.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، يارىڭنى تەۋسىف ئەيلەدىڭ،
گەر نەسىب قىلسا كۆرەرسەن ئول جەمالى قارا كۆز.

* *

فىغان، دەردۇ ئەلەمدىن خەستە كۆڭلۈم بولمادى غەمسىز،
كىشىنىڭ بولسا ئىشقى كۆزلەرى بولماس ئانىڭ نەمسىز.
مەنىم ئاجىز زەئىف ھەجرۇ فىراقىدا كۆپ غەمىم باردۇر،
جەھاننى دەۋر قىلسام مەن تاپالمام بىر كۆڭۈل غەمسىز.
ئەگەر سەندىن جۇدا بولسامكى يوقتۇر ماڭا بىر ھەمدەم،
مېنىڭدىن ئۆزگە ھېچكىم بولمادى دۇنيادا ھەمدەمسىز.
بىل ئەي، فەرخۇندە خۇي دىلبەرنى تاپماق ئاسان ئېرمەستۇر،
ھەمە ئۇششاقلار تاپقان ئەمەسدۇر دەرد ئىلە غەمسىز.
كىشىنىڭ كۆڭلىدە ئىشقۇ مۇھەببەت بولماسا زەررە،
تېرەك يەڭلىغ سەمەرسىز مىسلى خەشخاش گەردەنى خەمسىز.
ئايا ئامى زەئىف، ئىشقۇ فىراقنى كۆرمەگىل ئاسان،
ئاڭا سەن ۋەسل بولماسسەن كۆزۈڭنى ئەيلەسەڭ نەمسىز.

* *

ئەھلى ئاشىق مەئشۇقىدىن ئۆزگەنى ياد ئەيلەمەس،
دەردۇ غەم كەلسە باشىغە ئۆزگەگە داد ئەيلەمەس.

سەن ئەگەر جاندىن كېچىپ جانانغە قۇربان ئەيلەسەڭ،
ۋەسل قىلغاي ئول سېنى ئۆزگەگە سەييياد ئەيلەمەس.
باشىڭە ياغسا بەلالار قەترە يامغۇلار كەبى،
شۆكر قىل مەئمۇر بولۇرسەن سېنى بەرباد ئەيلەمەس.
گەر بەيابان ئىچرە يامغۇر ياغسا ئۈندۈرگەي گىياھ،
ئابۇ يامغۇر كىرمەيىن چۆللەرنى ئاباد ئەيلەمەس.
بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاساڭ كەلگەن بەلاغە سەبر قىل،
ناگەھان سەبر ئەتمەسەڭ كۆلفەتتىن ئازاد ئەيلەمەس.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، كەلگەن بەلاغە شۆكر قىل،
ۋەسلىنىڭ نىشانى شولدۇر سېنى ئىبئاد ئەيلەمەس.

* *

ۋەھ، زىھى غۇنچە كەبى ھۇسنۇڭغە گۈللار ئوخشاماس،
ۋەھ، يەنە لەئلى لەبىڭغە غۇنچە گۈللار ئوخشاماس.
ناگەھان نازۇ كەرەشمە بىرلە سەن سۆز ئەيلەسەڭ،
بۇ ئەجەب ئاۋازىڭا ئاۋازى بۇلبۇل ئوخشاماس.
قاشلارىڭ دەيمۇ سېنىڭ، ناۋەكلەرىڭ دەيمۇ سېنىڭ،
قوللارىڭىز ئاج يەڭلىغ ئۆزگە قوللار ئوخشاماس.
ئاي يۈزۈڭ خالۇخەتىن ياد ئەيلەسەم يوق ھۇش ماڭا،
باشىڭە گۈللار قىسىپسەن ئۆزگە گۈللار ئوخشاماس.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، دىلبەرغە سەن قۇل بولغاسەن،
يولىدا بولساڭ جىلاۋدار ئۆزگە يوللار ئوخشاماس.

* *

ئەي شەھەنشاھىم سېنىڭدىن ئۆزگەسى يارىم ئەمەس،
سەندىن ئۆزگە ھېچ كەسى دۇنيادا غەمخارىم ئەمەس.
غايىبۇ ھازىردا ياد ئەتسەم سېنى ئەي دىلبەرىم،
سەن خەبەردارسەن ماڭا ئۆزگە خەبەردارىم ئەمەس.
خاھى مۇندا، خاھى ئاندا ماڭا سەن سەردارسەن،
سەندىن ئۆزگە ھېچ كىشى ھېچ يەردە سەردارىم ئەمەس.
خەستە كۆڭلۈمنى ئەگەرسەن ئىلتەسەڭ رەھم ئەيلەبان،
سەن ئېرۇرسەن دىلبەرىم ئۆزگەسى دىلدارىم ئەمەس.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، كۆڭلۈڭنى سەن جەمئ ئەيلەگىل،
كۆڭلىنى ھەريان ئىبەرمەك ياخشىلىق كارىم ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

* *

ئەي، سىنىڭ ھەجرىڭ مىنىڭ كۆڭلۈمنى غەمكىن ئەيلەمىش،
سۇرخ گۇل يەڭلىغ چىرارىم كاھ رەنگىن ئەيلەمىش.
غەمزەڭىزنى ياد قىلسام ئۆرتەنۇر جانىم مىنىڭ،
ھەم جەمالىڭ كۆرمەگەچ كۆزۈمدە ئەشكىن ئەيلەمىش.
يارنىڭ ئىسمىنى ھەركىم بىلسە كۆڭلىدە لەزىز،
زاھىرۇ باتىنىدە دائىم زىكرى تەلقىن ئەيلەمىش.
گەر سىنى بىر كۆرسە ئىردى ئىنس ئىلە جىنۇ پەرى،
ئەقلۇ ھۇشىدىن كىتىپ ھۇسنۇڭگە تەھسىن ئەيلەمىش.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، يارىڭ ئۈچۈن جان بەرگەسەن،
ئول ئۈچۈن ئۆلسەڭ تىرىك ۋەسلىنى تەكفىن ئەيلەمىش.

* *

ئايا ئاشىق، ۋەفا قىل ۋەئىدىگە ئول ھەم ۋەفا قىلمىش،
ئەگەر قىلسە ۋەفا ئاشىقغە كىم ئەۋۋەل جەفا قىلمىش.
كىشىكىم جانۇ دىلدا ئول ۋەفادار يارنى ئىستەيدۇر،
ۋەفا قىلماق ئۈچۈن ئول بەندەغە بوستان بىنا قىلمىش.
ئەگەر سەن ئىستەسەڭ تىنماي ئانىڭ زىكرىنى تەلقىن قىل،
كىشى چىن بولسە ئاشىق ئاڭا جانىنى فىدا قىلمىش.
ئەزەلدە ھەر كىشىنى رەھم ئىتىپ قىلسا سەئادەتمەند،
ئۆزى مەتلۇب ئولۇپ تالىب قىلىپ يولدا گەدا قىلمىش.
ئانى تاپماق ئۈچۈن بۇ خەستە جانىڭ ئەيلەسەڭ قۇربان،
ئۇمىددۇر ۋەسل ئىتەرگە دەردۇ غەمگە مۇبتەلا قىلمىش.
ئايا ئامى زەئىف، يارنىڭ جەمالىن كۆرمەدىڭ ھەرگىز،
تەلەب قىلساڭ كۆرەرسەن ھاجەتىڭنى ئول رەۋا قىلمىش.

* *

سىنىڭ دەردۇ فىراقىڭدا ھەلاكەتكە يىتەر بۇ باش،
خۇدا ھەرگىز ياراتماس سەن كەبى بىر شوخ باغرى تاش.
بۇ ھۇسن ئىلە جەمالىڭغە ھەمە شەھزادەلەر مۇشتاق،
سىنى ھەركىم كۆرەي دىسە ئاقىزسۇن كۆزىدىن قان ياش.
كى شىرىن ئىشقىدا فەرھاد بەسى نالە قىلىپ يىغلاپ،

ئۇشۇل تاش لەئل ئاتاندىكىم كۆزىدىن ئاقىزىپ قان ياش.
ئەگەر سەن رەھم ئەيلەپ مەن غەرىبغە بىر نەزەر قىلساڭ،
سېنىڭ گەۋھەر كۆزۈڭگە دىلبەرىم تەسەددۇق ئولسۇن باش.
ئايا ئامى زەئىف، جانان ئۇچۇن جانىڭ فىدا قىلغىل،
كى جاندىن كەچمەيىن ۋەسل ئولماغۇڭ ئول شوخ قۇندۇز قاش.

* *

مېنىڭ دەردۇ غەمىم ئۆزۈڭگە مەخسۇس، بۇ ھەم بىھۇدە ھۇسن سۆزۈڭگە مەخسۇس.
ھەمەنۇرى خۇدا يۈزۈڭگە مەخسۇس. ھەمە ساھىبجەمال ھۇسنۇڭگە مۇھتاج،
كىيىكلەر كۆزىنى كىم تەئرىف ئەتسە، ھەمە ھۇسنۇ جەمال ئۆزۈڭگە مەخسۇس.
كى دەپدۇر لەغۇ ھۇسن كۆزۈڭگە مەخسۇس. ئايا ئامى زەئىف، دىلبەرنى ئىستە،
يەنە شەھتۇتى سۆزىن قىلسە تەۋسىف، ئانىڭ زىكرىدىن قىلىپ كۆڭلۈڭگە مەخسۇس.

* *

ھەجر ئوتى قىلدى مېنىڭ بۇ ئۇستىخانىمنى مەرىز،
ئۇستىخانىمدىن ئۆتۈپ قىلدى بۇ جانىمنى مەرىز.
ھەر مەرىزغە بىر سەبەبدىن دارۇ نافىئ بولغۇسى،
ماڭا قىلغان دارۇلار قىلدى تەۋانىمنى مەرىز.
كېچەلەردە ئۇيقۇلاپ تۈشۈمدە دىلبەرنى كۆرۈپ،
غەمزەسى قىلدى مېنىڭ روھى رەۋانىمنى مەرىز.
ئانى ئىزدەپ مەن تاپالماي قامەتىم دۇتاھ ئېرۈر،
ئىشق ئوتىنىڭ داغى قىلدى نەۋجەۋانىمنى مەرىز.
ھەر زەمانىكىم فىكر قىلسام گەر ئانىڭ جەمالىنى،
يۈرەكىم خۇن ئۆيرۈلۈپ قىلدى بۇ جانىمنى مەرىز.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، بولدۇڭ ئەجەب بىر ناتەۋان،
كى ئانىڭ فىراق ئوتى قىلدى بۇ جانىمنى مەرىز.

* *

قۇتۇلدۇم دىلبەرغە يىغلاپ بىئەدەبلىغدىن بۇ خەت،
گەرچە مەن بولسامىمۇ مەجنۇن دېمەگىل بۇ سۆز غەلەت.
ئاي يۈزىنى كۆرسە ھەركىم ئاڭا مۇشتاق ئولغۇسى،
ھېچ بەھاغە كەلمەگەي ئول ئاي يۈزىدە خالۇ خەت.

بۇ مېنىڭ روھۇم ئانىڭ ئىشقىدە پەرۋاز ئەيلەگەي،
قۇشۇ بازى ئىلكىدە ئۇچالماغاندەك قازۇ بەت.
كىم ئانىڭ يولىغە كىرسە جەھدۇ جەد قىلماق كېرەك،
ھېچ كىشى قىلماي رىيازەت تاپماغاي ھازەنئەمەت.
ئەي فەقىرئامى زەئىف، ئىلكىڭگە ئال دۇۋات ـ قەلەم،
دىلبەرىڭ تەۋسىفىنى سەھفە يۈزىغە ئەيلە خەت.

* *

سېنىڭ دەردۇ غەمىڭ ئىچرە يۈرۈبان قىلماغۇم بىر لەفز،
سېنىڭ ئالدىڭدا ھۇشۇم يوق تۇرۇبان قىلماغۇم بىر لەفز.
ئەگەر سەن بىر سوئال سورساڭ نە قىلدىڭۇ نە ئەتتىڭ دەپ،
يۈزۈڭنىڭ نۇرىدىن بىھۇش بولۇبان قىلماغۇم بىر لەفز.
بەناگاھ رەھم ئېتىپ بوستان سارى قىلساڭ مېنى تەكلىف،
ئەجەب يوق ۋەئىدە قىلدىڭ ئەۋۋ قىلساڭ قىلماغۇم بىر لەفز.
ئەگەر كۆرسەم جەمالىڭنى ماڭا لازىم ئەمەس ھېچ شەيئ،
جەمالىڭنى نەسىب قىلغىل كۆلۈبان قىلماغۇم بىر لەفز.
ئۆزۈڭ رەھم ئەتمەسەڭ سەندىن بۆلەك ھېچ راھىمىم يوقدۇر،
قۇلۇم دەپ مەغفىرەت قىلساڭ نە ئوبدان قىلماغۇم بىر لەفز.
فەقىر ئامى زەئىفنىڭ يۈرەكى دەردىڭدە سەد پارە،
يېتەرمەنمۇ ۋىسالىڭگە سورۇبان قىلماغۇم بىرلەفز.

* *

يارنىڭ زىكرىنى ھەردەم كۆڭلۈڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز،
قىلماغىل لەھزە فەراموش فىكرىڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز.
ھەر زەمان ئەيلەپ تەفەككۇر يارنىڭ سەنئەتلەرىن،
بارچە ئىشغە سانىئۇ قادىرلىق ئىچرە ئەيلە ھىفز.
زەندەنى مۇردە قىلۇر، ھەرمۇردەنى زەندە قىلۇر،
بۇ سۇفەتلىك دىلبەرىڭنى كۆڭلۈڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز.
ناگەھان رەھمەت كۆزى بىرلە ساڭا قىلسە نەزەر،
تۆكۈلۈر ئەشكىڭ يۈزۈڭگە كۆڭلۈڭ ئىچرە ئەيلە ھىفز.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، يارنىڭ سۆزىنى ھىفز قىل،
تەن بۇزۇلماس گۆر ئارا قۇرئان دىل ئىچرە ئەيلە ھىفز.

www.uyghurkitap.com

* *

بۇ جەھانغە بولمادى ئول ماھتابان تالىبى،
بولغۇسى تۇلۇئىغە قارا بۇلۇتلار مانىئ.
گەر بۇلۇت زايىل بولۇپ قىلسە تۇلۇئ ئول ماھرويى،
نۇرىدىن بىھۇش بولۇپ كۆزۈمدىن ئوتلار ساتىئ.
ئىككى زۇلفىنى شەمال ناگاھ پەرىشان ئەيلەسە،
تارىنىڭ ئاۋازىنى بولغاي قۇلاقىم سامىئ.
گەر راۋاق ئۆزرە چىقىپ ھالىمغە ئەيلەپ بىر نەزەر،
رەھم ئېتىپ قىلسە تەبەسسۇم بولسە ھۇشۇم راجىئ.
گەر ئىشارەت ئەيلەسە «ئەي بىئەدەب، كەتكىل،» دەبان،
مۇندا سەن تۇرساڭ بولۇر ماڭا مەلامەت ۋاقىئ.
ۋەئدە قىلسا تاڭلا كەلگىل بوستانغە ئەي غەرىب،
مەن سېنى مېھمان قىلاي ئەجرىڭنى قىلماي زايىئ.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، سەن دىلبەرىڭدىن تۇت ئۇمىد،
بۇ ئەجەب ئېرمەس سېنى بوستانغە قىلسە تابىئ.

* *

سېنىڭ ھەجرۇ غەمىڭدىن باغرىم ئىچرە بولدى يۈزمىڭ داغ،
ساڭا ۋەسل ئولماقىمنى مەنئ ئېتەر ئالدىمدا يۈزمىڭ تاغ.
سېنى ئىزدەپ سەھەر بۇلبۇل كەبى كۆپ نالەلەر قىلسام،
بۇ نالەمغە ھۇنۇز رەھم ئەتمەدى ئول گۇلشەنۇ گۇلباغ.
ئەگەر ھەر دائىما ياد ئەيلەسەم باغرىم كەباب يەڭلىغ،
ۋەلى ھۇسنۇ جەمالىڭنى كۆرەرگە تاپمادىم بىر چاغ.
زىھى ئىشقىڭدا بولدۇم تەلبە يەڭلىغ مەست مۇستەغرەق،
ۋىسالىڭنى نەسىب ئەيلەپ مېنى قىل مەستلىكىمدىن ساغ.
ئايا ئامى زەئىف، مەھبۇب ئۈچۈن خۇن ئەيلە باغرىڭنى،
ھەمە بىمارلىقىڭدىن ئول سەبەبدىن سەن بولۇرسەن ساغ.

* *

ئەي سېنىڭ دەردىڭ مېنى قىلدى گەدايان يەڭلىغ،
ھەجرىنىڭ سەھراسىدا غۇل بەيابان يەڭلىغ.
ھەرنەچە قىلسام تەكەللۇم نەفئى يوقتۇر كىشىغە،

بۇ جەھانغە كەلمەگەيمەن ۋەھشى ھەيۋان يەڭلىغ.
مەن ساڭا ۋەسل ئولغالى يول تاپمادىم ھېچ ۋەجھىدىن،
بولماغاي دۇنيادا مەن ئەھمەقۇ نادان يەڭلىغ.
ئىستەسەم ئالەم يۈزىنى مەن تاپالمام سەن كەبى،
ھۇسن ئىلە جەمالىڭ ئېرمەس پەرى ئىنسان يەڭلىغ.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، يارىڭ كىشىگە ئوخشاماس،
ھۇسنىنىڭ نۇرى ئېرۇر خۇرشىد تابان يەڭلىغ.

*　　　*

بۇ جەھاندا ھېچ نېمەرسە سەن كەبى ئېرمەس لەتىف،
ھېچ مەخلۇق سەن كەبى ئالەمدە ئېرمەسدۇر ئەفىف.
ھەر زەمـان ئىشق ئوتىدا دەردىڭنى ئەيلەرمەن غىزا،
بۇ غەلىز جىسمىم كەباب يەڭلىغ بولۇپ بولدى خەفىف.
ھەسرەتىڭدە جۇملە ئۇششاق قان يۇتارلار دەمبەدەم،
ھېچ زەمان مەۋجۇد ئەمەسدۇر سەن كەبى زاتى شەرىف.
خۇيلارىڭنى ياد ئېتىپ ئىككى كۆزۈم ياشقە تولۇپ،
قۇرۇبان يافراغ كەبى بۇ ئۇستخان بولدى نەھىف.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، دىلبەر يولىن قەسد ئەيلەسەڭ،
تەۋبەنىڭ دەرياسىغە چۆمگىل ئۆزۈڭنى قىل ئەفىف.

*　　　*

تەندۇرۇس جىسمىمنى غەمدىن ناتەۋان قىلدى فىراق،
زىندەلىكتە ئۆلدۈرۈپ كۆپ قەسدى جان قىلدى فىراق.
ھەر سەھەر بۇلبۇل كەبى ئىشقىڭدا مەن نالان قىلىپ،
سۇرخ گۇل يەڭلىغ چىرايىم زەئفىران قىلدى فىراق.
ھەر زەمان لەئلى لەبىڭنى ياد قىلسام جەزب ئۇرۇپ،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى خۇنى رەۋان قىلدى فىراق.
مەن ساڭا ۋەسل ئولمايىن كوھۇ بەيابانىنى كېزىپ،
ھەجر دەشتىدە مېنى خوشك ئۇستخان قىلدى فىراق.
ھەسرەتىڭدە ئاھ ئۇرۇپ بۇ ناتەۋان جىسمىم قۇرۇپ،
بۇ مېنىڭ گۇلدەك چىرايىمنى سەمان قىلدى فىراق.
بۇ فەقىر ئامى زەئىفنى ھەجر ئوتىدا كۆيدۈرۈپ،
كۆز ياشىنى ئاقىزىپ باغرىنى قان قىلدى فىراق.

* *

رەھم ئېتىپ مەندەك غەرىبغە جىسمى بىمارىمغە باق،
جىسمى بىمارىمنى كۆيدۈر نالەۋۇ زارىمغە باق.
دائىما ئىشقىڭدا يىغلاپ يۈزلەرىم يەرگە سۈرۈپ،
نالە قىلدىم رەھم ئەيلەپ ئاھ ئىلە زارىمغە باق.
ئاي يۈزۈڭنى كۆرمەيىن بولدۇم جۇنۇن چۆللەر ئارا،
خانەۋەيران دەشت ئارا يۈرگەن جۇنۇن كارىمغە باق.
ھېچ ۋىسالىڭ تاپمايىن بولدۇم بۇ شەھر ئىچرە غەرىب،
بۇ غەرىبلىق شەھرىدە بۇ كۆڭلى ئەۋۋارىمغە باق.
بۇ فەقىر ئامى زەئىف شام ۋەقتىدە بولدۇم غەرىب،
تاڭلا كۈن دېگىل سەھەر بولغاندا دىدارىمغە باق.

* *

ئاقىلى بولساڭ ئۆزۈڭنى ئىشق ئوتىغە قىل ياۋۇق،
ئۇشبۇ ئوتنى ساقلاغىل ئەيلەپ ئۆزۈڭنى چۈن ماۋۇق.
ئىشقىنىڭ دەرياسىغە چۆمگەن كىشى گەۋھەر ئېرۇر،
بىمۇھەببەت ئادەمى چۈن پەلەغى تۇخمى تاۋۇق.
مەرد ئاشىقىنىڭ سۆزى سىياھى سەڭنى ئېرۇتۇر،
سوفى جاھىلىنىڭ سۆزى بارچە ئىشى مۇزدىن ساۋۇق.
ئىشقى چىن بولسە كىشىنىڭ ئۆزى مۈڭلۈغ بولغۇسى،
كۆزدە ياشى بولۇر كۆڭلى ئانىڭ بولغاي سۇنۇق.
ئىشىقىنىڭ دەرياسىدىن گەۋھەرنى چىن ئالغان كىشى،
ئىچ - تاشى بولغاي ئانىڭ شەمسۇ قەمەر يەڭلىغ يارۇق.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، كىرگىل ئىشقىنىڭ يولىغە،
ئۇشبۇ يولدىن چىقمايىن ئىشقۇ مۇھەببەتغە يولۇق.

* *

بەھار ۋەقتىدە كەلدى تاغۇ تاشدىن بىر غەرىب كاككۇك،
غەرىبلىقدە يۈرۈپ دەردىغە يىغلاپ قىچقىرىپ كاككۇك.
سىنىڭ يادىڭدا يىغلاپ كۆز ياشىمنى ئاقىزىپ يۈرسەم،
يۈرەكىم پارە بولدى كېچەلەردە قىچقىرىپ كاككۇك.
سەھەر ئۇيقۇدا ياتسام زەئىفراندەك سارغارىپ رويۇم،

بەلەند ئاۋاز بىلەن گۇلشەن ئىچىندە قىچقىرىپ كاككۇك.
ئانىڭ ئاۋازى جەزب ئەيلەپ كەباب يەڭلىغ بولۇپ باغرىم،
كۆزۈمدىن ياش ئاقىزسام رەھم قىلماي قىچقىرىپ كاككۇك.
ئۇشۇل سائەتتە تۇرسام ئاھ تارتىپ نالەلەر ئەيلەپ،
زەھى بۇلبۇل چەمەندە سايراباں ھەم قىچقىرىپ كاككۇك.
بەسى ھەجرىم سۇئۇد ئەيلەپ بولۇپ بۇ قامەتىم دۇتاھ،
كېتىپ ھۇشۇمدىن ئۇرسام ئاھ بەلەندراق قىچقىرىپ كاككۇك.
ئايائامى زەئىف، گۇلزار ئىچىندە سايراباں يىغلا،
نەۋا بۇلبۇل كەبى بەرگەي ئۇمىدۇر رەھم ئېتىپ كاككۇك.

* *

ئىشق ئوتى تۈشكەن كىشى مەردانە بولماغلىق كېرەك،
مەئشۇقىن دەۋر ئەيلەبان پەرۋانە بولماغلىق كېرەك.
بىمۇھەببەت بولسە ھەركىم قۇش بولۇپ ئاندىن قاچىپ،
مەرد ئاشىقلار بىلەن ھەمخانە بولماغلىق كېرەك.
ئەھلى ئالەمنىڭ خۇيى خۇيىغە ھەرگىز كەلمەسە،
كوھۇ چۆللەرنى كېزىپ دىۋانە بولماغلىق كېرەك.
دىلبەرىن ئىزدەپ لىباس ئەيلەپ كۇلاھۇ ژەندەنى،
خەلقى ئالەم ئاغزىدا ئەفسانە بولماغلىق كېرەك.
دىلبەرىن تاپماق ئۈچۈن كوھۇ بەيابانى كېزىپ،
خانىمانىن تاشلابان ۋەيرانە بولماغلىق كېرەك.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، دۇنيادا مەجنۇن ئۆيرۈلۈپ،
دىلبەرىڭنىڭ ئىشقىدە مەستانە بولماغلىق كېرەك.

* *

ئايا ھەبىب، نە بولۇر ھاجەتىم رەۋا قىلساڭ،
تەبىبى ھازىق ئولۇپ دەردىمە دەۋا قىلساڭ.
ئۆزۈڭگە خادىم ئېتىپ دەرگەھىڭدە خاس ئەيلەپ،
غەرىبغە رەھم قىلىپ تىلەكىم ئەتا قىلساڭ.
يولۇڭدا يىغلاتىبان ئىستىھان ئۈچۈن قولنى،
ۋەفا قىلۇرغە ماڭا مۇندا كۆپ جەفا قىلساڭ.
ئۆزۈڭنىڭ ھەجر ئوتىدا باغرىمە كەباب ئەيلەپ،
بۇ يولدا سائىل ئېتىپ ۋەسل ئۈچۈن گەدا قىلساڭ.

مېنى يولۇڭدا گەدا ئەيلەبان جەفا ئەيلەپ،
جەفاغە ئەۋەز ئېتىپ ماڭا بىر ۋەفا قىلساڭ.
فەقىر ئامى زەئىف بۇ سوئالنى قىلدى ساڭا،
ئانىڭكى ئەكسىنى قىلماي ئۆزىنى ئەدا قىلساڭ.

* *

ھەرنە قىلساڭ سەن مېنى ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل،
ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل.
ھەجرىنىڭ سەھراسىدا غۇل بەيابان ئەيلەبان،
خانىمانىم سارۇتۇپ ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل.
سەندىن ئۆزگە غەيرىنىڭ نەقشىنى كۆڭلۈمدىن ئالىپ،
رەھىم ئەيلەپ مېنى سەن ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل.
ھەر بەلا كۇلفەتنى بەرسەڭ ۋەسلىڭە يەتكۈر مېنى،
كۆپ جەفا قىلساڭ مېنى ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل.
دەرگەھىڭدىن كۆپ جەفا قىلساڭ مېنى ئەتمە يىراق،
ھەم ۋەفا ئەيلەپ مېنى ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل.
بۇ فەقىر ئامى زەئىف ئىشق ئوتىنى قىلدىم تەلەب،
مەقسەدىمغە يەتكۈزۈپ ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەيلەگىل.

* *

ئەي سېنىڭ ھۇسنۇ جەمالىڭدىن خىجىل بولغاي گۇل،
گەرسېنى كۆرسە ئىدى ئۆلگەي ئىدى ئول بۇلبۇل.
ئىككى زۇلفۇڭ بۇيىدىن مىشكى خوتەن شەرمەندەدۇر،
كاكۇلۇڭ ئالدىدا ھەم بولغاي خىجىل رەيھان گۇل.
قاش ئىلە كىرفىكلارىڭ كۆرسە ئىدى مىشكى چىن،
كۆپ خىجالەتتىن ساڭا بولغاي ئىدى ئول ھەم قۇل.
يۈزلەرىڭنىڭ نۇرىدىن شەمسۇ قەمەر نۇرى خىجىل،
لەبى لەئلىڭ ئالدىدا شەرمەندەدۇر غۇنچەئى گۇل.
كۆزلەرىڭنىڭ نۇرىدىن شەمئۇ چىراغ زايىل ئولۇر،
خالۇ خەتتىڭ ئالدىدا مىشكى خوتەن بولغاي قۇل.
ئەي فەقىر ئامى زەئىف، سەن قايدا ئول دىلبەر قايان،
ئايىتمادىڭ مىڭدىن بىرىن ئەيلە ئۆزۈڭنى ئاڭا قۇل.

* *

مېنى ئىشقىڭدا بۇلبۇل ئەيلەبان چەمەنگە داخىل قىل،
بەسى ھەجرىڭدە كۆيدۈر رەھىم ئېتىپ ئۆزۈڭگە ۋاسىل قىل.
مېنى بىخۇد قىلىپ ئىشق ئوتىدا بەريان كەبى ئەيلەپ،
ھەمە دەردۇ ئەلەمنى ماڭا تاشلاپ ئانى ھامىل قىل.
چۇ گۇلنىڭ ئىشقىدا بۇلبۇل چەمەندە نالەلەر قىلسا،
مېنى بۇلبۇل كەبى ئول نالەغە ئىشقىڭدا شامىل قىل.
فىراقىڭدا زەئىف ئەيلەپ مېنىڭ بۇ ئۇستىخانىمنى،
ۋىسالىڭ دارۇ ئەيلەپ خۇن كەبى قەلبىمنى كامىل قىل.
ئايا ئامى زەئىف، قىلدىڭ تەلەب دىلبەر ۋىسالىنى،
بەسى ئامىل بولۇپ ئىشىق ئوتىدا ئۆزۈڭنى فازىل قىل.

* *

سېنى تاپقۇمىكىن مەردانە بولسام،
باشىڭدىن ئۆيرۈلۈپ پەرۋانە بولسام.
لىباسىمنى كۇلاھۇ ژەندە ئەيلەپ،
جۇنۇن سەھراسىدا دىۋانە بولسام.
جەمىئى مالۇ مۇلكۇم تەرك ئېتىبان،
بەيابانغە كىرىپ ۋەيرانە بولسام.
فەقىر دەرۋىش بىلەن سۆھبەت قىلىبان،
دۇئاسىنى ئالىپ ھەمخانە بولسام.
فەقىر ئامى زەئىف ئىشقىڭدا يىغلاپ،
خەلايىق ئاغزىدا ئەفسانە بولسام.

* *

ناگەھان رەھمىڭ كېلۇرمۇ كېچەلەردە يىغلاسام،
كۆز ياشىمنى ژالە ئەيلەپ ھەر سەھەردە يىغلاسام،
زەئىفىراندەك سارغارىپ ئىشقىڭدا ھەر شامۇ سەھەر،
ئاھ تارتىپ نالە ئەيلەپ ھەر سەھەردە يىغلاسام.
كېچەلەر قايىم بولۇپ، كۈندۈزلەرى سايىم بولۇپ،
كۆپ رىيازەت ئەيلەبان شامۇ سەھەردە يىغلاسام.
كوھۇ دەرياۋۇ بەيابانىنى كېزىپ دەۋر ئەيلەبان،
سەجدە ئەيلەپ ھەر زەمان شامۇ سەھەردە يىغلاسام.
بۇ فەقىر ئامى زەئىف ئىشق ئوتىدا بەريان بولۇپ،
قامەتىم دۇتاھ بولۇپ شامۇ سەھەردە يىغلاسام.

* *

مېنى ۋەسلىڭغە يەتكۈرگىل ئۆزۈڭ رەھىم ئەيلەپ ئەي جانان،
ۋىسالىڭنىڭ يولىنى ھېچ تاپالمادىم ئۆزۈم نادان.
سەھەر بۇلبۇل كەبى يىغلاپ چەمەندە نالەلەر قىلسام،
مېنىڭ بۇ ئاھۇ زارىمغە نەزەر قىلماس بۇ گۇل خەندان.
بەسى ھەجرىڭ سۇئۇد ئەيلەپ كى تاقەت قالمايىن يەكدەم،
يۈزۈمنى يەرگە سۈرتۈپ يەر بىلەن قىلغۇم ئۆزۈم يەكسان.
ئەگەر بادى سەبا زۇلفۇڭ بۇيىدىن بۇيى كەلتۈرسە،
خىجالەتتىن بولۇر فانى بۇيى مىشك ئىلە گۇلرەيھان.
ئىزىڭ تۇفراغىنى تاپسام، كۆزۈمگە تۇتيا قىلسام،
ئىزىڭ تۇفراغىنى كۆرسە خىجىلدۇر خاكى ئول بوستان.
ئايا ئامى زەئىف، مەھبۇب ۋىسالىدىن ئۇمىد تۇتساڭ،
يولىغە كۆز ياشىڭ سەپكىل ئۆزۈڭنى ئەيلەمە خەندان.

* *

ھەر سەھەر بۇلبۇل كەبى نالان قىلسام سايرابان،
گۇل تۈبىگە باش قويۇپ نالان قىلسام سايرابان.
شام ۋەقتىدە غەرىبلىق ماڭا تەئسىر ئەيلەسە،
ھەر سەھەر قايىم بولۇپ نالان قىلسام سايرابان.
شەمئىغە پەرۋانەدەك دەۋر ئەيلەبان ئۇرسام ئۆزۈم،
گۇل چەمەن ئىچرە كىرىپ نالان قىلسام سايرابان.
بۇ فەقىر ئامى زەئىف ئاستانىڭە باشىم قويۇپ،
ۋەسلىڭە يەتكۈمىكىن نالان قىلسام سايرابان.

* *

بۇ دەردىمغە سېنىڭدىن ئۆزگە نافىئ بولمادى دارۇ،
جەھاننى دەۋر قىلسام سەن كەبى هازىق تەبىب بارمۇ؟
بەناگاھ خۇيلارىڭنى ياد ئېتىپ ئۇيقۇمدىن ئويغانسام،
كېچە سۈبھە ئۆرلەگۈنچە كەلمەگەي كۆزۈمگە بىر ئۇيقۇ.
ئىككى زۇلفۇڭنى ياد ئەتسەم بۇ كۆڭلۈمنى تاپالماسمەن،
جەھانغە سەن كەبى ھېچ كەلمەگەي بىر شوخۇ بىر دىلجۇ.

سىنىڭ زۇلفۇڭ قاراسى ئۇل شەبى مىئراج يەڭلىغدۇر،
كى زۇلفۇڭغە خىراج بەردىكى چىن مىشكى بىلەن ھىندۇ.
سىنىڭ سۇنبۇل ساچىڭنىڭ تارىغە بۇ خەستە كۆڭلۇم بەند،
خۇدا ھىچكىمگە بەرمەپدۇر سىنىڭ ساچىڭ كەبى گىسۇ.
ئايا ئامى زەئىف، شامۇ سەھەردە ئاھۇ زار ئەيلەپ،
ئانى كۆڭلۇڭدە ياد ئەيلەپ تىلىڭغە جارى قىل ھۇ ــ ھۇ.

* *

سىنىڭ ھۇسنۇڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ،
ئىكى قاشىڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ.
سەھەردە ئاھلار تارتىپ كى نالە ئەيلەدىم ھەر شام،
كىچە زۇلفۇڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ.
ئەگەر غەمزەڭنى ياد ئەتسەم بۇ كۆڭلۇم مەستۇ مۇستەغرەق،
كى رۇخسارىڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ.
ئىكى زۇلفۇڭنى دام ئەتتىڭ مىنىڭ بۇ خەستە كۆڭلۇمغە،
خەتۇ خالىڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ.
فەقىر ئامى زەئىف بولغاچ سىنىڭ كويۇڭدا بىر مەجنۇن،
لەبى لەئلىڭنى ياد ئەتسەم كۆزۈمگە كەلمەگەي ئۇيقۇ.

* *

ئەھلى ئاشىق مەئشۇقىدىن ئۆزگەنى ياد ئەتتىمۇ،
ھەر بەلا كەلسە باشىغە ئۆزگەگە داد ئەتتىمۇ.
كۆپ بەلالار دەستىدىن تەندىن جانى بولسا جۇدا،
كۆپ تەھەممۇل ئەيلەدى ئۆزگەگە فەرياد ئەتتىمۇ.
دىلبەرىنىڭ زىكرىنى كۆڭلىگە كۆپ نەقش ئەيلەبان،
كۆڭلىنى بەردى ئاڭا ئۆزگەگە سەييياد ئەتتىمۇ.
ھەر زەمان ئەيلەپ رىيازەت كۆڭلىنى مەئمۇر ئىتىپ،
دىلبەرىن زىكر ئەيلەدى ئۆزگەنى ئاباد ئەتتىمۇ.
ھەر كىشى دىلبەرنى ئىزدەپ يولىدا بولسا ھەلاك،
زىندە قىلدى ۋەسل ئولۇپ ئۆمرىنى بەرباد ئەتتىمۇ.
بۇ فەقىر ئامى زەئىف دۇنياغە كۆپ مەشغۇل بولۇپ،
سۇبھۇ شام ئۇل دىلبەرنى كۆڭلىدە ياد ئەتتىمۇ.

www.uyghurkitap.com

* *

سىنىڭ ھەجرىڭ ئوتى تەگدى بۇ جانە،
كەباب يەڭلىغ قىلىپ بۇ ئۇستخانە.
ئەگەر مىڭ يىل جەھاننى سەير قىلسام،
تاپالمام سەن كەبى نازۇك مىيانە.
ھەمە ساھىبجەمال ھۇسنۇڭگە مۇھتاج،
سىنىڭدەك خۇب جەمال كەلمەس جەھانە.
خىجىل بولغاي قىزىلگۇل ھۇسنىڭىزدىن،
فىراقىڭ ئۆيرۈدى رويۇم سەمانە.
ھەمە شەھزادىلەر ئالدىڭدا خادىم،
تۇغۇلماس سەن كەبى شاھى جەھانە.
ئايا ئامى زەئىف، دىلبەرنى ئىستە،
كۆڭۈلنى بەرمەگىل ياخشى يەمانە.

* *

سىنىڭ ئىشقىڭدا ھەردەم نالە ئەيلەپ مەن ئۇرارمەن ئاھ،
كى شام ۋەقتىدە زار ئەيلەپ سەھەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ.
ھەمىشە ھەسرەتىڭدە غەم قىلىپ بولدى يۈرەكىم قان،
بۇ جىسمىم ئۆيرۈلۈپ بەريان سەھەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ.
بەناگاھ ياد قىلسام ئۇستخانىم قاخشاشۇر ھەردەم،
كى تاقەت قالمايىن بىردەم سەھەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ.
فەقىر ئامى زەئىف ھەجرۇ فىراقىڭدا بولۇپ ھەيران،
«كى دىدارىڭ نەسىب قىل» دەپ سەھەرلەردە ئۇرارمەن ئاھ.

* *

ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ باغرىمنى بەريان قىلدىلا،
ھەجرىڭ سەھراسىدا غۇلى بەيابان قىلدىلا.
ماڭا بىر قىلماي نەزەر ئەيشۇ فەراغەتدە ياتىپ،
دەردۇ غەم تاشلاپ ماڭا كۆڭلۈم پەرىشان قىلدىلا.
كۆز ئۇچى بىرلەن تەبەسسۇم ئەيلەبان كۆڭلۈم ئالىپ،
قەتل قىلماي ئۆلدۈرۈپ كۆزۈمنى گىريان قىلدىلا.
ھەر زەمان ۋەسلىڭنى ئىزدەپ باغرىمە خۇن ئەيلەسەم،
ۋەسلىنى تەبدىل قىلىپ ئورنىغە ھىجران قىلدىلا.
بۇ فەقىر ئامى زەئىفنى ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرۈپ،
ئىشتىياق بىرلەن فىراق دەشتىدە ھەيران قىلدىلا.

* *

كۆز ئۇچى بىرلەن باقىپ بۇ خەستە كۆڭلۈم ئالدىلا،
يۈز تۈمەن ناز ئەيلەبان بۇ خەستە كۆڭلۈم ئالدىلا.

ئۇل رەۋاق ئۆزرە چىقىپ ئەيلەپ نەزەر كۆز ئۇچىدا،
زارۇ گىريان يىغلاتىپ بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىلا.
بۇ سېنىڭ لەئلى لەبىڭ ئەيلەپ تەبەسسۇم غۇنچەدەك،
مېنى بەھۇش ئەيلەبان بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىلا.
كۆز ئىلە كىرپىكلەرىڭنىڭ غەمزەسى كۆڭلۇم ئالىپ،
قەتل قىلماي ئۆلدۈرۈپ بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىلا.
بۇ فەقىر ئامى زەئىفغە ئىككى قاشىڭ قەۋس ئېتىپ،
كىرپىكىڭنى ئوق ئېتىپ بۇ خەستە كۆڭلۇم ئالدىلا.

*　　*

ئىشق ئوتىدىن ئايلانىپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنەي،
ھەر سەھەردە ئاھ ئۇرۇپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنەي.
مىڭ باشىم بولسە تەسەددۇق ئەيلەبان يولۇڭدا مەن،
جانىمە ئەيلەپ فىدا پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنەي.
ئىككى قاشىڭ ياد ئېتىپ ھۇسنۇڭغە مەن فەرياد ئېتىپ،
ئەرزۇ ھالىم داد ئېتىپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنەي.
سەن ئۇچۇن مەجنۇن بولۇپ ئىككى كۆزۈم ياشقە تولۇپ،
يۈزلەرىم يەرگە سۈرۈپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنەي.
بۇ فەقىر ئامى زەئىف ھۇسنۇ جەمالىڭ ئىشقىدا،
زەئىفراندەك سارغارىپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۆرتەنەي.

*　　*

ھېچ كىشى ھۇسنۇ لەتافەت ئىچرە سەندەك بولمادى،
زۇلفۇ گىسۇ، قەددۇ قامەت ئىچرە سەندەك بولمادى.
قاشلارىڭ ياسىنى كۆرگەچ يېڭى ئاي ياشۇندىكىم،
قاشۇ كىرپىك بۇ سەلابەت ئىچرە سەندەك بولمادى.
كۆزلەرىڭ شەھلا سۇفەت شەمئۇ چىراغ شەرمەندەدۇر،
خالۇخەت ھەم بۇ مەلاھەت ئىچرە سەندەك بولمادى.
يۈزلەرىڭ ئايىنى كۆرسە ھەم خىجىلدۇر ئافتاپ،
ماھتاب ھەرگىز سەباھەت ئىچرە سەندەك بولمادى.
قامەتىڭدۇر سەرۋ ئەرئەر، زۇلفى سۇنبۇل، يۈزى گۇل،
شەھدۇ شەككەرلەر مەزاقەت ئىچرە سەندەك بولمادى.
بۇ فەقىر ئامى زەئىف دەردىڭدە سەرسانە بولۇپ،
يىغلادىم ھېچكىم ئىنايەت ئىچرە سەندەك بولمادى.

## رۇبائىيات

قالدىم ھەجرۇ فىراقدا زەئىفراندەك سارغارىپ،
يار ۋەسلىغە يېتەلمەي تام تۈبىدە بىر خەرىپ.
شەرمەندەمەن ئالدىدا ئۈزر ئېيتەرگە تىلىم يوق،
رەھم ئېيتەرمۇ يىغلاسام شامۇ سەھەر يالبارىپ.

*           *

ھۇزۇرى دىل بىر نەفەس زەۋقۇ سەفا خەنىمەت،
ھاسىل بولسا كۆڭلىدە بار مۇددەئا غەنىمەت.
ھەر كىشىنىڭ دىلىدە رەنجۇ ئەلەم دەردى بار،
ھازىق تەبىب قولىدا تاپقان شىفا غەنىمەت.

*           *

بۇزۇغ كۆڭلۈمنى تۈزتى ھەجر دەردىدىن بۆلەك ھادىس،
بۇلۇت ئاي - كۈننى تۇتسە بولغانى يەڭلىغ فەلەك ھادىس.
ئۆزۈڭنى زەررەدەك تۇتغىل ئۇلۇغلار ئالدىدا يۈرمە،
تىلىڭنى ساقلاغىل، يىغقىل، دىلىڭنى سۆز دېمەك ھادىس.

*           *

تەمەئ زىندانىغە كىرمە قەنائەت مەئدەنىغە قاچ،
سىنىڭ بۇ ئاچ كۆزۈڭنى ھەرف ئەنقا سايەسىغە ئاچ.
مۇھەببەتلىك كىشى بولسە غۇلام بول خىزمەتىدە بول،
مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ يولىغە خارى مۇغىلان ساچ.

*           *

كەتتى ۋەقتى زىمىستان بولدى فەسلى نەۋ بەھار،
ئابى رەھمەت ساچىلدى ئالەم ئۆزرە بىشۇمار.
نەۋا ئەيلەپ مۇرغىيان، سەدا ئەيلەپ بۇلبۇلان،
سەبزە جامە كەيدۈرۈپ باغۇ بوستان لالەزار.

*     *

ئىخلاس قىلساڭ ھەر ئىشقە جانۇ دىلدىن قىل ئىخلاس،
قىلۇر قىلغان ئىخلاسىڭ سىنى كۆلفەتدىن خەلاس.
ھەر كىشىنىڭ مۇرادى ئىخلاسىدىن تاپىلۇر،
ئىخلاسىڭنى مەھكەم قىل بولاي دىسەڭ خاسۇل خاس.

*     *

فانى جەھان بىۋەفا سالدى ماڭا ئىشتىياق،
ئايرىپ جىگەر بەندىمدىن سالدى دىلىمغە فىراق.
باراي دىسەم يول ئۇزۇن ھەم خەتەرناك ھەم زەبۇن،
بولدى قەددىم ھەمچۇ نۇن ھەم تىڭلاماس بۇ قۇلاق.

*     *

كەلدى بەھار ۋەقتىدە تاغۇ تاشدىن كاككۇك،
مىڭ غەم بىلەن قىچقىرۇر فىراق دەردىدىن كاككۇك.
ئاۋازىنىڭ دەردىدىن يۈرەك باغرىم مىڭ پارە،
بولدۇم يىغلاپ ئاۋارە ھىجران دەردىدىن كاككۇك.

*     *

بىھۇدە غەم يىمەگىل بولسە ھەيات تەندە جان،
تاپىلغۇسى ئەلبەتتە جەھان بىرلە ئاشۇ نان.
كۆزلەپ ئۆزۈڭ نەفسىنى ئۇرما كىشىغە زەرەر،
كىمكى قازسە چوقۇرنى ئۆزى كىرەر ئول ھەمان.

*     *

ھەجرىنىڭ سەھراسىدا ياغدى باشىمغە مىڭ بەلا،
ھەر نەفەس بولدۇم ئەجەب يۈزمىڭ بەلاغە مۇبتەلا.
سورمادى ھالىمنى ھىچكىم نىمە بولدى، نىمە سىز،
يىغلاسامىمۇ دىمەدى ھىچكىم پەرىشان بولدىلا.

# مۇھتنۇل-ۋائىزىن

نورۇزاخۇن كاتىب زىيائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نەسرۇللا ھەمدۇل

## بەشىنچى مەقالە

ۋەزىرلەر كەيفىيەتىدەكىم، زەمان شاھلارىغە ۋەزىر ئانداغكى كۆڭۈل ئىچرە ئەقلى
كامىلدۇر، تاكى ئانىڭ مەشۋەرەتى بىرلە بەدەن مۈلكىنى تەسەررۇف قىلىپ
رەئىيىنىڭ مەسلىھەتى بىرلە كەڭەش قىلماقدۇرۇر. ئەمما، ۋەزىر ئالىم بولماق
شەرتدۇركىم، مۇھىب مەيدانىدا تەدبىرىنىڭ رەخشىنى چاپقاي ۋە
ئېئتىقادى سالىم كىرەكدۇركىم، ھەممە ھالدا ئامۇ خاسلارنىڭ
ئەرزىنى شاھغە رىشۋەسىز يەتكۈزەمەك بىرلە ئول بىچارەلەر،
ئانداغكى مۇراد گەۋھەرىنى ئۇلۇغ دەريادىن غۇتە
ئۇرمايىن تابىغاي ...

چەكتى مۇنداغ رەقەمنى دانايى،
شەيخ بۇبەكرى شوخ دۇنبايى:
بىل ۋەزىرلىق بۇ مەرتەبەت بولغاي،
بىگۇمان جۇزۋى سەلتەنەت بولغاي.
بەلكى شەھلەرغە رۇكنى ئەئزەمدۇر،
چۈنكى ئول نى دېسە مۇسەللەمدۇر.
گەرچە شەھلەرغە خۇد ۋەزىر كېرەك،
لېك ئول كۆڭلى مۇستەنىر كېرەك.
ساقلاغاي دەرگەھىدە بىر ئاقىل،
دەھرنىڭ ئىشلارى ئۈچۈن ناقىل.
يوقتۇر شاھلارغە ھېچ چارە،
ۋەر نە بولغاي بۇ دەھردە ئازە.

مىگەر ئول پادىشاھى مەئبۇدغە،
قادىرۇ زۇلجەلال مەسجۇدغە.
شاھلىقىغە ئەمەس ۋەزىر ھاجەت،
ئىلمىغە نەقس يوقتۇر ھىچ سائەت،
ئۆزگەلەر گەرچە ئەنبىيا بولسۇن،
پادىشاھلىقدا ئەۋلىيا بولسۇن.
بولدىلار بىر ۋەزىرغە مۇھتاج،
گەرچە ئېردى كۆڭۈللەرى مىنھاج.
چۈنكى مۇسا پەيەمبەر ئۇلۇلئەزم،
تىلەدىلەر ۋەزىرنى ھەقدىن ھەزم:
«يا ئىلاھا، ۋەزىر كەرامەت قىل،
مەرھەمەت ئەيلەگىل، ئىنايەت قىل.

تا بولاي سەلتەنەتدە قۇۋۋەتلىك،
هەر نېچۇك ۋاقىئەدە قۇدرەتلىك.
بىلمەگەن ئىشلارىمنى بىلگەي ئول،
يوقلۇغۇمدا ئىشىمنى قىلغاي ئول.»
يانە مۇنداغ دېدى هەبىبى ئەهەد،
گەرچە ئول فەرق سازى نىكۇ بەد:
«باردۇر ئىككى ۋەزىرىم ئاسماندا،
ئىككىسى باردۇرۇر بۇ دەۋراندا.
ئول ئىكەۋدىن بىرىسدۇر جىبرائىل،
كۆكدەكىم ئېردى بىرىسى مىكائىل.
يەردەكىم ئېردى ئىككىسى رەهبەر،
بىرى بۇ بەكرىدۇر بىرىسى ئۇمەر.»
بولماسە شاهقە بىر خىرەدمەندى،
كۆپدۇرۇر شەۋكەتى ئەگەر چەندى.
يوقكى شەك دەۋلەتى زەۋال بولغاي،
شەۋكەتى تۇرماقى مەهال ئولغاي.
سەلتەنەت خەيمەدۇر ۋەزىرى ستۇن،
تۇرماغاي بىستۇن خەيامە پۇتۇن.
يانە ساهىب قەلەم بىلە نايىب،
بولماغاي شاه نەزدىدىن غايىب.
بىرىسدۇر تەناب بىرى مىسمار،
بولغۇسى خەيمەگە ۋەسىقە مەدار.
ناگەهان مىخ ئىلە تەنابغە خەلىل،
يەتسە بولغاي چەدىرغە ئانچە ئەلىل.
گەرچە بولمىش ۋەزىرچۇن ئۇستۇن،
بولغاي ئول تەندە هەم بۇ تۆرت مەزمۇن.
تۈزلۈكۈ هەم بەلەند هىممەتلىك،
يانە سابىت قەدەملىك هەيبەتلىك.
هەم تەهەممۇلنى ئەيلەگەي پىشە،
تولا قىلغاي رىيادىن ئەندىشە.
يەتسە ناگاه بىراۋگە زۇلمۇ شىكەنج،
ئەرز قىلغاي مۇنىڭدىن ئالماي گەنج.
بولماغاي هىرىسمەندى دۇنياغە،
بەرمەگەي كۆڭلىنى ئەلالاغە.
چۇنكى دۇنيا ئېرۇر بەئەينى ئەرۇس،
هىرىسدىن هېچكىم ئەمەس مەئيۇس.
ئاڭا مەغرۇر تەۋانگىرۇ دەرۋىش،
تۈز كۆڭۈللۈكۈ پاكۇ كەج ئەندىش.
مار نەقشىن ئېرۇر بۇ دەۋلەتى دەهر،
نەرم ئانداغ ۋەلې ئىچى پۇر زەهر.
.......................
تاپسە هەركىم جەهاندا ئىززەتىنى،
سىمۇزەر بىرلە نازۇ نېئمەتىنى.
قىلماس ئۆز مەسرۇفىغە هەرگىز سەرف،
فەخر بىرلە دېگەي بۇ يەڭلىغ هەرف:
«شاهقە بولدۇم يەقىن بارى ئەلدىن،
ئىشىكىمنى ياپار داغى يەلدىن.
مەردەم ئىچرە ئېرۇر سۆزۈم نافەر،
يوق سۆزۈم بەلكى هەم ئۆزۈم نافەز.
هېچكىم مەن بىلەن ئەمەستۇر تەڭ،
قايدە بارسام زەمانە سەتهى كەڭ.
ئەل كېلۇر فەۋج ـ فەۋج ئالدىمغە،
شاه باقار هەم مېنىڭ مەقالىمغە.
كىيسەمۇ گەر يېسەم بارى تەييار،
قەسد زەۋج قىلاي دېسەم بىسيار...»
ئىززەلىكدىن بولۇر بۇ بەندە مەست،
فەرق بولماي مۇڭا ئىگىز يا پەست.
شاه لۇتفى بىلە بولۇپ خۇرسەند،
دەهر شۇغلىغە جان كەبى پەيۋەند.
ئۇمرىنى ئۆتكەزۇركى هەيۋاندەك،
يوقكى هەيۋان چۇ دىۋۇ شەيتاندەك.
بىل ۋەزىرغە كېرەك سەداقەتلىك،
زىرەكۇ تەبئ خۇش زەرافەتلىك.
سىدق ئىلە زاهىرۇ باتىنىنى،
تۇتقاي ئول راست رەسمى ئايىنىنى.
يەنى شاه قاشىدە دېگەيلەر راست،
قىلماسۇن كىربى ۋەرزىشى دەرخاست.
غەلۇ غەشتىن دىلىنى تۇتسۇن پاك،
قىلماسۇن سۆزدە شاه كۆڭلىن چاك.
بولماسۇن هەم يىراق تەمەللۇقدىن،

خەبەر ئالغاي ھەمە تەئەللۇقدىن.
بولسە ۋاقىئ چۇ شەھدە ياخشى ـ يامان،
دىسۇنۇ تۇتماسۇن دىلىدا نىھان.
شاھ بولسە ئەگەر غەزەب بىرلە،
خەشمىدىن رەنج ئىلە تەئەب بىرلە.
چەكسە ناگاھ كەلامى بىھۇدە،
بارەكەللا دىسۇنكى بىھبۇدە.
خەشمىدىن ساف بولغۇچە سۇلتان،
بولماسۇن ئولكى ئالدىدا خەندان.
كەلسە گەر سۆزنىڭ ئىھتىياجىغە،
قىلسۇن ئىزھار باقىپ مىزاجىغە.
ھەرقاچان خەشمىدىن فىراغ ئولسە،
شاھ كۆڭلى ئەگەر يىراغ ئولسە.
ئەرز قىلسۇن ئانى بەھانە بىلە،
ئەل قاشىدە ئەمەس نىھانە بىلە.
ئاڭلادىم مەن فەلانىدىن گۇفتار،
بەلكى مەزمۇنىدۇر بۇ نەۋئ ئەتۋار.
شاھ سۆزلەر ئىمىش بىلا مەئنى،
قىلماغان خۇب بۇ سۆزنى ئول يەئنى.
چۇن ۋەزىر سەلتەنەتغە يار ئولسە،
ئەقلى كامىل ئىلە شىئار ئولسە.
ئۆتسە شەھ دەرگەھىدە زۇلمەت ئىش،
دورغەلەر ئەل دىلىغە ئۇرسە نىش.
دىگەي ئول سۆزنى خوب ئىبارەت ئىلە،
ئىمتىياز ئەيلەبان بەسارەت ئىلە.
شاھ ئەگەر قىلماسە بۇ سۆزنى قەبۇل،
قىلماسۇن سوڭرە قاشىدە ھىچ قەۋل.
ھەر نىچۇك سۆزنى گەر دىسە سۇلتان،
ئاڭلاسۇن قاشىدا بىقەدر ئىمكان.
بەرمەگەن خۇب خەتاغە نىسبەت ھەم،
ئۆتسە گۇفتارىدا ئەگەرچە كەم.
چۇنكى شاھنىڭ سۆزى ئىرۇر ھەمشاھ،
بۇ ھەدىس مەزمۇنىدىن ئول ئاگاھ.
بىرى ھىممەتىنى ئەيلەگەي پىشە،
ۋۇزەراكىم تەۋىل ئەندىشە.

پەستلىكىدىن ئۆزىن تۇتسۇن دۇر،
كەفى پايىدا ئۆلمەسۇن بىر مۇر.
بولماغاي زىنھار تەمەئ كىن ھەم،
بىل، ۋەزىرغە يامان بۇ ئايىن ھەم.
بولسە نايىب تەمەئ بىلە پەيۋەند،
بولسە ئىتدەك قەلادە بىرلە بەند.
بىگۇمان شاھغە يىتەر بەدنام،
بولغاچ ـ ئوق ئول ۋەزىرى نا ئەنجام.
بىرى بولماق ۋەفادا شايەستە،
شىشە يەڭلىغ سەفادا شايەستە.
شاھنىڭ دەۋلەتىن كۆرۈپ شەب ـ روز،
سۇنماسۇن ھەققىغە قولىن چۇن دوز.
مەشۋەرەت قىلسە ھەر زەمان سۇلتان،
دىمەسۇن بىنتەئەننى سۆز ئەلئان.
چۇنكى سۆز چىقتى ياتماقى مۇشكىل،
شەھنىڭ ئالدىدا ياتماقى مۇشكىل.
ئەھلى تەھقىق دىمىش بۇنەۋئى كەلام،
بولسۇن ئەرۋاھىغە دۇئاۋۇ سەلام.
ھەر قايۇ ئادەمىدە بولسە ئەقىل،
قىلماسۇن بىزەرۇر سۆزنى نەقىل.
سۆزنى نەچچە دىگەن كىشى ئىرمەس،
بۇ ھۇنەر ياخشىلار ئىشى ئىرمەس.
كىمكى بىھۇدە سۆز قىلۇر بىسيار،
ئۆزىنىڭ جانىغە يىتەر ئازار.
بەئزى سۆز دوستىنى قىلۇر دۇشمەن،
ئەھلى دىنىغە ئەجەب يامان بۇ فەن.
كىمسە كۆڭلىدە بولماسە خۇپ سۆز،
قىلماسۇن بىزەرۇر ياپسۇن كۆز.
ئادەمىغە جەھاندا ئىككى خەتا،
باردۇرۇر جانىغە ئەزىمى جەفا.
بىرى بىھۇدە سۆز، بىرى خەندە،
بەزم ئىچرە ئىرۇر ئەجەب گەندە.
ئۆزىنى بىلگەن ئەھل دانالار،
ئەھلى كۆپ پەھمى تىز بەرنالار.
با ۋۇجۇدى ئىرۇر سۇخەن كانى،

قىلماس ئەل ئىچرە بۇ تەمەننانى.
گۇشەلەردە يازار سۆزىنى بىسيار،
نەچچە كۈندىن قىلۇر ئانى ئىزھار.
ۋايكىم بۇزەمانداكى دەستۇر،
دورغەلىق ئاتىدا ئىرۇر مەشھۇر.
فىكرى زەرنى قولىغە كەلتۈرمەك،
ئەل ئارا ئابرو بىلە يۈرمەك.
ئاڭلاسا ئىچكەرى ئەمىر سۆزىنى،
تاشقارى كىرىب ئىلە ياپار يۈزىنى.
ئۆتكەزۇر جەھل بىرلە دەۋراننى،
فەخر ئېتىپ قايدا بارسا سۇلتاننى.
شاھ غەم قىلسە ئەلنىڭ ھالىغە،
سەئيى ئېتەر دورغەلەر زەۋالىغە.
شاھ رەئىيەتنى ئەيلەسە ئەندىش،
دورغەلەر ماردەك ئۇرارلەر نىش.
شاھ خالايىق ئۈچۈن دۇئا قىلماق،
دورغەلەرنىڭ ئىشى جەفا قىلماق.
بولسە سۇلتان ئەدالەت ئەندىشە،
دورغەلەردۇر ئىشى جەفا پىشە.
شاھ رىشۋە ئالۇردىن بولسە پاك،
دورغەلەر پۇل ئۈچۈن كۆزى نەمناك.
شەھ رەئىيەت ئۈچۈن چېكەر قايغۇ،
دورغەلەر پۇل ئۈچۈن باقار ھەر سۇ.
داد قىلسە بىراۋكى سۇلتانغە،
ھۇكم ئەيلەر سىپاھى ئىنسانغە:
«شەرئى مىزانىغە سالىپ سورغىل،
سۆزىن ئايغۇنچە سەن شۈك ئولتۇرغىل.
قىلمايىن قامەتۇ سورما دەئۋانى،
تۈزمەگىل كىبردىن ئەلالانى.
قىلماغىل داردىن ئايغۇچە دۇشنام،
سۆزىن ئايتالمىسا ۋەبالى تەمام.
كۆرمەگىل ياخشى بىرنى رۇخسارىن،
ئاڭلابان يەئنى رىشۋەنىڭ تارىن.»
خۇش-خوش ئايتىپ ئالۇر خەتىنى راۋان،
ئاتقە مىنسە بولۇر چۇ مارى چايان.

مۇر بولسە بولۇر ئۇلۇغ ئەژدەر،
قادادى گويا باشىغە ئەفسەر.
فەخر بىرلە ئۆزىن بىلە ئالماس،
بەشەرىيەت ۋۇجۇدى ھەم قالماس.
بولۇپ ئاندىن ھەۋامەيىدىن مەست،
فەرق قىلالماس ئىگىز ئىرۇر يا پەست.
قوزغۇلۇر كۆپ سىياسەتى خەيلى،
نې ئۈچۈن رىشۋەگە ئىرۇر مەيلى.
مۇددەئى-مۇددەئا ئەلەيھى ئىكەۋ،
ئىككى زەندۇر ئىرۇر، بۇ دورغە كۈيەۋ
فىكر قىلماق بىرى-بىرىن مەغلۇب،
رىشۋە بەرمەك ئىشى كۆرۈر مەرغۇب.
رىشۋەنى قايسى تەن بېرۇر كۆپراغ،
دورغەسى ھەم سورار ئانى خوبراغ.
بارالى دېسە قازى قاشىغە،
ئۇرغاي ئول تازيانە باشىغە.
باۋەر ئەتمەس ئەگەر كىرەر يولغە،
باقمايىن خەشم بىرلە ئوڭ سولغە.
مۇددەئى ئەرز ئەتكۈچە ھالىن،
دورغە پاتراق بارىپ دېگەي قالىن.
بۇ ئىكەۋدە بۇ نەۋئى دەئۋادۇر،
بۇ تەرىقە مەقاسىد ئەقسادۇر.
بىز دېگەن سۆزنى قىلمادى باۋەر،
قەسدى پۇل بەرگەنىگەدۇر ياۋەر.
قازى ئاڭلاپ بۇ دورغە گۇفتارىن،
ئاڭلابان ۋەزئى بىرلە رەفتارىن.
ئەمر ئېتەر شەرئىدە ئىرۇر مۇنداغ،
مۇجتەھىد پەتىۋانى بىرۇر مۇنداغ.
تەپتىش ئەتمەس رەئىيە دادىنى،
تاپماغاي مۇددەئى مۇرادىنى.
يانسا ئول مەنزىلىغە يول ناكام،
ئاھ ئۇرار يىغلابان نەچە ئەييام.
بۇ بىرسى كۆزىنى ئويدۇم دەر،
يانە بىرسى خۇداغە قويدۇم دەر.
ئۆتكۈزەر ئۇمرىنى نەدامەتدە،

سورغاي ئول كۈن خۇدا قىيامەتدە.
ئەي زىيائى، دېدىڭ بۇ نەۋئى مەقال،
ئەۋۋەلەن كەلگىل ئۆز قۇلاغىڭە ئال.
تەڭرى قىلسە نەسىب سىپەھلىكنى،
زىنھار قىلما رو سىيەھلىكنى.
ئەدلى بىرلە تۇگەت خۇسۇمەتنى،
بوينىڭە ئالماغىل ئوقۇبەتنى.
ياپماغىل ھەقنى بەتل ئىلە ھەرگىز،
راست يولغە پۇتۇكنى قويغىل تىز.
ئىشەنىپ قىلماغىل بۇ دەۋرانغە،
قىلمە ھەرگىز ئەھانەت ئىنسانغە.
ئاغرىسە ئازغىنە بىراۋ سەندىن،
دېسە ناھەق پۇل ئالدى ئول مەندىن.
ئاڭلاسە گەر مەجازىنىڭ شاھى،
سەرنىگۇنلىقدىن ئۆزگە يوق ئاھى.
يەتسە مۇنچە خىجىل بۇ ئالەمدە،
غەزەبدىن يۇرۇسە ماتەمدە.
تاڭلا سورسە ھەقىقى سۇلتانى،
جەمئى بولسە ئۇ يەردە زىيجانى.
«نې ئۈچۈن سورمادىڭ ئولۇس دادىن،
ئالمادىڭمۇ قۇلاقغە فەريادىن؟».
بولساڭ ئەر ھەشرە ئىچرە شەرمەندە،
مۇنداغ ئىشقە نە چارەدۇر سەندە.
دەھرنىڭ مۇنفەئىللىكى بىردەم،
بولسە كۆپ ئابرو كېتەر بەرھەم.
كەتسە كۆر ئىززەتى نە رەسۋالىق،
ئەلئارا بولسە چېھرە سەۋدالىق.
سۇد بەرمەس قىلىپ نەدامەت كۆپ،
يەتكەي ئاندا ئەجەب مەلامەت كۆپ.

## تەنبىھ

بار ئىدى شاھلىقدا بىر زاتى،
ئولكى ئابدۇلۋەسىئ ئىمىش ئاتى.
ئېردى ئانداغ ئەدالەت ئەندىشە،
بەندەلىكدە ئەجەب نىيكۇ پىشە.
فىكرەتى زىكر ئىلە ئىدى تەسبىھ،
زۇھدى تەقۋادە ھەمچۇنان تەرجىھ.
كىشىگە بەرمەس ئېردى ھەم ئازار،
يەئنى بىشەرئى، بىزەرەر، بىكار.
رىشۋەدىن خالى ئېردى ماھۇ سال،
ئۆز ھوقۇقىن يەبان بەھەر ئەھۋال.
بېرىبان مەملەكەت ئىشىغە رەۋاج،
قىلىبان سەئيى ئىلە ھەم ئانچە ئىلاج.
فەزل بىرلە سەخاۋۇ جۇدۇ كەرەم،
ئۇشبۇ خىسلەت ئىدى ئاڭا ھەمدەم.
ئاچقە تەئام، بەرەھنەلەرگە لىباس،
كىم بىرۇر ئېردى ئول بەخەيرى قىياس.
تەئمىر ئەيلەپ مەساجىدۇ لەڭگەر،
مەدرەسە ئالىيۇ غەرىب مەنزەر.
نەزر ئىلە سەدقە قىلىپ بىسيار،
قىلۇر ئېردى تەلەب چۇ لەيلۇ نەھار.
يوق ئىدى مەملەكەتغە ھىچ جەۋرى،
پات يەقىن كەتتى شاھلىق دەۋرى.
يەئنى پەيدا بولۇپ ئۆلۈغ ياغى،
كەيىندە تويغان ئېردى قورساغى.
نەچچە كۈنلەر مەھارىبە تۈزدى،
جەھد قىلدىكى سەئيى كۆرگۈزدى.
يەتكۇرەلمەس ئىدى شىكەستە ئاڭا،
دەر ئىدىكىم قەزا ياپىشتى ماڭا.
ھەر كۈنى قىلىبان قەلئەدە جەڭ،
ئاچلىقغە خەلايىق ئولدى تەڭ.
مەشۇرەت قىلدى شەھر ئېلى بىر كۈن،
بىر-بىرىگە قىلىپ بۇ يەڭلىغ ئۈن:
«ئالسە ياغى ئەگەر بۇ سۇلتاننى،
قويماغاي شەھر ئىچىدە زىيجاننى.

كىرسە دۇشمەن ئەگەر بۇ گۇلشەنگە،
رەهم قىلماس بۇ جەمئى يەك تەنگە.
ئۆلتۆرۆرلەر قىلۇر يەنە تاراج،
قىلالى ئىلگەرى بۇ ئىشقە ئىلاج.
بىزمۇ هەم شاهقە بولۇپ ياغى،
يانالى جانىغە قويۇپ داغى.
تۇتالى تۆهفە ئەيلەلى ئانى،
بىگۇناه كەتسە هەم ئەزىز جانى.
بولغۇچە نەچچە مىڭ كىشى نابۇد،
بولغانى ياخشى بىر كىشى مەفقۇد»
شاهقە بارچە ئەل ئۆيۆردى يۈز،
تۇتتى مەهكەم قاراپ تۇرۇغلۇق كۆز.
ئاچتى دەرۋازەنى رەها قويدى،
كىردى ئەئدا شىكەملەرى تويدى.
شاهنى دۇشمەن قاشىغە كەلتۆردى،
نەچە سۆز سورىدى سوڭرە ئۆلتۆردى.
تەختى ئىززەت كۆنى زەۋال ئولدى،
بەئىزەلەر خاتىرى مەلال ئولدى.
مال بىلە ئەهلىنى يەسىر ئەتتى،
قۇل كەنىزەكلەرى ئەسىر ئەتتى.
تەختى ئۆززە چىقىپ سىپەه سالار،
تەبل ئۇردى سۆيۈندىلەر بىسيار.
مەمىلەكەتنى قولىغە ئالدى بۇ،
ئەزم ئەتتى بەقاغە ئول هەق جو.
بارئىدى ئول شەهەردە بىر ئابىد،
دائىم ئولغان سەيام ئىلە ساجىد.
يەتتى شاهقە بۇ نەۋئ قەزاۋۇ قەدەر،
قىلدى شىددەت بىلە بەقاغە سەفەر.
دەهر ئىچرە خۇب ئىبردى ئەهۋالى،
هەم سوراغدە مۇلەزىز ئەقۋالى.
ئەدلىنى بەرمەس ئىبردى دەستىدىن،
خەبەر ئالغان بەلەند پەستىدىن.
بۇ بەلاغە نە قىلئىلىدۇر باعىس،
كەلدى شاه باشىغە بۇ نەۋئ هادىس.
قىلدى ئولدەم تەهارەتى تازە،
تاكى قىلغاي بۇ ئىشنى ئەندازە.
خالىي ئۆيدە مەراقىبە قىلدى،
خەبەر ئالدى مۇنى داغى بىلدى.
يەئنى بەردى خەبەر تۆشىدە بىرەۋ،
بىر ئەمەس بەلكى هەم ئىكەۋ-ئۈچەۋ.
يەتتى مۇنداغ بەلا بۇ سۇلتانىغە،
چەرخىدىن مىڭ جەفا كېلىپ جانىغە.
ياخشى ئېردى ئۆزىنىڭ ئەهۋالى،
شاهنىڭ مۇنچىگە يېتىپ سالى.
بار ئىدى بىر يامان ۋەزىرى ئاڭا،
بولغان هەر ئىشدا ئول پەزىرى ئاڭا.
زاهىرىدا بولۇپ دىيانەتلىك،
باتىنىدا بەسى خىيانەتلىك.
قىلسە فەرمان ئەمىر هەر ئەييام،
ياخشى ئىشقە ۋەلى بۇنائەنجام.
رىشۋەسىز سۆز دېمەس ئىدى هەرگىز،
كىبىرسىز ئاش يېمەس ئىدى هەرگىز.
قارغۇشۇر ئېردى ئەل ئىزاسىدىن،
فۇقەرالار مۇنىڭ جەفاسىدىن.
ئاڭلاسا شاه فېئلى ئەتۋارىن،
مەنئى قىلماس ئىدى بۇ كىردارىن.
شاهقەكىم بۇ ئەلامەتى يەتتى،
ئول ۋەزىرىنىڭ كەسافەتى يەتتى.
چۇنكى سۇلتان شەجەر، ۋەزىرىدۇر ئەسل،
ئەسلى بىرلە شەجەر ئەمەستۇر فەسل.
هەر قاچان يەتسە ئەسلىگە نۇقسان،
خۇشك بولغاي دەرەختى هەم يەكسان.
سارغىيىپ شاخ ئۆززە ياپراقى،
بولغۇسىدۇر يەر ئۆززە تۇپراغى.
هەر شەجەرنىڭ تۇمۇرىدۇر مەهكەم،
كەلسە قاتتىغ بوران ئەمەستۇر غەم.
هەر نەچەكىم ياساغلىق بولسە كەمان،
بولسە ئەگرى ئوقى ئەمەس پەرران.
چاغلاغان يەرگە تەگمەسە ئول ئوق،
ئىگەسى بولغۇسى بەلاغە ياۋۇق.

چىلك كەمانغە ئەگەر ئوق بولسە تۇز،
خىسلەتىغە دىمەك نەھاجەت سۆز.
بولسە چاقماق لىباسى زەرئەندۇد،
بولماسە تاش نە بولغۇسىدۇر سۇد.
بولماسە شاھنىڭ قاشىدا بىر خۇب،
سوڭرە خۇد خۇش قەلەم سىپەھ مەنسۇب.
تاپماغاي دەھرىدە رەۋاج ئىشى،
بولسە نۇقسان ئەمەس ئىلاج ئىشى.
شاھقە لازىم ئىرۇر خىرەدمەندى،
بولغاي ئول سەلتەنەتكە پەيۋەندى.
كىم ۋەزىر شاھنىڭ كۆزى بولمىش،
يوق كۆزى بەلكى ھەم ئۆزى بولمىش.
شاھلار ئولتۇرۇر سەرىر ئۆزە،
ئەل قىلۇر گۇيىتىگۇ ۋەزىر ئۆزە.
پىشە قىلسە ۋەزىر قەنائەتىنى،
مەسنەدىغە قىلىپ ئىتائەتىنى.
فۇقەرا ھالىدىن بولۇپ ئاگاھ،
دادىنى سورىسا خالىسەن لىللاھ.
تەڭرى بولغاي رىزا پەيەمبەر ھەم،
پاك ئەرۋاھلار بولۇر ھەمدەم.
شاھلار كۆرسە ئەدلىدىن ئىھسان،
ھەم ۋەزىرى شەرىك ئىرۇر يەكسان.
گەر ۋەزىر سورسە خۇب ئولۇس دارىن،
رەھم ئەيلەپ ئىشىتسە فەريادىن.
شاھ يەڭلىغ كۆرەر سەۋابىنى،
ۋەرنى تاڭلا بىرۇر ھىسابىنى.

## ئالتىنچى مەقالە

ئۇلەمالار تەئرىفىدەكىم، ئالىمكى ئەلنى ھىدايەتكە باشلاماق ئانىڭ ۋەزىشى بولسە، دىيانەت سىپىھرىنىڭ رەۋشەن كەۋكەبىدۇر. ۋە قەزالار ۋەسفىدەكىم، قازىكىم بىر دىيا سورماق ئانىڭ پىشەسى بولسە، سەخاۋەت نەھرىنىڭ بەرەھىن مەنبەئىدۇر. ئۆزىنى فەساد ئىشلاردىن يىغماسە، «فەسادۇل - ئالىم بىفەسادۇل - ئالەم» تەئرىفىغە مەۋقۇف.

چەكتى مۇنداغ سەفھىگە ئىنشا،
خامە ئۆز سىررىنى قىلىپ ئىفشا.
ئىلم بىر گەۋھەرىدۇر ئىنسانغە،
زەنۇ مەردۇ گەداۋۇ سۇلتانغە.
ئىلم دىل ئەۋجىدە ئىرۇرچۇ شەھاب،
يوق شەھاب، ئافتابى ئالەمتاب.
ئىلمكىم رۇھنىڭ تەراۋەتىدۇر،
بەلكى كەۋنەين ئارا ھەلاۋەتىدۇر.
ئىلم دۇررىغە كىم شەرىك ئىرمەس،
سۇرەتىدۇركى ئول تىرىك ئىرمەس.
گەرچە زاھىر تىرىك دىمىشلەر ئەل،
دەم ئەمەسدۇر چىقاركى پاسىد يەل.
كىم ئىرۇر ئىلم كويىدىن مەئيۇس،
بىلكى ئول شەمئى يوق قۇرۇق پانۇس.
ئىلمىسىز راھقە كىرىپ بولماس،
دىنىنى رەھزەنغە بىرىپ بولماس.
يەئنى ئول راھى قايىسى يول، ئەي جان،
راھى ھەقدۇر ئىشىت بىقەدر ئىمكان.
ئىلم رەھبەر ئىرۇر قەدەمكەشكە،
بىنەۋاۋۇ فەقىرۇ غەمكەشكە.
ئىلم ئىككى جەھانغە مايە بىل،
ھەم قىزىق كۈندە باشقە سايە بىل.
ئىلم بولسا مۇيەسسەر ئىنسانغە،
كام ئۇرسە سەۋاب ئىھسانغە.

خۇب ئېرۇر ۋەرزىش ئەتسە تەقۋانى،
گەرچە يازمىش ئەئىممە فەتۋانى.
بولسە ئامىل كۆرۈپ كىتاب ئىچرە،
نەھيى ئىلە ئەمرى مۇستەتاب ئىچرە.
گەر ئەئىممە دېسە نە يەڭلىغ سۆز،
جەھد قىلسە ئاڭا كېچە ـ كۈندۈز.
ياخشىدۇر بولسە مەئنىدىن ئاگاھ،
بولماسە فىسق ئەھلىدەك گۇمراھ.
ئىلمىسىز قىلسە زۇھد ھەر بەندە،
تايىلىپ بولۇركى شەرمەندە.
غەرەز ئول ئىلمدىن ئىشتكى فەسەۋف،
ئەيلەسە ئىلم ئۈچۈن خۇدادىن خەۋف.
خەۋفىدۇر بارچە ئىلمىنىڭ باشى،
ئاھۇ ھەسرەت كۈنىدە قولداشى.
بولماسە ئىلم ئەھلىدە قورقۇنج،
بەلكى ھەقنىڭ يولىغە بولدى تۈگۈنج
كىم ئەمەس ئوقۇغان بىلە ئالىم،
بەلكى ئول ئىلم جانىغە زالىم.
ئوقۇسە گەرچە ئول كىشى كەمراغ،
خەۋفىدىن بولسە كىرپىگى نەمراغ.
ئانى ئالىم دېسە مۇناسىبتۇر،
ۋەرنە نەفسى دىلىغە غالىبتۇر.
ئۇلەماكىم ئەگەر ئەمەس ھەق جوي،
ياخشى ئاندىن ئەۋام خۇد بەدخوي.
ئىلم ئەگەر بولسە كىمەرسەدە ئەفزۇن،
بولماغاي شەرئى ھۆكمىدىن بىرۇن.
ئىلم كۆپراق ئېرۇر تەۋەھھۇم كۆپ،
بولسە ئوبدان ئېرۇر ئەجەب مەرغۇب.
چۈنكى ئايدى ھەدىسىدە پەيغەمبەر،
ئىلم ئىككى جەھاندادۇر رەھبەر.
بولسە ئىلم ئەھلىنىڭ دىلىدە تەرەس،
شەرت ئەمەسدۇر يەنە ئوقۇماق دەرس.
بىل نەدۇر خەۋفىنىڭ ئەلاماتى،
بولسە ھەربەندەنىڭ سەئاداتى.
ئىلم تاپسە ئەمەلغە قىلغاي جەھد،
تەقۋا دۇررىن ئالۇرغە قىلغاي ئەھد.
ئىلمىنى دىن ئىشىغە قىلغاي سەرف،
قىلماغاي كۆڭلىنى شەياتىن زەرف.
ئىلمدىن مەقسەد ئول يىقىلماغلىق،
ئاخىرەتكە ۋەسىلە قىلماغلىق.
قىلسا ھەركىم ۋەسىلە دۇنياغە،
ئەل ئارا تۇرسە كۆپ تەمەنناغە.
ئالىم ئېرمەس ئېرۇر پەقەت جاھىل،
بىسەئادەت ئېرۇر ھەمان گاھىل.
بەلكى ئول ئىلم جانغە ئافەتدۇر،
بىنەسىب ئاخىرەت شەقاۋەتدۇر.
ئىلم ئېرمەس ئېرۇر ئاڭا ئافەت،
ھەق ئىبەردى رەسۇلغە ئايەت.
شەيخ ئەبۇ بەكرى ئەندەلىبى چەمەن،
دېدى مۇنداغ كىتاب ئىچرە سۇخەن.
ئىلم مىراس ئېرۇر نەبىلەردىن،
يوقكى قالدى دېمە ۋەلىلەردىن.
گەرچە تەقرىرىنى بىلۇرسەن ھەسب،
ۋەلىلەر ئەنبىيادىن ئەتمىش كەسب.
بەلكى كەلمىش بۇ ئىلىم ھەم نەۋئەين،
ھەربىرى ئادەمغە زىيبۇ زەين.
ئىككىدىن بىرسى ئىلمدۇر زاھىر،
بىرى باتىن دېمىشلەر، ئەي تاھىر.
ئەنبىيادىن قالىبدۇرۇر مىراس،
ئۆزگەلەردىن ئەمەسدۇرۇر ئىھداس.
بىلخۇسۇس رەھنەمايى ئىنسۇجان،
ئەنبىيا خەيلىغە ئىدى سۇلتان.
تۇتتى بۇ ئىككى ئىلمنى بەرپا،
قىلدى دىننى بۇنىڭ بىلە ئەھيا.
سوڭرە ئەسھاب ئەلەيھۇمۇررىزۋان،
سەئيى ئېتىپ ئۆرگەتىپ بىقەدر ئىمكان.
ھەزرەتى مۇستەفا كەلامىدىن،
ئەلگە قىلغان شۇكر پەيامىدىن.
بىلدى ئەقۋال ئىلەكى ئەفئالىن،
نە تەرىقە كەچۈرگەن ئەھۋالىن.

ئوقۇبان ئۆرگەنىپ بىلىپدۇرلار،
زەھنى بىرلە ئەمەل قىلىپدۇرلار.
ئىلىم زاھىر بۇدۇركى ئىلىم كىتاب،
ئوقۇماغلىق بىقەدر ئىستىكساب.
ھەم تەفاسىر ھەدىس ئىلە ئەخبار،
قىسسەئى ئەنبىيا كەبى ئاسار.
بۇكى سەفھە يۈزىگە يازىلمىش.
ئىلىم زاھىر تەۋابىئى كەلمىش.
ئىلىم باتىن نەدۇر خەبەر تاپماق،
مەئىنىسىدىن ئانىڭ ئەسەر تاپماق.
سوكرە ھەم تابىئىن سەلەف ئەھلى،
ھەم ئەئىممە بىلە خەلەف ئەھلى.
ئالدىلار بىرى بىرىسىدىن تەئلىم،
پەيرەۋلىك بىلە قىلىپ تەسلىم.
روز - شەب تەكرىغە قىلىپ قۇللۇق،
خار بولسە بولۇبدۇرۇر گۇللۇق.
بۇ ھۇرەيرە ھىكايەتى قىلدى،
مۇستەفادىن رىۋايەتى قىلدى:
دىبدىلەر بىزگە ئول ھەبىبى ھەق:
ئۇلەما كەلدى ئۈچ گورۇھ مۇتلەق،
بىرسى بىلگەيكى ئىلىم زاھىرنى،
بىلمەگەيلەر ۋەلىك يەنە بىرنى.
ئىلىم باتىن بىلە بىرى ئالىم،
ئىلىم زاھىر بىلە ئەمەس سالىم.
بىرى ھەر ئىككى ئىلىمدىن ئاگاھ،
بۇ كىمەرسە ئىرۇر جەھانغە پەناھ.
مۇنداغ ئالىم ئەگەر بولۇر مەۋجۇد،
بىل تەكىز ئىچرە چۈن دۇرى مەشھۇد.
بار بۇ يەڭلىغ مەراتىبە ئەئلا،
شەرق - غەرب يومنا فەزلىدىن بەرپا،
بولسە مۇنداغ جەھاندا ھەر ئادەم،
شەئىندە ئايدى مەفخەرى ئالەم.
ئۇلەما ئۈممەتى ھەدىسنى كۆر،
سەفھەدە خەتتىغە كۆزۈڭنى سۈر.
يانە بولمىش دەلىلكىم بائىس،
ئۇلەما ئەنبىياغەدۇر ۋارىس.
كەلدى ۋارىس بۇلار پەيەمبەرغە،
كەۋكەبۇ شەمسۇ ماھى ئەنۋەرغە.
يەئنى ئول ئىلمدىن ئالىپ مىراس،
ئىلمدىن ھىچ زەمان ئەمەس ئەشكاس.
ئىلمى باتىنۇ ئىلمى زاھىردۇر،
ئەنبىيا ئىككىسىدە ماھىردۇر.
ئالدى مىراس بۇ ئىككى گەۋھەرنى،
بىباھا ئالەم ئىچرە جەۋھەرنى.
بۇ سەبەبدىن نەبىدۇرۇر ۋارىس،
ئىلىم ئەھلىغە بۇ سەنەد بائىس.
ئىلىم زاھىر ئىرۇر يەنە نەۋئەين،
بىرسى زەيندۇر بىرسى دىشىن.
ئالىمى دىل بىرى ئەيان ئولمىش،
بىرسى ئالىمى زەبا ئولمىش.
بۇ بىردە خۇزۇئى تەرس ئولغاي،
دىلدا زۇھدۇ تىلدا دەرس ئولغاي.
ئەيلەگەي ئىھتىياتى فەتۋانى،
ئىلىم بىرلە ئەمەلدە تەقۋانى.
خەلقىغە ئىلمىن ئۆرگەتۇر دائىم،
كۈندۈزى سايىمۇ كىچە قايىم.
ئىلىم دۇررىن ساچارلار ئالەمگە،
ياخشى يول كۆرسەتۇرلەر ئادەمگە.
سەئيى ئىتەر خەير بىرلە ئىھسانغە،
مىھرىبانلىق قىلۇر مۇسۇلمانغە.
مالۇ دۇنيادىن ئول ھەزەر ئەيلەر،
بارچەسىن قاتىئى نەزەر ئەيلەر.
شەئىندە كەلدى يەئنى يەخشەللاھ.
بولغاچ - ئوق تەكرى يادىدىن ئاگاھ.
بىرسى ئالىمى زەبان ئىبىردى،
جاھىلىيەتكە ئول نىشان ئىبىردى.
كۆڭلىدە بولماغاي خۇدادىن تەرس،
تىلدا ئۆرگەتۇرلەر ئەلگە دەرس.
كىبىردىن شەرم ئىلە ھەيا بولماس،
ئات كۆتەرگەي ۋەلى سەفا بولماس.

تىلىدا دەرسىغە ئىپرۇر تەشخىل،
ئەرزى مالۇ جاھدىن تەھسىل.
ئىزدىگەي خەلقنىڭ قەبۇللىغىنى،
نەفسى شەيتان ھەۋاۋۇ قۇللۇغىنى.
پۇل تاپىپ يەتسەلەركى مەنسەبكە،
سەئيى بىرلە فەسادۇ مەتلەبكە.
كۆڭلى ئانىڭ ھەۋاغە تابىئدۇر،
خەلق ئارا ئالىم ئاندا شايىئدۇر.
قىلسە ھەر ئىش قىلۇر ھەۋا بىرلە،
ئۇمر ئۆتكەي بۇ ئاشنا بىرلە.
لىك ئۆز ئىلمىغە ئەمەل قىلماس،
شەرئىنىڭ زەنجىرىغە ئاسىلماس.
كۆرسە ھەريەردە پارسالارنى،
ئالىمۇ مۇتتەقى رەسالارنى.
شۇئلە ئۇرغاي ھۇسۇددىن ئانداغ ئوت،
قايناغاي كىنەسى قازانداغى دۇت.
يىغماغاي ھەم تىلىنى غەيبەتتىن،
قاچماغاي يۈكلەنۈرگە لەئنەتتىن.
زىكر ئەيلەر ھەمىشە يالغانىنى،
ئالىمۇ مۇتتەقىغە بوھتاننى.
ھەم قىلۇرلار ئىزا ئەھانەتنى،
ۋارىد ئەيلەر ئاڭا شىكايەتنى.
بىدەلىل سۆزنى ئەيلەگەي ئىفشا،
خەلق رەئيى ئۈچۈن قىلۇر ئىنشا.
قىلسە ھەق سۆز ئەمەس ئاڭا قايىل،
كۆڭلى باتىل تەرەفكەدۇر مايىل.
ھەقنى باتىل بىلە ياپىپ ھەردەم،
كىبر ئەھلى بىلە بولۇر ھەمدەم.
فەزلى ئىزھار قىلۇر خەلايىقغە،
باتىنى مەئقەدى ئەلايىقغە.
بۇكى ئول تائىفە ئىرۇر بەدبەخت،
كۆڭلى تاشدەك ئىرۇر بىل ئاندىن سەخت.
دىدى مۇنداغ رەسۇلى ئالەم تاب،
ئىتتەقۇ مەزمۇنى بۇلارغە خىتاب.
فىلھەقىقەت بۇ ئانداغ ئافەتدۇر،
ئۇلەما يوقكىم ئول كەسافەتدۇر.

ئافەتىدۇركى دىنى ئىسلامدا،
بولماغايكىم دۇھۇرى ئەييامدا.
بەلكى ئالەم بولۇر كەسافەتىدىن
بۇزۇلۇر ھەرزەمان خەباسەتىدىن.
نەقىلىدۇر يانە شاھى مەرداندىن،
ئاڭلاغىل ئول ئەمىرى يەزداندىن.
خەيلى ئۇممەت ئارا يامان ئالىم،
ئۆزىگە ئەلگە ھەم ئىرۇر زالىم.
ساتقۇچىدۇر دىنىنى دۇنياغە،
بارغۇسىدۇر تەمەئگە ھەرجاغە.
تەۋبە دەپ تۆكمەگەيكى قەترە ياش،
ھىرس بىرلە ھەۋادىن ئالماس باش.
نەفسى ئۈچۈن دەربەدەر يۈرۈر ھەيران،
باشلارى پۇل تاپارغە سەرگەردان.
ئۇمەرا خىزمەتىدە چۆرگەلگەي،
ئولتۇرۇپ شادلىق بىلە كۈلگەي.
بولسە ھەركىم جەھاندا دەۋلەتمەند،
بارىبان باغرىنى قىلۇر پەيۋەند.
خارلىقغە سالىپ ئۆزىن ھەر كۈن،
قۇپائالماس گەر ئۆتسە يارىم كۈن.
ھەم تەمەللۇق ئۈچۈن قىلۇر گۇفتار،
گەر ئول ئىش زەمىنىدە ۋەئىدلەر بار.
دىن ئىشىنى تۇتارلار ئىستىرخا،
قىلسە باتىل سۆزىن دەرلەرھا.
مۇنتەزىر قۇللۇغىدا تۇرغايلار،
ھەر زەماندا خۇش ئامىد ئۇرغايلار.
يوق سىفەتلەرنى ھەم قىلىپ تەئرىف،
ھە دىمەكنى داغى قىلۇر تەشرىف.
بەلكى سىدقۇل ئەمىر دەپ ئەيلەر ياد،
ئاش ئۈچۈن نەفس ئىتى قىلۇر فەرياد.
ئەمىر ئىلە نەھىينى قىلۇرلار تەرك،
ئەيلەمەسلەر ھەقىقەتىنى دەرك.
مەقسەد ئولكى بۇ نەۋئى قالىدىن،
نەزر ئالغاي ھەرام مالىدىن.
كەلتۈرۈپ قولغە مالۇ دۇنيانى،

ھىرسدىن سەكرەگەي داغى جانى.
سەفھەدىن ياخشى سۆزنى قىلماس سەمەئ،
ئەيلەگەي سىيمۇ زەرنى ئۆيىدە جەمئە
رىشۋە بەرگەي بۇ پۇلنى مەنسەپكە،
چەرخ يەتكۈزسەكىم بۇ مەتلەبكە.
بولسە مۇفتى مۇدەررىس ئەئلەم،
دىن زەۋالىدىن ھېچ يېمەسلەر غەم.
فىكرى رىشۋە بىلە رىيا بولغاي.
كېچە ـ كۈندۈز بۇ مۇددەئا بولغاي.
مۇنداغ ئالىم كەسافەتى بىرلە،
نەفسى شەيتان مەھابەتى بىرلە.
قىلماغاي دىن ئىشىن بۇ فىرقە دۇرۇست.
ئەمرى ئېئتىقادى بولغاي سۇست.
سوكرە ئالەم ئېلى كۆرۈپ ئانى،
بۇزۇلۇر سىدق بىرلە ئەديانى.
بارچە مەردۇم بۇ نەۋئ قىياس ئەتكەي،
كۆڭلىگە بۇ تەسەۋۋۇرى بىتكەي.
بۇرنە ئۆتكەن ھەمە مۇقەددەملەر،
ئۇلەما، مەشايىخ ئەكرەملەر.
تۇتتى بولغاي بۇ تەۋرى خىسلەتنى،
غەيرى مەشرۇئ فەساد بىدئەتنى.
بەدگۇمانلىق قىلىپ ۋەلىلەرغە،
ئالىمۇ زاھىدۇ مۇتتەقىلەرغە.
قايناغايلار شىكايەتى مەزمۇم،
ياخشىلار بەزمىدىن قالۇر مەھرۇم.
ئار ئەيلەپ ئۆزىگە خىزمەتنى،
سەھل بىلگەيكى دىنۇ مىللەتنى.
بارچەسى ئول يامان كەسافەتىدۇر،
دىنىي ئىسلام يولىنىڭ ئافەتىدۇر.
بىر كۈنى ئايدىلەر رەسۇلى خۇدا،
چەكتى مەجلىس ئارا بۇ نەۋئى سەدا:
ئالىمكى ئەمەلدە بولماسە ئول،
نەفسىنىڭ خاھىشىغە بەرمەسە يول.
بولسە ئىززەت ئەگەر مۇرادى ئانىڭ،
ئېئتىقادى بۇزۇغ نىھانى ئانىڭ.
دەۋزەخ ئوتىغە ئول بولۇر تۇترۇغ،
ياخشى ئاندىن جەھاندا تۆرت پۇتلۇغ.
ئۇلەما ئىلم بىرلە گۇمراھدۇر،
مۇنداغ ئەلدىن ئەئۇزۇبىللاھدۇر.
ئۇلەما بولسە ئەئلەمۇ قازى،
قىلسە پەرۋەردىگارىنى رازى.
ھەم رەسۇلغە مۇتابىئەت قىلسە،
مۇجتەھىد سۆزلەرىنى ھەق بىلسە،
پىشە قىلسە ئۆزىگە تائەتنى،
بەرمەسە قولىدىن ئىبادەتنى.
ئۆزىنى رىشۋەدىن يىراق تۇتسە،
تۇئمەسىگە ھەلالىدىن تۇتسە.
تۇتسە لازىم تەرىقە تەقۋانى،
راست بەرسە ئۇلۇسغە فەتۋانى.
لۇتفىدىن بەلكى ئەلگە يەتسە خەۋف،
دىنىنىڭ ئافەتلەرىدىن ئەتسە خەۋف.
پىسقى ئىسياندىن ئېھتىراز ئەتسە،
ياخشى ئىشلارنى ئىمتىياز ئەتسە.
نېتەيىن خاس ئەيلەسە ھەقغە،
ھەزرەتى كىردىگارى مۇتلەقغە.
كىرسە ھاجەت ئۈچۈن ھەر ئىنسانى،
سوراسە راستلىق بىلە ئانى.
ياكى سورسە كىشى مەسائىلىدىن،
ئالماسە ھېچ نېمەرسە سايىلىدىن.
غەرەزى بولسە گەر سەۋاب ئۈچۈن،
نې تەمەئ ئەجرە ئىكتىساب ئۈچۈن.
چۈنكى ئەيلەر تەمەئ كىشىنى خار،
بۇ رەۋىشدىن ئۆزىنى تۇتسە ئار.
نەزر قىلسە ھەرام دەرھەمنى،
يا تەئام لىباسى ئەئزەمنى.
قول كۆتەرمەي دۇئا ئۈچۈن فىلغەۋر،
فەرھىز ئەيلەپ ئۆزىنى تۇتسە دەۋر.
كەلسە سادىق ئەگەر بۇ تەئرىفكە،
بولسە مەۋسۇف بۇ نەۋئى تەۋسىفكە.
خەيلى ئۇممەت ئارا ئېرۇر مىنھاج،

www.uyghurkitap.com

نەفسىنى بىدەۋا مەرەزگە ئىلاج.
رۇتبەدە غازىلار بىلە تەڭدۇر،
مۇجتەھىد بىرلە تاڭلا ھەمرەڭدۇر.
بىر كۈن ئايدى مۇشەففىقى ئۈممەت:
«ئەيلەبان تۆرت فىرقەغە شەفقەت.
روز مەھشەر تىرىلسە گەر زىجان،
رۇتبە زاتىدىن قوپار بۇ تۆرت ئىنسان.
بىرسى قۇتىبىدۇر بىرى غازى،
ئەيلەگەي بەندەلىكدە جان بازى.
بىرسى پادىشاھى ئادىلدۇر،
بىرى قازىدۇركى كامىلدۇر.»
يانە ئايدى ھەدىسىدە پەيغەمبەر،
چۈنكى ئول ئىنسۇجىنغەدۇر رەھبەر:
«قازىلار ئۈچ گۇرۇھدۇرۇر بىلىڭىز،
ئىشتىڭىزلار مۇڭا قۇلاق سالىڭىز.
ئىككىسى دەۋزەخ ئىچرە مەسكەندۇر،
بىرسى جەننەت ئىچرە مەئمەندۇر.
ئول ئىكەۋكىم مەكانى ئاتەشدە،
قايىسىدۇركىم بۇ دەھر غەمكەشدە.
بىرى ئول قازىلاردىن ئامىدۇر،
ئىلم يوق قازىلىق لەكامىدۇر.
بىلمەگەي ھىچ قۇزالىق ئىلمىنى،
ئىستىلاھ خوش قارالىق ئىلمىنى.
ئەمر ئېتەر نەفسى خاھىشى بىرلە،
يوق ئىشى شەرئى گاۋشى بىرلە.
بىلمەگەي ھېچ قايۇ مەسايىلدىن،
دەۋزەخىدۇر بۇ ئۈچ قەبايىلدىن.
بىرى بۇكىم ئۆزى ئېرۇر ئالىم،
ھېرسىدىن جانىغە ئېرۇر زالىم.
كەلسە ئىككى كىشى جەدەل بىرلە،
ۋەلۋەلە جەڭگۇ مۇھتەمەل بىرلە.
ھۇكم قىلماس خۇدا بۇيۇرغانىدەك،
شەرئىدە مۇستەفا بۇيۇرغانىدەك.
ئەمر قىلغاي بەسى جەھالەتدىن،
دەھرىغە ھىرس ئىلە مەھابەتدىن.

كىمكى رىشۋە كېتۇرسە ئالدىغە،
باقماس ھەرگىز ئانىڭ مەئانىغە.
بەرگۈسىدۇر غەنىغە پەتىۋانى،
لازىم ئەتمەس ئۆزىگە تەقۋانى.
بىيىكەسۇ ئاجىزۇ يەتىملەرنى
كۆرمەيىن خۇش كۆرەر لەئىملەرنى.
شەرئىنىڭ ھۇكمىنى قىلۇر باتىل،
مۇجتەھىدلەر سۆزىن قىلۇر ئاتىل.
فۇقەرا دادىنى قىلۇر زايىئ،
رىشۋە خورلۇق بىلە بولۇر شايىئ.
ئاتانۇر دەھرىدە يامان بەندە،
بولغاي ھەم ئاخىرەتدە شەرمەندە.
بارچە ئادەمنىڭ ئول يامانىدۇر،
بىگۇمان ئوت ئانىڭ مەكانىدۇر.
ئول ئۈچەۋدىن بىرىكى ئېردى خۇب،
جەننەتى دەھر ئەھلىغە مەرغۇب.
ئالىم ئولغاي يەنە ئەدالەتلىك،
ئىككى دۇنيادا ئول سەئادەتلىك.
باقماغاي پۇل يۈزىگە ئول ھەرگىز،
بەرمەگەي نەفس ئىستىغە يول ھەرگىز.
رىشۋە بىرلە رىيادىن ھەم خالى،
بولماغاي ھىچ مۇغايىر ئەھۋالى.
چىقماسە شەرئىنىڭ سۆزىدىن ھېچ،
تاپماسە مەھكەم ئۆزىدىن ھېچ.
ئەمر قىلسە ئەئىممە قەۋلىدىن،
قورقسە ئىززۇ ۋەجەللە مەۋلىدىن.
تاپسە ئەلنىڭ رىيا مۇرادىنى،
راستلىق بىرلە سورسە دادىنى.
بولسە مۇنداغ جەھاندا ھەر قازى،
تەڭرى ھەم مۇستەفا ئېرۇر رازى.
تەربىيەت بولغاي ئەنبىيالاردىن،
رۇتبەدە خاس ئەۋلىيالاردىن.
بۇ سىفەتلىك كىشى قاچان بولغاي،
بولسە ھەم نادىرى زەمان بولغاي.
خاس ئەمەس قازىغە ھەلالۇ ھەرام،
فەرھەز ئەتكەي بارى نىكۇ ئەنجام،

www.uyghurkitap.com

يېپسه لۇقمه هەرامدىن هەر مەرد،
بەندەلىكىدىن كۈڭۈلنى ئەيلەر سەردە
تاپسه هەر كىم هەرامدىن قۇۋۋەت،
هەسەدۇ كىبىر بىرله يا شەهۋەت.
كۆڭلىدە بۇ مەرەز بولۇپ پەيدا،
كەتكەي ئۇل نەفسى ئىت بىله شەيدا.

راھ تاپماس خۇدا يولىغه ئۇل،
باشلاغايلار هەۋا يولىغه ئۇل.
بىرى بولسه بۇ تۇرت ئىللەتدىن،
سۇد كۆرمەس هېچ رەنجۇ مېھنەتدىن،
يەئنى كۆرمەس ۋەفا ئىبادەتىدىن،
هەم نەتايىج ئەمەس دىيانەتىدىن.

## تەنبىھ

دېدى مۇنداغ ئۇبەيدىبىن ۋاقىد،
نامەسى ياخشى سۆز بىله نافىد.
بار ئىدى مىسر شەھرىدە بىر مەرد،
خىزمەت ئەتكەن نەبى قاشىدە فەرد،
ئۇل نەبىكىم ئېرۇر كەلىمۇللاھ،
ئېردى ئۇل شەخس هالىدىن ئاگاھ.
ئىلم تەئلىم بېرۇر ئىدى شەب-روز،
ئەلگە ئايتۇر ئىدى چىقىپ ئۇلدوزە
ئۆرگەنىپ ئالغاچ ئۇل نەبى سۆزىن،
ئالۇر ئېردى تالاغه ئۇل ئۆزىن.
سۆز قىلىپ سوقلاردا شامۇ فەجر،
ئالۇر ئېردى بۇ قەۋملەردىن ئەجر.
نەچچە يىل بۇ رەۋش بىله ئۆتتى،
سيمۇزەر يىغدى كۆپ ئىشى پۈتتى.
كەلمەدى نەچچە كۈن نەبى قاشىغه،
گول بولۇپ مەيل بىله يېگەن ئاشىغه.
بارماقۇ كەلمەكىنى ئەتتى تەرك،
قىلدى مۇسا بۇ مەرد هالىن دەرك.
هېچ تەرەفتىن ئىشىتمەدى خەبەرىن،
تاپمادىلار فەسانەۋۇ ئەسەرىن.
بىر كۈنى ئولتۇرۇپ ئىدى مۇسا،
يارۇتۇپ ئەل دىلىن قۇياش ئاسا.
مەجلىس ئىچرە بۇ ئېردى گۇفتارى،
ئۇل قايان باردى كەتتى قاي سارى.
بىر كىشى كەلدىكىم بۇ هالەتدە،
قىبئلى ئېردى ئەجەب قەباهەتدە.

ئاڭا قىلدى نەزەر كەلىمۇللاھ،
ئارقىدا بىر قاۋان ئىدى هەمراھ.
بوينىدىن باغلابان ئىلكىدە تۇتۇپ،
خەشم بىرله دەهان سۆيىنى يۇتۇپ.
بەرك ئاۋۇچلاپدۇرۇر مەهارىنى،
بارچه ئەل كۆردى كارى بارىنى.
ئاڭا باقتى دېدى كەلىمۇللاھ:
«بارمۇسەن ئۇل فەلانىدىن ئاگاھ؟»
دېدى: «ئارى، بۇ خوك ئېرۇر ئۇل مەرد،»
قوغلاماقدىن يۈزىنى ياپتى گەرد.
خەلق كۆرگەچ بۇ مەرد هالىنى،
ئاڭلاساق دېدى قيلۇ قالىنى.
قول كۆتەرگەي دۇئاغه پەيغەمبەر،
چۈنكى بۇ قەۋمگه ئىدى سەرۋەر.
ۋەهيى كەلدى نەبىغه ئۇل سائەت،
بۇ دۇئا قىلماقىڭدا يوق دافەت.
سۇرەتىن ئەيلەدىم ئانىڭ تەبدىل،
يانماس ئەمدى تىلەر ئىسەڭ مىڭ يىل.
بۇلبەشەر ۋەقتىدىن جەمىئ نەبى،
خاهى پىرۇ جەۋانۇ خاهى سەبى.
جەمىئ ئولۇپ بارچەسى دۇئا قىلسه،
تىلەبان ماڭا ئىلتەجا قىلسه.
قىلماغايمەن قەبۇل دۇئاسىنى،
تاپماغاي ئەسلى مۇددەئاسىنى.
يانماغاي سۇرەتى سەلاھەتكە،
ئەيلەدىم شەكلىنى قەباهەتكە.

چۇنكى بىزگە ئۇلۇغ گۇنەھ قىلدى،
ئىككى ئالەم يۈزىن سىيەھ قىلدى.
سەبەب ئۇلكى ئىشتىكىل، ئەي مۇسا،
تۇتتى دىنىنىڭ ئىشىنى ئىسترخا.
ئىلىملار سەندىن ئالدى ئەۋۋەل تەئلىم،
ۋەئىز ئايتۇر ئىدى چىقىپ تەدۋىم.
سوڭرە ئەلدىن تىلەر ئىدى دەرھەم،
ئالۇر ئېردى كۈمۈش بىرلە دەرھەم.
دىن ئىشىنى جەھان ئۈچۈن ساتتى،
تۇتتى خاردىن ئەلگە سۆز قاتتى.
تەبدىل ئەتتىم بۇ نەۋئى سۇرەتنى،
يەئنى تۈگكۈز مىسال ھەيئەتنى.
تا خەلايىق ھەقىقەتىن بىلگەي،
ئىلىمنىڭ دۇررى قىيمەتىن بىلگەي.
ئۇلەما قۇللارىم كۆرۈپ ئانى،
ئالغاي ئىبرەت خەۋف ئېتىپ جانى.
ساتماغاي تاكى دىننى دۇنياغە،
بارماغاي سىيەھلىك ئۇقباغە.
ئاڭلادىڭ، ئەي زىيائى، بۇ سۆزنى،
قىلما غەفلەت بىلە قارا يۈزنى.
ئىلىم بەرسە ساڭا خۇدايىڭ ئەگەر،
قىل ئەمەل باغلاغىل بىلىڭگە كەمەر.
ئىلىم ئاز بولسە تۇت ئەزىز ئانى،
چۇنكى يوقتۇر بەھاسىنىڭ سانى.
تۇتماغىل ئىلىم جەۋھىرىنى زەبۇن،
خەۋفدىن قىل ئەلىف قەدىڭنى نۇن.
تۇتساڭ ئەر دىن ئىشىنى ئىستىھزا،
بولغۇڭ ئىككى جەھاندا كۆپ رەسۋا.
سورسە مەھشەر كۇنى خۇدايى جەھان،
قالماغاي ئىشلارىڭ خۇداغە نىھان.
تاڭلا بىر ـ بىر سورار ھىسابىنى،
بىرە ئالغۇڭ نېچۈك جەۋابىنى.
قىيناما جاننى ئوتدا، ئەي نادان،
يوقتۇر ئاندا نىجاتىغە ئىمكان.
تاپسە ھەركىم بۇ ئىلىم گەۋھەرنى،
ھەق ئەتا قىلدى تاجى ئەفسەرنى.
كەلدى بۇدۇر قولۇڭغە، ئەي ئەھمەق،
بىلمەدىڭ قەدرىنى مۇنىڭ مۇتلەق.
تا قاچان يۈرگەسەن ھەۋا بىرلە،
نەفسى ئەممارەدەك بەلا بىرلە.
تەۋبە قىل ھەق جەنابىغە يانغىل،
ئۆتسە كۆپ مەئسىيەت ئاڭا تانغىل.
جۇش ئۇرسەكى مەغفىرەت بەھرى،
بۇ تېپىنگدىن كىتەر گۇنا زەھرى.
ۋەرنە دەۋزەخ بولۇر سىپىنىڭ جايىڭ،
تەۋبەسىز ئۆتسە بۇ يىلۇ ئايىڭ.
شۇكرىكىم تەڭرىنىڭ ئىنايەتىدىن،
شەيخ ئەبۇبەكرىنىڭ رىۋايەتىدىن.
خۇشەچىنلىك قىلىپ نەچە كۈنلەر،
بۇ تەفەككۇر بىلە ئۆتۈپ تۈنلەر.
نەزىم قىلماقغە ماجەرا قىلدىم،
سەفھە رۇخسارىن قارا قىلدىم.
گەرچە مەندە يوق ئېردى مۇنچە خىرەد،
ئەيلەدى ياخشىلار دۇئاسى مەدەد.
ئالمايىن ياخشىلار دۇئاسىنى،
تاپماغاي كىمسە خۇد نەۋاسىنى.
بولماسە كۆكدە ئەبرىنىڭ ئەسەرى،
ياغماغاي بىشەگە ئەگەر مەتەرى.
بولماغاي سەبزەزارلىق ھەرگىز،
تاغ ئارا نەۋبەھارلىق ھەرگىز.
ياخشىلارنىڭ دۇئاسىدۇر باران،
خىزمەت ئەتكىل ئۇلارغە، ئەي ياران.
تاپ قەبۇلىيەتىن دۇئاسىن ئال،
دۇررى نەسىھەتلەرىن تېرىپ فىلھال.
سالكى دىل مەخزەنىغە، خۇب ئاسرا،
قىلمە پاش ھېچ كىشىگە كۆپ ئەسرا.
دەھر ئارا چۇنكى ئەھل مۇشتاقى،
گويا لەب تەشنەلەرگە دۇر ساقى.
تۇتماسە ساقى گەر مەيى گۇلگۇن،
مەستلىك رۇزى بولماغاي ئەفزۇن.

قەترەئى مەي سۇمۇرسە گەر ئاندىن،
كەچمەس ھېچكىم بۇ فانىدەۋراندىن.
ھەر كىشكىم بۇ مەيدىن ئەتسە نۇش،
كۆڭلى ئىچرە تۇشەر بىسى ئاغۇش.

قەتئى ئەيلەپ كېچەر بۇ دەۋراندىن،
يوقكى دەۋران داغى نېچۇك جاندىن.
ساقىيا، قەترە مەي نىسار ئەيلە،
تىيرە كۆڭلۈم ئۆيىن شىئار ئەيلە.

**كاشغەر ۋەسفىدەكىم، ئەۋزائى بەغايە، خۇش فىترەتى فەرەھ ئەفزايە؛ ھەۋاسى بىنەھايە؛ فىتنە ئاغۇش ھەيئەتى جەننەت ئاسا، ئەگەرچە ئەلفازى ئاسان، ئەمما زەرافەتى ئارازى ھەراسان، ۋەلېكىن تەراۋەتى بار①**

شەھركىم تەئمىر ئەيلەگەن چاغى،
يۇغرۇلۇپ كۆز سۇيىدە تۇفراغى.
دەردۇ ھىجران بىلە بەنا بولمىش،
ئىشق ئېلى كۆڭلىگە بەلا بولمىش.
كۆپ شەھەر بار ئەجەم گۇرۇھىدا
يازىلىپدۇر رەقەم گۇرۇھىدا.
ھەربىرىدە تۇمەن خەلايىق بار،
زەنۇ فەرزەند بىلە ئەلايىق بار.
تاشلاپ ئۆز شەھرىنى تولا ئىنسان،
كۆرگەلى ئارزۇ ئېرۇر يەكسان.
كەلسە ھەركىم ئەگەر بۇ گۇلشەنگە،
بەندە سۇرەت ئېرۇركىم ئول تەنگە.
ئۇنتۇپ ئۆز شەھرىنى كېتەر بولماس،
تۇرسە كۆپ كۆڭلى مەخزەنى تولماس.
بىلمەدۇك كاشغەر چەمەنمۇ ئىكىن،
گۇلۇ گۇلزار ئىلە سەمەنمۇ ئىكىن.
يەتسە بۇيى ئەگەر دىماغىغە،
باقمايىن مەرھەلە ياراغىغە.
جەھد ئېتىپ شەۋقىدىن قىلۇر پەرۋاز،
بولغالى گۇللارى بىلە ھەمراز.
ھەرقاچان بولسەمۇ چەمەنگە نۇزۇل،
ئەيلەگەيلەر بۇ گۇلشەن ئىچرە خۇمۇل.
يا جەھان ئەھلى كۆڭلى بۇلبۇلمۇ،
بۇ شەھەرنىڭ ھەۋاسى يا گۇلمۇ.
كېچە كۈندۈز چېكىپ سەۋدايى فىراق،
ئۆزىگە تاپمايىن دەۋايى فىراق.
ئۇمرىنى ئۆتكەزۇر بۇ گۇلشەندە،

قالغۇسىدۇر ۋۇجۇدى گۇلخەندە.
بولسە گەر ھەر دىيارىدا سۇلتان،
كاشغەر شەھلىقىن قىلۇر ئەرمان.
مېھرى ئانداغ كۆڭۈلدە جانانە،
مۇنتەزىر چۆيرۇلۇر چۇ پەرۋانە.
كىم جەھاندارغە بەسى مەتلۇب،
يوق بۇ يەردەك نەزاكەتى مەھبۇب.
قايىسى شەھنىڭ فۇزۇن ئېرۇر بەختى،
بۇ زەمىندە بولۇر ئانىڭ تەختى.
گەرچە باغى ئىرەم ھەۋاسى خۇب،
قۇشلارىنىڭ ئېرۇر سەداسى خۇب.
كىم ئەمەس مۇنتەزىر ئاڭا ئاسان،
مۇڭا لېكىن فىداسىن ئەيلەر جان.
تەڭرى ھەيۋان سۇيىنى قىلدى ئەزىز،
كىمسە قىلماس يولىدا ئەشكىن رىز.
لېك بۇ ئاشىيان فىداسى ئۇچۇن،
مېھرىنىڭ فۇرقەتى بەلاسى ئۇچۇن.
يولىدا جان چېكەر بەسى مەردۇم،
ئەدەدى چۇن سىپېھرىدە ئەنجۇم.
نۇش قىلسە سۇيىنى تاپتى جان،
بولماسە گەرنەسىب سىرىشكى قان.
لالەدەك كۆڭلى غۇنچەسىدۇر چاك،
قىلماغاچ خۇد ۋىسالىنى ئىدراك.
تاپسە ۋەسلىن ئەگەر فىغان چەكمەس،
كۆزلەرىدىن سىرىشكى قان چەكمەس.
قەلئەنىڭ چەۋرەسىدە ئەنھارى،
سەلسەبىلدەك ھەمىشەدۇر جارى.

① بۇ ماۋزۇ ئاستىدىكى قىسىم «موھەزىنۇل - ۋائىزىن»نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 016 - نومۇرلۇق قول يازمىسىدىن ئېلىندى.

ئۆتسە مىلڭ يىل تەھى قۇرۇق بولماس،
خۇشك بولماقغە ھەم ياۋۇق بولماس.

قەئردە تاشلارى نەچە ساندۇر،
دۇررۇ مەرجان كەبى نەمایاندۇر.

لىك نەچچە زەمان تەۋلە ئۆتۈپ،
فىرقە ـ فىرقە نەچە قەبىلە ئۆتۈپ.

بولغان ئېردى ھىسارى پەژمۇردە،
تاملارى چاك ـ چاك ئەفسۇردە.

بەئزە قەلئە داغى ئىدى تازە،
بەئزە يەردە بار ئېردى ئەندازە.

ۋۇسئەتىنى دېمىشكى بۇ مەزمۇن،
ئوتتۇز ئالتە جەرىبۇ با ئەفزۇن.

يانە تەقدىر ئىلە ئەمرى زەمان،
ھاكىمۇل ـ ۋەقتى ساھىبى دەۋران.

فىكرەتى شەمئى مېھردەك ماھىر،
شەھ زۇھۇردىدىن ئىبنى مىر تاھىر.

ئەمنىيەت ئىستەبان رەئىيەتكە،
گام ئۇردى غەرىب سەنئەتكە.

گەرچە زاھىر كۆرۈنسە ئەلگە جەۋر،
كەلمەگەندۇر ۋەلېك مۇنداغ دەۋر.

ئەيلەدىلەر ھىسارىنى تەئمىر،
جەھد ئېتىپ ھىممەت ئىچرە ئانداغ شىر.

قەلئەنىڭ تەھتىدۇر ئون ئىككى غۇلاچ،
قىرق سەككىز غۇلاچ كۆزۈڭنى ئاچ.

رەفئەتى كەھكەشان فەلەككە يېتىپ،
بەلكى تەھسىنلەرى مەلەككە يېتىپ.

ناردىن تاغ كەبى نەمایاندۇر،
كۆرمەگەن ئەلنىڭ ئەقلى ھەيراندۇر.

قەلئەسى سەڭگى خارەدىن مەھكەم،
كەلسە يۈز مىڭ ئەدۇ ئەمەستۇر غەم.

ۋۇسئەتى ئىككى يۈز جەرىبغە يەقىن،
ئەقل مىزانىدا قىلىپ تەئيىن.

سەتھىدە تەئمىر ئەتتى نەچچە قەسر،
دېدى ئەللىك قىلىپ بۇلارنى ھەسر.

يەئنى بۇ قەسردۇر چەدىرخانە،
ھەربىرىسى چۇ قەسرى شاھانە.

بىرسىدىن بىرى يەنە بېھتەر،
زىبىدە شەھ كۇلاھىغە ئەفسەر.

كۆرسە ئەلنىڭ كۆزىگە زىينەتلىك،
قاف يەڭلىغ ئەجەب رەفئەتلىك.

شاھكىم قىلسە رەخشىنى جەۋلان،
پەيرەۋىدە يۈرۈر نەچە ئىنسان.

ئەللىك ـ ئاتمىش كىشى چاپار بىرلە،
ئەرەزۇ تەۋلىدە سىغار بىرلە.

قىلسە ئىجلاس رەۋاقى ئامادە،
باقسە ئاستىن بۇلاقى ئامادە.

توختىماس ھېچ زەمان زۇلالى ئانىڭ،
كۆرۈنۈر تەھتىدە لۇئالى ئانىڭ.

چەۋرەسىدە ياۋۇقدەك ئەشجارى،
تۈشسە يەرگە ئەجەب ئېرۇر نارى.

قەسر ئىچرە ئەگەر قايۇ زاھىد،
بولسە ھەقنىڭ جەنابىغە ئابىد.

تەرھ خۇشتۇر يەنە ھەۋاسى خۇش،
زاكىر ئولسە ئەگەر سەداسى خۇش.

قىلسە ئاندا سەلات بىرلە سەۋم،
سىغغۇسى ھۇجرا ئىچرە نەچچە قەۋم.

ئىشق ئىلە تۈزسە ئەيشۇ ئىشرەتنى،
بىبەقا دۇنغە چەكسە ھەسرەتنى.

تۇتسە گۇلگۇن مەيىن ئەگەر ساقى،
بەزم قىلسە گۇرۇھى مۇشتاقى.

نۇش ئېتىپ بولسە مەستۇ مۇستەغرەق،
بىلمەسە ئۆز ۋۇجۇدىنى مۇتلەق.

تەبرەسە زەۋقىدىن خەزان يەڭلىغ،
تەبرەتىب غۇنچە كۆڭلى قان يەڭلىغ.

بولسەلەر سەتھىدە فىغان بىرلە،
ئاغزىدا تۇرفە داستان بىرلە.

كۆكدە يۈرگەن كەبى ئىرۇر فەۋقى،
بولغاي ئەفزۇن سەدا ئىلە زەۋقى.

ئۇلە خەيلى قىلسە گەر ئىجلاس،
جەمئ بولسە نەچە شەرىفۇنناس.

ئوقۇسە مەسئىلە ھەدىس كىتاب،
دەرسۇ ۋەئزىن ئۇلۇسغە قىلسە خىتاب.

مەنبەئى ئەقلكىم ئۇرار ئەمۋاج،
مەخزەنى فىكرغە ئەمەس مۇھتاج.

تەبئىنىڭ تۇتىسى بولۇر گويا،
قانچە ئۇچسە ئۇچار داغى بالا.

ياكى بادى سەبا كاج ئۇرغاندەك،
غۇنچە خەندان ئۆزىنى قۇرغاندەك.
يوق مۇنىڭدەك ئۇلۇس تەماشايى،
خار يەگىلىغ مەكانۇ مەئۋايى.
سەتھىدە سەير قىلسە ھەر ئىنسان،
تەبئى ئاچىلغۇسى گۈلى خەندان.
ئەھلى تەھزىن كۆزىدە ئانداغ ئەبر،
كۆڭلى خەستە يېتىپ فەلەكدىن جەبر.
سەير قىلسە ئەگەر چىقىپ ئادەم،
كىبكى كوھى كەبى بولۇر خۇررەم.
نەچچە ئەل ياغىغە ئەسىر ئولدى،
مالۇ ئەمۋالە ھەم يەسىر ئولدى.
كۆپ ئۇلۇسنى ساۋۇردى بادى ئەجەل،
شەھرۇ سەھرا رۇسۇمى تاپتى خەلەل.
يانە ھەددىن فۇزۇنىراق ئىنسان كۆپ،
كۆكدە ئەنجۇم كەبى ئېرۇر جان كۆپ.
بەلكى بىسيار دەراھىم ئەمۋالى،
يەئنى ئىلگەرىكىدىن بەلەند ھالى.
گەرچە چىنىنىڭ سىپاھىغە مەئمۇر،
شەرئى بۇلبۇللارى ئېرۇر مەشھۇر.
مەدرەسە ھەم مەساجىدى بىسيار،
جويى تائەت ئاقار ئۇلۇغ ئەنھار،
مەدرەسە ئىچرە نەچچە خانەندە،
دەرس ئوقۇر جىددۇ جەھد ئىلە ئاندە.
ئوقوغان دەرسلەرىنىڭ ئاۋازى،
دىلغە قىلغاي ئەسەر بولار رازى.
گەر زىمىستان ۋە ياكى تا بوستان،
ھۇجرەسى ئىچرەكىم ئەمەس يەكسان.
ھەر مەھەللە ئارا مەساجىد كۆپ،
زۇھدۇ تەقۋا قىلۇرغە ئابىد كۆپ.
باردۇرۇر ھەم جەمائەتى بىسيار،
تەرك ئېرمەس ئۆتەرگە لەيلۇ نەھار.
..........................................

بەئزەلەر نىسفى شەبغىچە بىدار،
بەئزەلەر باكىيەن ئەلەل-ئەسھار.
ئەي زىيائى، سەن ھەم بولۇپ ئاگاھ،
زىكىر قىل: «لائىلاھە ئىللەللاھ».
تەكرىردىن غافىل ئولمە بىر سائەت،

ۋەرنە تاڭلا بېتەر بەسى سائەت.
فانى دۇنيا ساڭا ۋەفا قىلماس،
ھەممە مېھرى بېتەر جەفا قىلماس.
چۈنكى بۇ دەھردۇر زىرائەتگاھ،
زۇھد ئىلىگە ئېرۇر ئىبادەتگاھ.
تۇخمى گۈلنى تارىپ يەنە ئال گۈل،
خارنى ئۈندۇرۇرگە بولمە قۇل.
چۈنكى بەھرى كەرەم ئارا قول سال،
دۇررى مەقسۇدنى ئىلىككە ئال.
روز-شەب سەئيى ئېھتىمام ئەيلە،
بۇ ئۇزاق يولغە ئىزدىھام ئەيلە.
كۆپ كىشى ئەزم ئېتىپ بۇرەھ ئۆزرە،
يول يېتۇردى قالىپ سىيەھ ئۆزرە.
سەھل كۆرگەچ بىلىپ ئۇزاق يولنى،
فەرق قىلماي نە ئوڭ بىلە سولنى.
ھالى جىسمىڭ ئېرۇر تەرۇ تازە،
ياخشىلار فېئلىنى قىل ئەندازە.
بىلمەگەن يولنى سور نىكۇلاردىن،
قولغە ئال باقى ئابرولاردىن.
دەھرىنىڭ ئىززەتى ئەمەس ئىززەت،
داغى لەززاتى ھەم ئەمەس لەززەت.
ئابرو ئولكى تاپسە ئۇقبانى،
لەززەت ئول فىكر قىلسە ئۇخرانى.
قىل تەلەب راست يولنى سۇبھۇ شام،
ئالايىن يولدا سائەتى ئارام.
تاشلامە جەھد بىرلە جۇرئەتنى،
ياخشى باشقارغى ئەسبى ھىممەتنى.
يوق ئەجەب قولغە كەلسە مەقسۇدۇڭ،
«رەببى زەۋنى» دېدىكى مەئبۇدۇڭ.
تەۋبە قىل ياخشىلار رىكابىن ئۆپ،
سۇد بەرمەس كېيىن پۇشەيمان كۆپ.
شۇكر بىھەد خۇدايى ئالەمغە،
بەندە مەن گام ئۇرۇپ ئۇلۇغ يەمگە.
كىم تەۋەككۇل سەفىنەسى ئۆزرە،
چىقتىمۇ شەھ خەزىنەسى ئۆزرە.
سوڭرا تىزدىم مۇراد گەۋھەرىنى،
يەئنى نەسر كىتاب جەۋھەرىنى.
كىم تەفەككۇر يولىغە ئەزم ئەتتىم،
نەزم قىلدىم، مۇرادىمە يەتتىم.

# جالالىددىن رۇمى شېئىرلىرىدىن

مۇھەررىردىن: بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر جالالىددىن رۇمىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مول ئەدەبىي مىراسلىرى كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا خېلى مۇھىم تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭ «مەسنەۋىي شەرىف»، «كۇللىيات شەمسى تەبرىزى» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى خەلقىمىز ئىچىدە خېلى كەڭ تارقالغان. ژۇرنىلىمىز 1989-يىللىق 4-(ئومۇمىي 29-) سانىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، رۇمىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ سانىمىزدا رۇمى مىراسلىرى ئىچىدىن ئازغىنە بىر قىسىم شېئىرلارنى نەمۇنە سۈپىتىدە كىتابخانلارنىڭ دىققەت نەزىرىگە سۇندۇق.

*　　*

ئايا بىبەھرى دىل، بەھرامدىن قورق،
كى شاھلار كۆرسىتەر ئىكرامدىن قورق.
لەزىز دانە ئېرۇر شاھ قىلغان ئىززەت.
ئۇشۇل دان قاشىدا بار دامدىن قورق.
يېغىن-نېمە ئېرۇر، چاقماغى دەھشەت،
خۇش ئەييام چاغى شۇ ئەييامدىن قورق.
ئەگەر شاھ لۇتفىدىن سەرمەست ئېرۇرسەن،
شۇ جامنىڭ ئاستىدا بار جامدىن قورق.
ئەگەر شېر كۈلسە سەن ئاسۇدە بولما،
زەھەر چىشلىق ئۇ قانخور كامدىن قورق.
شەكەر لەۋگە يېپىشما، پاشا دىل شەمس،
بادام كۆزۈ قاپاق-بادامدىن قورق.

*　　*

ئەي، چېھرەسى ئاتەش نىشان، كۇلبەمگە كەل، ۋەيرانە قىل،
دىلدىن ئالىپ ئەقلۇ ئىمان، ئىستە تامام دېۋانە قىل.
خۇمخانەگە كىر باستۇرۇپ، قۇلۇڭغە ئال پەيمانىنى،
ئەفسانەگە بەرھەم بېرىب، زاھىدلىقىم ئەفسانە قىل.
ساقىي، ئۇۋات ئول جامنى، بىزدىن ئالىپ ئارامنى،
تەرك ئەيلەبان ئىسلامنى، كەئبەمنى بۇز، بۇتخانە قىل.
ئاشىقلار ئىچرە فەرد ئېسەڭ، قەدەھگە جاندەك مەرد ئېسەڭ.
جەمشىد جېمىدىن دەرد ئىشىت، باشنى ئاڭا پەيمانە قىل.

www.uyghurkitap.com

ئەي، ئىشق، جافا بىرلە مېنى كۆيدۈرمىكىڭمۇ شۇنچىلىك،
يار كويىغا بىردەم بارىب، ۋەسلىن تەلەپ جانانە قىل.
ئەي ئافتاپ، ئاسمان ئارا يۈزنى يوشۇردۇڭ شەرمىدىن،
گەر فىتنە ئىستەرسەن يەنە قوش كاكۇلۇڭنى شانە قىل.
كەل، شەمسى تەبرىزىي، بۇيان، كەتتىم ئۆزۈمدىن بىر نەپەس،
ئەقلۇ ھوشۇمغا ئوت قويۇپ، مەيلى مېنى دىۋانە قىل.

* *

بار، باشىڭ قوي ياستۇققا، ماڭا بىر يول ئىما قىل،
ئۆيقۇدىن مەھرۇم قىلىپ، خارابۇ مۇپتىلا قىل.
كېچە ۋۇ-كۈندۈز باشىم، سەۋدايى مەۋج ئارا غەرق،
خاھى كېلىپ كەچۈرگىن، خاھى كېتىب جافا قىل.
مەندىن قاچقىن بالاغا ئۇچراش خىيال قىلمىساڭ،
سالامەتلىك يولىن تۇت، تەركى دەردۇ بالا قىل.
بىز كۆزى ياش كىشىمىز، غەم بۇرجىدا ئېزىلگەن،
كۆز ياشىمىزدىن يۈزلەپ تۈگمەنلەر ئاسىيا قىل.
جانۇ ئارامىم ئالغان يۈرىكى تاش ئۇ زالىم،
ئۆلتۈرەر ھېچ كىمسەگە ئېيتما، بۇنى باھا قىل.
ۋاپا ۋاجىپ ئەمەستۇر گۈزەللەرنىڭ شاھىغە،
ئەي، زەپە يۈزلۈك ئاشىق سەن سەبىر قىل، ۋافا قىل.
بۇ مۇشۇنداق بىر دەردكى، ئۆلۈمدۇر ئاڭا چارە،
قانداق مەنە بولاركىم، دېسەم ئەگەر «داۋا قىل».
كېچە چۈشۈمدە كۆردۈم ئاشىقى زار ئاق چاچنى،
ئىشارەت قىلىپ دەيدۇ: «بىز تەرەف مەرھابا قىل».
گەر يولۇڭدا ئەجدەھا بولسا، ئىشق ئالماسدۇر.
شۇ ئالماس چاقماق ئىلە ئەجدەھانى ئادا قىل.
بەس قىلىكى، مەن بىھۇشمەن، ئەگەر ھۇنەرۋەن بولساڭ،
ئىبنى سىنادىن گەپ ئاچ، زىكرى ئەبو ئەئلا قىل.

* *

شەمسۇ قەمەرىم كەلدى، كۆزۈ گۆھەرىم كەلدى،
كۈمۈش تەن پەرىم كەلدى، چۈن كانى زەرىم كەلدى،
مەسلىك ئەسەرىم كەلدى، روشەن نەزەرىم كەلدى،

گۈزەل سەرۋەرم كەلدى، نە بولسا، بەرىم كەلدى.
يول ئازدۇرغۇچىم ئۆزى، ۋەدە بۇزغۇچىم ئۆزى،
يۈسۈف چېھرە، سىيمىن تەن، ماھى پەيكەرىم كەلدى.
كەچلىكىمدىن بۇ كۈنۈم ياخشىراق، ئەي ئەزىز دوست،
مەستلىك چېغىمدا ناگاھ ياخشى خەۋەرىم كەلدى.
كېچىمۇ چىراغ تۇتۇپ، قىدىرغان ئىدىم يارىم،
بۈگۈن يولۇمدا ياشناپ، گۈل بەرگى تەرىم كەلدى.
مىنى مەھكەم قۇچاغلاپ، باغرىغە ئالدى بەرنا،
گۈزەللەر ئالىمدە تەنها نەپەرىم كەلدى.
باغۇ باھارىنى كۆر، شاراب خۇمارىنى كۆر،
خۇشبۇيۇ، خۇش تەمىنى كۆر، شىرىن شەكەرىم كەلدى.
ئۆلۈمدىن نېچۈن قورقاي، ئۇ ماڭا ئابى ھايات،
تەنىدىن نېچۈن قورقاي، قالقان سىپەرىم كەلدى.
بۈگۈن نەق سۈلايمانمەن، ماڭا ئۈزۈك بەردىلەر،
بېشىمغا تاج قويدىلار، تاجى ئەھمەرىم كەلدى.
دەردىم ھەددىدىن ئېشىپ، ئىشىق مۈلكىگە شۇڭغۇدۇم،
يا رەپ، نېچۈك بەختدۇر بۇ، ئىشقى سەپەرىم كەلدى.
شاراب ئېچىش ۋاقتى بۇ، ھۇشىدىن كېتىش ۋاقتى بۇ،
پەرۋاز قىلىش ۋاقتى بۇ، قاناتۇ پەرىم كەلدى.
ھەم تابلىنىش ۋاقتى بۇ، ھەم تاۋلىنىش ۋاقتى بۇ،
نەرە تارتىش ۋاقتى بۇ، شېرلىق زەلۋەرىم كەلدى.
سوڭ ئىككى بېيىت قالغاندا، مېنى ئېلىپ كېتىشتى،
گەپنىڭ قىسقىسى ياخشى، گەپ مۇختەسەرم كەلدى.

*　　*

ئاشىق باھارى كەلمىش، يەرلەر گۈلۈستان بولۇپ،
ئاسمان نىداغا تولمىش، قۇشلار غەزەلخان بولۇپ.
دېڭىزلا باغرى گۆھەر، شور سۇ ھەم مىسلى كەۋسەر،
تاش ھەم لەئلىيۇ ئەھمەر بىر جىسمۇ بىر جان بولۇپ.
ئاشىقنىڭ كۆز ياشىدۇر بولۇت قۇيغان تۇپانلار،
تەن ئىچرە چاچماق مىسال دىللار نۇر ئەپشا بولۇپ.
بىلۇرسىزمۇ، ئاشىقلار نېچۈن كۆز ياش تۆكىشەر؟
چۈنكى بۇلۇت ياش تۆكەر، ئاي ئاڭا پىنھان بولۇپ.
قانداق خۇشال بىر پەيتكى، بۇلۇتلار يىغلىغان چاغ،

يا رەپ، بەختلىك هال بۇ، چاقماقلار خەندان بولۇپ.
ئۇل يۈزمىڭ قەترىلەردىن بىرسىمۇ يەرگە چۈشمەس،
چۈشسە ئەگەر بۇ دۇنيا قالغۇسى ۋەيران بولۇپ.
جاهان ۋەيرانىسىگە ئىشىق بائىسىدۇر، نۇھ ئىلە،
كېمە چۈشكەن غەرق بولۇر، مەهكۇمى ئۇممان بولۇپ،
ئەگەر توفان تۆۋەنلەپ، ئاسمان ئايلانماس بولسا،
دولقۇنلار هەددىدىن ئاشۇر، ۋەهمى نامايان بولۇپ.
ئالەم سەۋداسىن ئويلاپ، غەم يېگىن يا يېمىگىن،
دانالارمۇ يەر ئىچرە ياتقاي زىمىستان بولۇپ.
ئۈنۈپ تۇپراقتىن بىر كۈن، نەملەر يىلىدىزۇ شاخنى،
قۇرۇق ياغاچ شېخىدا هايات جاۋىدان بولۇپ.
قۇرۇق شاخ يالقۇن بولۇپ، جاننى ئىسسىتار بىر كۈن،
ئايلانما بۇ جاهاندا، رەڭگارەڭ جەۋلان بولۇپ.
مەستلىك ئاغۇشى يەنە ئالدى تىلىمدىن سۆزنى،
سەن نېمىدىن هەيرانسەن، ئۇ ساڭا هەيران بولۇپ.

* *

كىچە شۇنداق ئىچپىمەن يانە ـ يانە،
تاپالماسدىن قايان ئۆي، قايدا خانە.
بىئارلىق بىرلە رىندلىك① پاش بولدى،
مەيۇ جەڭدىن بۆلەك بارچە بىگانە،
ماڭا بىگانەدۇر مېهرابۇ مەسجىد.
ئاشىقلىق، رىندلىكتە مەن يىگانــە،
بىلىمگە كۇفر زۇننارىن ئۇراپمەن.
چۈمۈغلار جايى ماڭا ئاشيانە،
كېچىپ مەن زۇهدۇ ئارىفلىق يولىدىن.
ماڭا نە سۇ كېرەك، نە نانۇ دانە.
كەل ئەمدى، بارلىقىڭ بەهرىدىنمۇ كەچ،
شاراب سۇن، ساقىي، تارتاي قانە ـ قانە.
لەبا ـ لەب مەي بېرىپ، بىزنى تىرىلدۇر،
كۆلۈپ باقسۇن هاياتى جاۋىدانە.
ئىشىق مەيدانىدا مەن شەمسىدۇرمەن،
تېپىنىم رەخشۇ دىلىم مەددى زامانە.

مەست بولاي، ياخود بولاي هوشيارمەن،
ئۇ گۈزەل، شوخ كۆزگە خوپ خۇشتارمەن.
ئۇ جاهان ئارا جامالىنىڭ يادىسىز،
جان ـ جاهانىمدىن تامام بىزارمەن.
قەددى سەۋرىم سۈرەتىن ئىستەپ مۇدام،
ئەرتەيۇ كەچ كەزگىنى گۈلزارمەن.
چېهرەسىن كۆزگۈسىدىن كۆز ئۈزمەكىم،
مۇشكۇلاتۇ، تارتقىنى ئازارمەن.
يار دېدى: «جانۇ جاهانىڭ مەن ئۆزۈم»،
بۇ هەقىقەتكە دېدىم ئىقرارمەن.
ئېيتتى: «جەزمەن كۆيىدۇرۇرمەن ئوت ئارا،
بەرق ئۇرۇپ، ياقىقۇچى شۇئىلەدارمەن!»
مەن دېدىم: «مىڭ رازىمەن، كۆيدۇر مېنى،
دۇدلىرىم تولغاقى ئىچرە بارمەن».
كەلدى ساقى، قوي دېدىم لەززەتلى مەي،
چۈن كۆرۈدىن قاچماغان دەستارمەن.

①رىندلىك — پەرۋاسىزلىق، بىھايالىق، ئەركىن پىكىرلىك.

*

ئىشق دىلدا ئەيلىگەي بۇنيادنى،
ئاخىر، ئەي جان، كىمدىن ئىزدەي دادنى؟
ئۆزگىلەر ئازاد ئەتسە بەندىنى،
ئىشق بەندە ئەيلىگەي ئازادنى.
تۇغماغان بولسا ئىدى كاشكى ئانام،
نېتەيىن بۇ بەختى مادەرزادنى؟
خوسرەۋۇ شىرىن بەھەم ئىشرەتدەدۇر،

*

نالەۋۇ غەم ئۆلتۈرەر فەرھادنى.
تېشەئى فەرھادۇ تاغلار سەرنىگۇن،
قىيمىلار تاش بىرلە ھەم پۇلادنى.
زۇلپى مۇشكى ھەققى، ئەي سۆيۈملۈكۈم،
مەن سۆيەرمەن شانەئى شەمشادنى.
ئالدى شەمسىددىنى تەبرىز شېئىر بىلەن،
مىسرۇ، شامۇ، بەسرەۋۇ باغدادنى.

## رۇبائىيلار

يار كېلەر ئىدى مەستۇ تەنھا – تەنھا،
كۆزلەرى خۇمارۇ رەنا – رەنا.
سەكرەپ تۇرۇپ سۆيەي دېسەم لېۋىدىن،
پەرياد كۆتەردى ئۇ: «يەغما – يەغما»①

مەجلىسىمىز كۆركى بولغان ئۇ سەنەم،
بۇگۈن ئارىمىزدا يوق، قاياندۇر بىلمەم.
قامەتى يۈكسەكلىك، تۈزلۈكتە سەرۋى،
بويلىرىدىن قوپار قىيامەت ھەر دەم.

دىلىم تەڭ، رۇخسارىڭ مېنىڭ دەرمانىم،
سېنىڭ نازىڭدۇر بۇ ئالەم زىندانىم.
ھېچكىمنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن ئەسلا
مېنىڭ جېنىمغا تىغ ئۇرغان ھىجرانىم.

ئادەمىيلىك، مەردلىك بىلمىدىن ئەمەس،
ۋاپالىق، ۋەدىگە سادىق بولسا بەس.
سۆزىگە باقمىغىن، ئىشىغا باققىن،
ۋەدىدە تۇرمىسا ئادەم دېمەك تەس.

بىرىبېيىت دېدىم، مەندىن رەنجىدى نىگار،
دېدى: «ۋەزىن ئارا مېنى قىستىڭ تار.»
دېدىم: «قايسى بېيىتتىن سۆز ئاچتىڭ، ئەي يار؟»
دېدى: «بارچە بېيىتقا سىغمىقىم دىشۋار»

بۇ كۈندە خۇشالدۇ، كىمدە بولسا جان،
گۈزەللەر ئايىغىدا جان بەرگەن ئىنسان،
كىمدە مەس بۇلبۇلدەك بار ھىجران دېغى،
تۈندە ئۆيدە بولار، كۈندۈز گۈلۈستان.

كۆكۈل، ئويغانساڭچۇ، جاھان ئۆتمەكتە،
ئۆمرىمىز بىكارغا ھامان ئۆتمەكتە.
ئۆتەڭدە ئۇخلىما، غەپلەتتە قالما،
ئۆمۈر ئۆتىڭدىن كارۋان ئۆتمەكتە.

باغقا كىرىپ كۆرگىن، ھەرياق گۈلۈستان،
ھەر دوقمۇشتا ئاچمىش گۈلپۇرۇش دۇكان.
گۈلدىن دەككە يەيدۇ بۇلبۇلى نالان.
«جىم بول، جىمجىتلىققا قۇلاق سال بىرئان!»

كەچكىن قېرىندىشىڭ بولسا مۇناپىق،
ياكى سۆيگەن يارىڭ ھەم نامۇۋاپىق.
كۆڭلۈڭگە مۇناسىپ دوست تۇپراق ئىزى،
نالايىق تۇغقانىڭ قېنىدىن ئىللىق.

ساپسېرىق رۇخسارىم كۆرگەندە نىگار،
دېدى: «ۋەسىل ئۈمىدىن بېشىڭدىن چىقار.
چۈنكى ئىككىمىزنىڭ ماسلاشماس چېھرى،
سېنىڭ رەڭگىڭ خازان، مېنىڭكى باھار».

① يەغما – بۇلاڭچى، توپىلاڭچى.

قەددىم قانداق، سورا قاش كامانىڭدىن،
ئەھۋالىم سورا ساچ پەرىشانىڭدىن.
كۆڭلۈم ھالىنى تار ئاغزىڭدىن سورا،
بىمارلىقىم سورا كۆز فەتتانىڭدىن.

رۇخسارىڭ رەڭگىنى ئوغۇرلاپتۇ گۈل،
قاراقچىدەك دارغا ئېسىلمىش كاكۇل.
قانچە نالە قىلدى پايدا بولمىدى،
شادلىق بەخش بويۇڭدىن جان ئالدى بۇلبۇل.

دىلدار مېنى كۆرۈپ خەستەۋۇ غەمكىن،
ياستۇقۇم بېشىدا ئۆلتۈردى تەسكىن.
بېشىم سىيلاپ دېدى: «ئەي مىسكىن-مىسكىن،
سېنى بۇنداق كۆرۈپ، دىل بولدى سىنىغىن»

ئاشىقلىقنى كامالىڭدىن ئۆگەندىم،
شائىرلىقنى جامالىڭدىن ئۆگەندىم.
دىلىم پەردىسىدە خىيالىڭ ئۇسسۇل،
خۇش ئۇسسۇلنى خىيالىڭدىن ئۆگەندىم.

يۈزۈڭ دائىم ماڭا گۈلشەندۇر، گۈلشەن،
سىنىڭ دىيدارىڭدىن كۆزلىرىم روشەن.
سەندىن يىراق بولسۇن يامان كۆز دائىم،
جانان، شۇ يامان كۆز مەن بولسامچۇ مەن.

بېشىمنى قوياي مەن ئاستا نەگگە،
لېۋىمنى قارا ساچ دىلستانىڭگە.
جېنىم لەۋگە كەلدى، كەلتۈرگىن لېۋىڭ،
شۇ باھانە، قوياي لەۋ دەھانىڭگە.

دېدىم: «سېنىڭ غېمىڭ ماڭا دەرماندۇر،
قايدىن بىلەي، غېمىڭ بالايى جاندۇر».
ئۇ لۇتپەن سورىدى: «دەرمانىڭ نېمە؟»
دېدىم: «ۋىسالىڭدۇر»، دېدى «بىر ئاندۇر».

قولغا چۈشتى ئەجەپ شىكار، نە قىلاي؟
يار ۋەسلىگە دىلىم خۇمار، نە قىلاي؟
زاھىدمەن رىياكار، ئەمما بۇ يولدا
ماڭا بۇسە بەرسە نىگار، نە قىلاي؟

بىلەلمىدىم، چۈشتۈڭ كىمنىڭ قولىغا،
كۈنۈ تۈن كىرىپسەن مەستلىك يولىغا.
قولدىن چىقارماسمەن قېنىم ئىچسەڭمۇ،
چۈنكى دىل قانىلە چۈشتۈڭ قولۇمغا.

يار بىلەن گۈلزارنى سەيلە ئەتتىم سەھەر،
بىلمەستىن تاشلىدىم مەن گۈلگە نەزەر.
«رۇخسارىم بۇ ياقتا، قارايسەن گۈلگە،
ھېچ يوقمۇ ئۇياتىڭ؟» — دېدى ئۇ دىلبەر.

ئاشىق ھەممە ۋاقىت مەس، رەسۋا بولغاي،
دېۋانە، شورىدە ھەم شەيدا بولغاي.
ھۇشيارغا ھەرنەرسە تەھلىكە، تەشۋىش،
مەستكە نېمە كەلسە بىپەرۋا بولغاي.

ئىشق بىزگە رەھناما، راۋا نىمىزدۇر،
بىزنى ئىشق تۇغقاندۇر، ئىشق ئانىمىزدۇر.
كۆڭلىمىزدە پىنھان ھەمخا نىمىزدۇر،
گۇمانخور پەيلىمىزدە پىنھانىمىزدۇر.

ئۆمۈر ئۆتتى كۆرمىدۈك گۈلزارىڭىزنى،
ھەمدە ئول نەرگىستەك خۇمارىڭىزنى.
خەلقدىن يوشۇرۇندىڭىز خۇددى ۋاپادەك،
كۆپ ئۆتتى، كۆرمىدۈك رۇخسارىڭىزنى.

تۈندە بارغىن، تۈندۇر ماكانى ئەسرار،
چۈنكى ياۋ كۆزىدىن پىنھانلىقى بار.
دىل ئىشق بىلەن بەند، كۆز ئۇيقۇ بىلەن،
ئەزانغىچە فەقەت سېنىڭكىدۇر يار.

www.uyghurkitap.com

ياقۇت لەۋدىن تېمىپ تۇرسا بال ھەردەم،
ئاڭا شاراب تۇتسا نىھانىي ئالەم.
مەن شۇنداق لەۋلەرنىڭ قۇلى بولايكى،
كېرەك بولغاندا بىلىسە جىم تۇرۇشنى ھەم،

گەر سېنى ياد ئەتسەم، گۇپۇلدەر يۈرەك،
كۆزۈمدىن قانلىق ياش تامدۇ چەك - چەك.
قىنىدىن چىقاي دەر يۈرەك بىچارە،
ھەر قاچان يارىمدىن كەلسە سۆز - دېرەك.

ئادەم جانۇ تېنى تىلىسىمدۇر، بىراق،
ئارىلاش پاك گۆھەر ۋە قارا تۇپراق.
بۇ تىلىسىمنى پارە قىلغاچقا پەلەك
پاكلىق پاكقا كېتەر، تۇپراققا تۇپراق.

ھەۋىسىڭدە دىلىم راۋابتۇر، راۋاب،
شەۋقىڭ يالقۇنىدا كاۋابتۇر، كاۋاب.
دىلدار دەردىمدىن ئىغىز ئاچمىسا،
شۇ كۈندە يۈز - يۈزلەپ جاۋابتۇر، جاۋاب.

دىل يوشۇرۇن باغدۇر، دەرەختى پىنھان،
ئۆزى بىردۇر، مىڭلاپ مېۋە نامايان.
ئۇ بىر مۇھىت ئېرۇر بىھەد، بىپايان،
مەۋج ئۇرار، مىڭلاپ مەۋج ئۇندىكى ھەرجان.

ياخشىلىق قىل، زامان ياخشىلىق ئالسۇن،
ياخشىلار بېشىغا ياخشىلىق سالسۇن.
مال - دۇنيا ھەممىدىن، سەندىنمۇ قالار،
ياخشىسى مال ئەمەس، ياخشىلىق قالسۇن.

ھەركىمنىڭ سۆيگىنى، ھەركىم يارى بار،
قايان كەتمىش ئاشۇ يارى ۋاپادار.
ئەگەر ئىت ئالدىغا قەن قويساڭ پاتمان،
ئۇنىڭ ئىزدىگىنى ھارامۇ مۇردار.

نەي دەيدۇ: «تىوقايدا ئۆسەرمەن ئازاد،
تويۇقسىز بېشىم كەستى بىر تىغ ئىستىبداد.
ئېغىر زەخىملەندىم پەسلەر قولىدا،
ئەپۇ قىلىڭ شۇڭا گەر قىلسام پەرياد.»

## مەسنەۋىيلەردىن

### ئاگلا نەينى

ئاڭلا نەينى، نە ھېكايەتلەر قىلۇر،
ئۇ جۇدالىقتىن شىكايەتلەر قىلۇر.
ئۆز ۋەتەن، ئۆز ئەھلى بەيتىمدىن جۇدا -
بولغىنىمدىن بارچە دىلدا ئاھۇ - ۋا.
بۇ جۇدالىقتىن بولۇپ دىل مىڭ تىلىم،
ئىشتىياقىم دەردىنى سۆزلەر تىلىم.
كىم ئۇزاق تۈشسە ئەگەر ئۆز ئەسلىدىن،
پىكرۇ زىكرى ئۆز ھاياتى نەسلىدىن.
قولمۇ - قول كۆردۈم كېزىپ كۈلكە - پىغان،

قايسى قولغا ئۆتمەيىن نالان بۇ جان.
كىم خىيالەن ماڭا بولدى جۈر مۇدام،
بىلمىدى قەلبىم سىرىنى ئۇ تامام.
سىرلىرىم نالەمدىن ئۆزگە جۆرى يوق،
ھېچ چۈشەنمەس كىمكى دىلدا دەردى يوق.
جانۇتەن بىر - بىردىن ئەمەس نىھان،
جاننى كۆرمەكتە ۋەلي تەن ناگىران.
نەي ناۋاسى ئوت ئېرۇر، ئەمەس شامال،
كىمدە شۇ ئوت بولمىسا تاپسۇن زاۋال.
نەيگە چۈشمىش ئىشق - مۇھەببەت ئاتىشى،
مەيگە چۈشمىشتۇر مۇھەببەت قاينىشى.

كىمنىڭكى ياردىن جۇدا، نەيدۇر رەپىق،
پەيدىلەردە كۆڭلىمىز دەردى ئىپنىق.
نەي پىغانىـىدەر: «مۇھەببەت يولى خۇن،
ئۇندا مەجنۇن قىسسەسى جەمدۇر پۇتۇن.
ئۇندا مەھرەمدۇر كىمى بىھۇشراق،
چۈنكى تىلغا دائىما جۆردۇر قۇلاق.»
ئۆمرىمىزگە زەھر سالدى بۇ ئەلەم،
شاد كۈنلەرگە تۇتاشتى دەردۇر غەم.
كۈنلەر ئۆتسە «ئۆت» دىگىن ھېچ باك يوق،
سەن ئۆزۈڭ قال، سەندىن ئۆزگە پاك يوق.
كىم بىلىقدەك بولمىسا، سۇدا نېتەر،
رىسقىسىز كۈنلەر ئەجەب ساكىن ئۆتەر.
پۇختا ھالىن بىلمىگەي ھەركىمكى خام،
سۆزنى قىسقا ئەيلىگەيمەن، ۋەسسالام.
ئەي ئوغۇل، بەندلەرنى ئۈز، ئازاد بول!
پۇل-پۇچەكتىن كۆڭۈل ئۈز، دىلشاد بول!
گەرچە دەريادىن ئەكەلدىڭ كوزا سۇ،
بىر كۈنىڭگە يەتكەي، ئارتۇق ئەمەس ئۇ.
تولماغاي ئاچكۆز كۆزى پۇل - مال تىلەپ،
كۆپ قانائەت بىرلەدۇر تاپتى سەدەپ.
قاي كىشىنىڭ كىيىمىـن ئىشق چاك ئېتەر،
قەلبىنى ھىرسۇ تەمەدىن پاك ئېتەر.
ياشنا، ئەي ئىشق، باشتىكى سەۋدايىمىز،
بارچە دەردلەرگە دەۋا پەتۋايىمىز.
ئەي غۇرۇرلۇقتىن دەۋا، نامۇسىمىز،
سەنسەن ئەفلاتۇن ۋە جالىنۇسىمىز.
جىسىم تـۇپراق ئېردى، ئىشق ئەتتى پەلەك،
تاغمۇ ھەم رەقس ئەتدى مىسلى شەرشەرەك.
دەملى ئاشىق لەۋلىرىگە جۆر بولۇپ،
قالغىنىمدا ئىشق كۈيىگە مەن تولۇپ،
كۈيلىگەيمەن تىلدا ھەرنە بارىنى،
ئاشىق ئەھلىنىڭ كۆڭۈل، دەرد - زارىنى.
گاچا بولۇر ھەم زۇۋانىدىن جۇدا،
گەرچە دىلدا بولسا ھەمكى يۈز ناۋا.
چۈنكى گۈل كەتكەچ گۈلۈستانمۇ جاھان،

ئەمدى ئۇندا قىلمىغاي بۇلبۇل پىغان.
جۈملە مەشۇقدۇركى ئاشىق پەردەدۇر،
ھەم تىرىك مەشۇقۇ ئاشىق مۇردەدۇر.
كىمدە گەر بولماس ئىكەن ئىشقدىن خەۋەر،
ھالىغا ۋاي! ئۇ قاناتسىز قۇش مەگەر.
مەن نېچۈك تاپقايمەن ئۆز ئەقلۇ ھوشۇم،
يارنىڭ نۇرى بولمىسا ۋايدۇر ئىشىم.
ئىشق ئىستەركى، بۇ سۆزنى پاش ئېتەي،
كۆزگۈ گەر پاش ئەتمىسە مەن نە ئېتەي؟
نە ئۈچۈن كۆزگۈڭ ئېتەلمەس پاش، نېچۈن؟
يۈز ياغاقىڭدىن خىرە ئۇ، شۇ ئۈچۈن.
ئاڭلاڭىز، ئەي دوستلار، بۇ داستان،
ھالىمىزدىن بۇ ھەقىقەتتۇر ئايان.

## ئاتلىق ئەمىر بىلەن ئۇخلاپ قالغان كىشىنىڭ ھېكايىسى

بىر ئاقىل ئات مىنىپ باراتتى چۆلدە،
بىر كىشى داڭ قېتىپ ياتاتتى يولدە.
ئاغزى گۆردەك ئوچۇق، بىر قارا يىلان،
ئۆمىلەپ بارماقتا، ئاتلىقمۇ چاقان —
ئاتنى قامچىلدى يېتىشەلمىدى،
بارغىچە يىلاندىن ئەسەر قالمىدى.
كىرىپ كەتتى ئۇخلاق كىشى ئاغزىغا،
تىقىلماستىن ھەتتا تامغاق، بوغزىغا.
ئاتلىق تۈرك ئاقىل بىر ئەمىر ئىدى،
بۇنىڭ چارىسىنى كۆرەيىن، دىدى.
خورجۇندىن ئېغىر گۈرزىسىن ئالدى،
ئۇخلاپ ياتقان كىشى بېشىغا سالدى.
ئۇخلاپ ياتقان كىشى چاچراپ ئويغاندى،
ئاغرىقىنىڭ زەربىسىدىن دادلاپ تولغاندى.
كۆردى، تۆپىسىدە ئاتلىق بىر كىشى،
گۈرزى بىلەن ئۇنى ئۇرماقلىق ئىشى.
بار ئىمكان بىلەن ئۇ يۈگۈرۈپ كەتتى،
ئاخىر بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە يەتتى.

دەرەخ تېگىدە كۆپ چېرىگەن ئالما،
ئاتلىق دەر: «تېرىپ يە، ئارماندا قالما!»
بۇرۇندىن چىققۇنچە ئالمىنى يېدى،
گۈرزىنىڭ زەربىدىن قورقۇپ يەر ئىدى.
داد سېلىپ دەر ئىدى: «ھەي ئادىل ئەمىر،
ساڭا نېمە قىلدىم، ئەيىبىم ئېيت ئاخىر.
ئەگەر قەستىڭ بولسا، جېنىمنى ئالغىن،
قىينىماي بىر يولا قىلىچىڭ سالغىن.
ساڭا دۈچ كەپتىمەن بۇ شۇم سائەتتە،
تۈرقىڭنى كۆرمىگەن بەختلىك پەيتتە.
كافىرلارمۇ قىلماس بۇنىڭدەك ستەم،
بىگۇناھ كىشىگە بۇ قانداق ئەلەم؟!
ئاغزىمدىن قان كېلەر، جىگىرىم ئادا،
بۇنىڭ جازاسىنى ئۆزۈڭ بەر، خۇدا!»
تۈرك يەنە گۈرزىدا باشلىدى ئۇر - سۇر،
دېدى: «بىلجىرلىما، سەھراغا يۈگۈر!»
گۈرزىنىڭ زەربىدىن مىسالى شامال،
يۈگۈردىيۇ ئاخىر يىقىلدى بىھال.
قەي قىلىپ تاشلىدى ئاغزىدىن شۇئان،
يېگەنلىرى بىلەن چىقتى بىر يىلان.
يوغان بىر يىلاننى كۆرگەچ ئۇ كىشى،
بولدى تۈرككە سەجدە قىلماقلىق ئىشى.
قاپقارا ئىلانغا چۈشكەندە كۆزى،
ئاغرىق دەردىن ئەستىن چىقاردى ئۆزى.
دېدى: «جەبرائىلمۇ، فەرىشتەمۇ سەن؟
ئەۋلىيا، ھەر ئىشنى سەرىشتەمۇ سەن؟
مۇبارەك سائەتتە دۈچ كەلدىم ساڭا،
ئۆلگەنىدىم ھايات بەخش ئەتتىڭ ماڭا.
يۈزلىرىڭنى كۆرمەك نە سائادەتتۇر،
يا كوچاڭدا يۈرمەك نە سائادەتتۇر؟
ئانامدەك قوغداپسەن مېنى، مەن تەنتەك،
سەندىن قېچىپ يۈردۇم مىسالى ئېشەك.
ئېشەكنىڭ پايدىسىن ئويلاپ ئاختۇرار،
يا بۆرى يا ۋەھشى بەرمىسۇن ئازار.
ئىگىسىدىن قاچار، چۈنكى ئۇ ئېشەك،
ئىگىسى ياخشىلىق ئىستەيدۇ بىشەك.
ئەي پاكىز، شەپقەت كۆرسەتتىڭ ماڭا،
قانچە ناھەق گەپ قىلسامۇ ساڭا.
ئەي خوجا، شەھەنشاھ، ئەي ئادىل ئەمىر،
نېمە دەپ بىلجىرلىدىم بارىنى كەچۈر.
بۇ ھالدىن خەۋەردار بولسام ئەگەر، بىل،
شۇنچە ئالجىماستىم، كېسىلەردى تىل.
نە ئۈچۈن قىلمىدىڭ مېنى خەۋەردار،
بۇ ئىشىڭدا قانداق سىرۇ ھېكمەت بار؟
ئىندىمەي ئۇراتتىڭ بېشىمغا نېچۈن،
باشتىن ئەقىل ئۇچىدى، دىلىم بولۇپ خۇن.
بولۇپمۇ بۇ باشنىڭ ئەسلى ئەقلى كەم،
ماڭا كەلتۈرەردى نوقۇل قايغۇ - غەم.
ئەپۇ ئەت، ئەي ياخشىلىق كۆزلىگەن كىشى
ئەخمەقنى كەچۈرمەك ئاقىلنىڭ ئىشى.»
دېدى: «ئەگەر سىردىن بولساڭ سەن ئاگاھ،
قىمىرلىماي شۇ يەردە ئۆلەردىڭ ناگاھ.
ئۇ يىلان پەيلىدىن سۆزلىسەم ئەندەك،
قورقۇشتىن يېرىلىپ كېتەردى يۈرەك.»

## مەسەل

تۆت كىشى بار ئىدى، بىر ساھىب كەرەم،
تۆتىسىگە بەردى بىر كۈمۈش دىرەم.
تۆت دېگىنىم-تۈرك، فارس، رۇملۇقۇ ئەرەب،
ئارادا قوزغالدى جاڭجالۇ غەزەب.
فارس«ئەڭگۇر» دەرئېدى:« ئالايلۇق ئەڭگۇر.»
ھەمراھلار ئىچىدە باشلاندى ئۇر - سۇر.
«مەن ئىنەب ئىستەيمەن» دەر ئىدى ئەرەب،
تالاش ئەۋجىگە چىقتى، نادانلىق سەۋەب.
تۈرك بولسا ئۇلارغا دەيتتى: ئەي قوزۇم،
ئىنەب كىمگە كېرەك، ئالايلۇق ئۈزۈم.»
رۇملۇقمۇ بىرەردى جاڭجالغە تەبدىل،
قەيسەرلىك بىلەن دەر: «فەقەت ئىستافىل!»
بۇ سۆزلەر مەنىسىن قىلالماي تەھلىل،

مۇشتلىشىپ كېتىشتى تۆت نەپەر جاھىل.
كالۋالىقتىن يۈز بېرىپتۇ بۇ ھالەت،
ئىلىمدىن خەۋەرسىز بارى جاھالەت.

بولسا شۇندا يۈز تىل بىلگۈچى كىشى،
كېلەيتتى سۈلھىگە ئۇلارنىڭ ئىشى.

دەر ئىدىكى: «ماڭا بىرىڭ تەڭگىنى،
كەلتۈرەي ھايالسىز ئېيتقان نەرسىنى...

بىر تەڭگە ئىش قىلارمىسلى تۆت تەڭگە،
ئېلىپ كەلگەن نەرسەم يېتەر تۆتىڭگە.

بۇ تەڭگە ئارىغا سالالماس چاتاق،
بارچىڭىز بولۇرسىز يەنە ئىتتىپاق.»

## سايە ئوۋچىسى

قۇش ئۇچار ئاسماندا، يەردە بىنەزىر،
سايىسى ئۇچاتتى قۇشتەك قىرمۇقىر.

بىر ئەقىلسىز سايىنى قۇش چاغلابان،
چاپتى ئەس ھوشتىن كېچىپ، ئالچاڭلابان.

سايىگە خوپ ئۈزدى ئوق، خالى ساداق،
ئوقى بىرلە ئۆمرىمۇ بولدى ئاداق.

ئۆمۈر ئوقىن سايىگە سەرپ ئەتتى ئۇ،
سايىدەك بىنەپ جاھاندىن كەتتى ئۇ.

## قېرىلىق دەردى

بىر تېۋىپ ئالدىغا كېلىپ، دېدى چال،
ئاغرىقتىن ۋۇجۇدۇم بولماقتا بىھال؛
دېدى: «قېرىلىقتىن، دەردىڭ بىدەۋا،»
دېدى: «كۆزلىرىممۇ زۇلمەتتىن قارا،»
دېدى: «قېرىلىقتىن، ئەي شەيخى قەدىم.»
دېدى: «ئاغرىق بىلەن پۈكۈلەر قەددىم،»
دېدى: «قېرىلىقتىن، ئەي شەيخى خاراب.»
دېدى: «نېمە يېسەم جېنىمغا ئازاب،»
دېدى: «قېرىلىقتىن مەئىدە كېسىلى.»
دېدى: «راھەت ماڭا ئارام مەزگىلى،»
دېدى: «ئەمدى فەقەت دەم ئېلىش ئەلا،
قېرىلىق يۈز دەردكە قىلار مۇپتىلا.»
دېدى: «شەھۋىتىممۇ يوقالدى تۈگەل،»
دېدى: «قېرىلىقنىڭ كاسافىتى دەل.»
دېدى: «ماڭالمايمەن، بوشىشىپ ئاياق،»
دېدى: «قېرىلىقتا بولىدۇشۇنداق.»
دېدى: «كۆزلىرىممۇ خىرە، ئەي ھەكىم،»
دېدى: «قېرىلىقتىن، ئەي مەردى ھەلىم.»
دېدى: «قېرىلىققا تاقايسەن ئاخماق،»
تېۋىپلىكتىن شۇمۇ سەن ئالغان ساۋاق.»
تېۋىپ دېدى: «ئاتمىش ياشقا كىرىپسەن،
قېرىغاچقا شۇنداق غەزەپ قىلىسەن».

تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئۈنچىلەر ئۇممانى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.
نەشىرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت.



# قوش تەخەللۇسلۇق خوشناۋا بۇلبۇل

ئەزىز ئەلى

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى خىرقەتى شېئىرىيەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يېتۈك شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق لىرىك داستانى كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. XVII ئەسىردە ياشىغان شائىرلاردىن گۇمنام ۋە ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىمۇ كلاسسىك ئەدەبىيات خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك گۆھەرلەردۇر. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ ئىككى شائىرنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت بەزى ئىلمىي ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەنبەلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى تېخى تولۇق يورۇتۇپ بېرىلمىگەنىدى. ئەڭ مۇھىمى گۇمنام بىلەن خىرقەتى بىزدە ئىككى شەخس دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە ئىدى. گەرچە بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىز بۇ ئىككى شائىر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇلارنى بىر شەخسمىكىن، دېگەن پەرەزلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل پەرەز پاكىت ئاساسىغا ئىگە بولالمىغانىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىسىدا چىقىدىغان «شەرق يۇلتۇزى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1990 - يىللىق 8 - سانىدا ئىسھاق باغىستانىي قەلەمىگە مەنسۇپ «تەزكىرەئىي قەلەندەران» ناملىق ئەسەردىن پارچىلار ئېلان قىلىندى. بۇ تەزكىرىدە خىرقەتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكى ھەققىدە قىسقا، ئەمما خېلى ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرىلگەن.

بۇ تەزكىرىنىڭ «ئۈچىنچى لەۋھە» سىدە، «پىرمەت سەتارىي رىۋايەت قىلىدىكىم، بىرنەچچە فۇرسەت فەقىر ۋە مەشرەبى مەجزۇب خوجام پادىشاھ (بۇ يەردە ئافاق خوجىنى دېمەكچى) نىڭ يازلىق قارارگاھى بولمىش گۇلباغ مەۋزەئىندەگى باغىندا خىزمەت ئاداسىدا بولدۇق. مەزكۇر باغ رەۋزەئى رىزۋاندىن نىشانە ئېردى. جەننەت مىسال باغنىڭ مۇتەسەددىسى خوجە فاشا خىشلەرى بولمىش مۇھەممەد ئىمىن خوجەمقۇلى ھىرقەتىي ئېردى. مەزكۇر ھىرقەتىي يەنە ‹گۇمنام› تەخەللۇسى ھەم قىلۇر ئېردى. ئانىڭ قەلەمىدىن بەغايەت پۇرمەئنى ئەبياتلار زۇھۇرغە كېلمۇشدىكىم، گۇمنام ئالارنى بىر يەرگە جەملەپ، ئەشئار دېۋانى ھەم تەرتىپ بەرمۇشدى. شۇ بائىسدىن گۇمنام كاشغەر خەلقى ئارەسىندە مەشھۇرلۇق دەرەجەسىغە يېتۈشدى» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى پارچىدا قەيت قىلىنغان خىرقەتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن گەپنى سەل باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

1. «تەزكىرەئى قەلەندەران» دا يېزىلىشىچە، ئاپتور ئىسھاق باغىستانىي نەمەنگانلىق موللا بازار ئاخۇننىڭ مەدرىسىدە شائىر بابارەھىم مەشرەپ بىلەن يەتتە يىل بىرگە ئوقۇغان، كېيىن مەشرەپ نەمەنگاندىن ئايرىلىپ ئەڭ يېقىن دوستى پىرمەت سەتاردى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ ئافاق خوجىنىڭ بېغىدا يەتتە، سەككىز يىل ئىشلىگەن ھەمدە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ يەردىنمۇ ئايرىلىپ ئاخىر بەلخ ھاكىمى مەھمۇدخان تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ جەرياندا ئارىدىن 20 يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەن.

بىر كۈنى مەشرەپنىڭ دوستى پىرمەت سەتاردى ئىسھاق باغىستانىينى ئىزدەپ كېلىپ، يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ھەمدە ئۇنى بۇ ھەقتە بىرەر نەرسە يېزىشقا دەۋەت قىلغان. نەتىجىدە ئىسھاق باغىستانىي ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرى ۋە پىرمەت سەتارىي سۆزلەپ بەرگەن ۋەقەلەرگە ئاساسەن، مەشرەپكە بېغىشلانغان بۇ تەزكىرىنى ھىجرىيە 1130 - (مىلادى 1717 — 1718 -) يىلى جامادەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 15 - كۈنى، 60 يېشىدا يېزىپ تۈگەتكەن. بۇ يەردە شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، خىرقەتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئىسھاق باغىستانىيغا مەشرەپنىڭ دوستى پىرمەت سەتارىي سۆزلەپ بەرگەن. پىرمەت سەتارىي بولسا، مەشرەپ بىلەن قەشقەرگە بېرىپ ئافاق خوجىنىڭ بېغىدا ئىشلىگەن ۋە خىرقەتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى دەل مۇشۇ جەرياندا بىلگەن. شۇ سەۋەبتىن پىرمەت سەتارىينىڭ خىرقەتى «يەنە ‹گۇمنام› تەخەللۇسى ھەم قىلۇر ئېردى» دېگەن مەلۇماتىنى بىرىنچى قول شۇنداقلا ئىشەنچلىك مەنبە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

2. مەشرەپنىڭ ھاياتىغا ئائىت ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ دوستى پىرمەت سەتارىينىڭ قەشقەرگە بېرىپ ئافاق خوجىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ۋاقتى تەخمىنەن 1660 - يىلى ۋە 1670 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئەمدى خىرقەتىنىڭ تەرجىمىھالىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ مىلادى 1634 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، مىلادى 1724 - يىلى ۋاپات بولغانلىقى، شۇنداقلا 30 يېشىدا ئاتىسى بىلەن ئافاق خوجىنىڭ بېغىدا باغۋەن بولۇپ ئىشلىگەنلىكى مەلۇم①. دېمەك مەشرەپ ۋە ئۇنىڭ دوستى پىرمەت سەتارىينىڭ ئافاق خوجىنىڭ بېغىدا ئىشلىگەن چاغلىرى دەل خىرقەتىنىڭ ئافاق خوجىنىڭ بېغىدا ئىشلىگەن چاغلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، مەشرەپ ۋە پىرمەت سەتارىي ئافاق خوجىنىڭ بېغىدا خىرقەتى بىلەن بىرگە ئىشلىگەن. پىرمەت سەتارىي ئىسھاق باغىستانىيغا سۆزلەپ بەرگەن «رىۋايەت» تە خىرقەتىنىڭ ئاجايىپ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق «ئەبياتلار» نى يازغانلىقىنى ۋە «ئەشئار دىۋانى» تۈزگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. پىرمەت سەتارىينىڭ خىرقەتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە شۇقەدەر يۇقىرى باھا بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ خىرقەتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن تونۇش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خىرقەتى «يەنە ‹گۇمنام› تەخەللۇسى ھەم قىلۇر ئېردى» دېگەن سۆزىنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس.

«بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 3 - سانىدا، يولداش مىرسۇلتان ئوسمانوۋ «گۇمنام غەزەللىرى» نى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ گۇمنامنىڭ دىۋانى ۋە گۇمنام ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

---

① مۇھەممەت ئىمىن خىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى.

يولداش مىرسۇلتان ئوسمانوۋ گۇمنام توغرىسىدا، «گۇمنام ئۆز ئاتىسى توغرىسىدا، دىۋانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئاتام ئاتى خۇجەم قۇلى خوجەدۇر،
زاھىرى قۇل، ھەقىقەتى خوجەدۇر.

بۇ مىسرالاردىن ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى خوجام قۇلى ئىكەنلىكى مەلۇم، لېكىن بۇ ئىسىم ئۇيغۇر كلاسسىك يازغۇچىلىرىدىن مۇھەممەت ئىمىن خىرقەتىنىڭ ئاتىسى خوجام قۇلى بىلەن بىرمۇ؟ ياكى تاسادىپىي ئوخشاشلىقمۇ؟ ئەگەر بىر بولسا گۇمنام بىلەن خىرقەتى بىر شەخسمۇ؟ ياكى قېرىنداشلارمۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە يېتەرلىك تارىخىي پاكىتلار بولمىغان ھازىرقى شارائىتتا جاۋاب بېرىشكە ئاجىزمىز. لېكىن گۇمنامنىڭ «مەشرەپمەن» رادىفلىق غەزىلىدە:

«تاپىپ مەشرەب يولىن تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن گۇمنام،
ئىمەسمەن چىزى تائەت، مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەبمەن.»

دېگىنىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خىرقەتىدىن ياش بولغان بابارەھىم مەشرەبتىنمۇ كېيىنرەك ئۆتكەنلىكىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن.» دېگەنلەرنى يازىدۇ.

ئارىدىن بەش يىل ئۆتتى. «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1986 - يىللىق ئومۇمىي 18 - سانىدا يولداش مىرسۇلتان ئوسمانوۋ «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك شائىرى گۇمنام» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، يەنە شۇ «مەشرەبمەن» رادىفلىق غەزەل ئارقىلىق گۇمنامنىڭ مەشرەپتىن كېيىن ياشىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما گۇمنام بىلەن خىرقەتىنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئوخشاشلىق مەسىلىسىگە كەلگەندە «بۇلارنى بىر شەخسمىكىن دەيدىغان تونۇشلارمۇ بار» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ماقالىدە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدىغان مۇنداق ئىككى نۇقتا بار. بىرىنچىسى، «بۇلاق» نىڭ 1981 - يىللىق 3 - سانىدا «مەشرەبمەن» رادىفلىق غەزەلنى «گۇمنامنىڭ» دەپ كېسىپ ئېيتىلغان بولسا، بۇ ماقالىدە گۇمنام بۇ غەزەلنى «بابارەھىم مەشرەپنىڭ ‹مەشرەبمەن› رادىفلىق غەزىلىگە تەقلىد قىلىپ يازغان» دېيىلىدۇ. ئىككىنچىسى، «بۇلاق» نىڭ 1981 - يىللىق 3 - سانىدا «گۇمنامنى خىرقەتى بىلەن بىر شەخس دېيىش تەس» دېيىلسە بۇ ماقالىدە «بۇلارنى بىر شەخسمىكىن دەيدىغان تونۇشلارمۇ بار» دېيىلىدۇ. ئەمما «مەشرەبمەن» رادىفلىق غەزەل ئاساس قىلىنىپ «گۇمنام بىلەن خىرقەتى بىر شەخس ئەمەس، بەلكى قېرىنداشلار بولۇشى مۇمكىن» دېگەن پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ قاراشلاردا خېلى روشەن ئۆزگىرىش ۋە ئىلگىرىلەش بار. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، يولداش مىرسۇلتان ئوسمانوۋ «بۇلاق» نىڭ ئومۇمىي 18 - سانىدىكى ماقالىسىدە گۇمنام ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت مەنبەلەرنى خېلى چوڭقۇر ئىزدىنىپ تەتقىق قىلغان. نەتىجىدە گۇمنام بىلەن خىرقەتىنىڭ بىر شەخس بولۇشى توغرىسىدىكى مۇمكىنچىلىككە يېقىنلاشقان، ئەمما بۇنىڭغا ئىسپات يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۆزىنىڭ بۇ مۆلچەرىنى مۇقىملاشتۇرمىغان، يەنە كېلىپ «مەشرەپمەن» رادىفلىق غەزەلدىكى ئىككى بېيىت بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىگەن.

مېنىڭچە، «مەشرەبمەن» رادىفلىق غەزەل ئەمەلىيەتتە بىر بولۇپ، ئۇ مەشرەپكە تەۋە. «مەشرەبمەن» رادىفلىق غەزەلنىڭ گۇمنامنىڭ دىۋانىغا كىرىپ قېلىشى بەلكىم دىۋاننى كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ سەۋەنلىكى بولۇپ، بۇ گۇمنام غەزىلىنىڭ مەشرەپ دىۋانىغا كىرىپ

قالغىنىغا ئوخشاشلا بىر خىل ئوقۇشماسلىق بولۇشى مۇمكىن. گۇمنامنى مەشرەپنىڭ شېئىرلىرىغا بولغان قىزىقىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ غەزەل يازدى دېگەندىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشتىن - ئاخىر مەشرەپ نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، يەنە كېلىپ «مەشرەپمەن» رادىفلىق قىلىپ يېزىشى ئادەمنى تولۇق ئىشەندۇرەلمەيدۇ. گۇمنامنىڭ دەپ قارىلىۋاتقان «مەشرەپمەن» رادىفلىق غەزەل، مەشرەپنىڭ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەشرەپمەن» (29 - نومۇرلۇق غەزەل) رادىفلىق غەزىلىگە پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

مەشرەپ:

قەرارىم يوق كۆڭۈلدە لەھزەئى دىۋانە مەشرەبمەن،
قۇيۇندەك ھۇسن شەمئىن ئايلانىپ پەرۋانە مەشرەبمەن.

گۇمنام:

قەرارىم يوق كۆڭۈلدە لەھزەئى دىۋانە مەشرەبمەن،
قۇيۇندەك ھۇسنى شەمئىن ئايلانىپ پەرۋانە مەشرەبمەن.

«مەشرەبمەن» رادىفلىق غەزەلدە ئىپادىلەنگەن روھ، پۇراق، ئۇسلۇب، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ۋاستە، تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئومۇمەن مەشرەبنىڭ روھىغا، مەشرەپنىڭ قىسمەتلىرىگە ۋە ئۇسلۇبىغا ماس كېلىدۇ، بۇ غەزەلنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى گۇمنامنىڭباشقا غەزەللىرىدە ئانچە كۆپ كۆزگە چېلىقمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن گۇمنامنىڭ باشقا غەزەللىرى بىلەن بۇ غەرەلنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشلا كۇپايە قىلىدۇ.

«مەشرەبمەن» رادىفلىق غەزەلدىكى:

تاپىپ مەشرەب يولىن، تەرك ئەيلە زاھىدلىق يولىن، گۇمنام،
ئەمەسمەن چىزى تائەت، مەي ئىچىپ مەستانە مەشرەبمەن.

دېگەن بېيىتتا، گۇمنام قانداقتۇر ئۆزىگە زاھىدلىق يولىنى تاشلاپ «مەشرەب يولىنى» تۇتۇشنى خىتاب قىلماستىن، بەلكى مەشرەپ گۇمنامغا خىتاب قىلىدۇ.

«تەزكىرەئى قەلەندەران» دا ئىسھاق باغىستانىي پىرمەت سەتارىيىنىڭ ئېغىزىدىن، مەشرەپ بىلەن خىرقەتى (يەنى گۇمنام) نىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى كېلىشمەسلىك ۋە زىددىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىپ، مەشرەپنىڭ ئەنە شۇ زىددىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر غەزىلىدىن پارچە بېرىدۇ. پارچىدا:

سەن، ئەي گۇمنام، نەسىھەتىنى بارىب خىشىڭ ئارا قىلغىل،
جەھاندا كۆرمەدىم ھەرگىز كىشى سەندەك رىيالىغنى.

دېگەن بىر بېيىت بار. بۇ بېيىتتا خۇددى «مەشرەبمەن» رادىفلىق غەزەلدىكى بېيىتقا ئوخشاشلا مەشرەپ گۇمنام (خىرقەتى) غا خىتاب قىلىدۇ.

مەن يۇقىرىقىلارنى، مەشرەپنىڭ شاگىرتى پىرمەت سەتارىيىنىڭ تارىخچى ئەدىب ئىسھاق باغىستانىيغا سۆزلەپ بەرگەن مەلۇماتى ۋە يولداش مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ گۇمنام ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن خىرقەتى بىلەن گۇمنام بىر شەخس دېگەن قاراشلىرىمنى دەلىللەشكە ئاساسىي جەھەتتىن كۇپايە قىلىدۇ، دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇمنامنىڭ:

«ئاتام ئاتى خۇجەم قۇلى خوجەدۇر،
زاھىرى قۇل، ھەقىقەتى خوجەدۇر.»

دېگەن مىسرالىرى ناھايىتى زور پاكىتلىق رول ئوينايدۇ.

بەلكىم كىتابخانلار، شائىر مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ «خىرقەتى» دېگەن تەخەللۇسى تۇرسا، يەنە نېمە ئۈچۈن «گۇمنام» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازىدۇ؟ بۇ ئىككى سۆز باشقا - باشقا مەنىگە ئىگىغۇ؟ دېيىشى مۇمكىن. ئەمما بىر شائىرنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تەخەللۇس ئىشلىتىشىدەك ئەھۋال ئىلگىرىمۇ بولغان، ئۇ ھازىرمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئەلىشىر نەۋائىيمۇ كۆپ ساندىكى ئەسەرلىرىنى «نەۋائى» دېگەن تەخەللۇسى بىلەن، ئەمما يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى «پانىي» تەخەللۇسى بىلەن يازغان. شۇنىڭغا قارىغاندا خىرقەتى ئۇ ۋاقىتتا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن لىرىك شېئىرلىرىدا «گۇمنام» دېگەن تەخەللۇسىنى، داستانىدا «خىرقەتى» دېگەن تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇ يەردە مەن كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى مۇنداق بىر نۇقتىغا جەلپ قىلماقچىمەن.

ئەجەبا شۇنچە سەۋىيىلىك شېئىرلارنى يازغان گۇمنامنىڭ باشقا يىرىكرەك بىرەر ئەسىرى يوقمىدۇ؟ 90 يىل ئۆمۈر كۆرگەن خىرقەتى ئۆز ئۆمرىدە «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دىن ئىبارەت بىرلا داستاندىن ئۆزگە ئەسەر يازمىغانمىدۇ؟

ئىسھاق باغىستانىي «تەزكىرەئى قەلەندەران» دا «خىرقەتى» نى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «ھىرقەتى» دەپ يازىدۇ. مېنىڭچىمۇ «خىرقەتى» ئەمەس، «ھىرقەتى» دېيىلگىنى توغرا بولسا كېرەك. چۈنكى «خىرقەتى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى يىرتىق چاپان كىيگەن كىشى دېگەن بولۇپ، بۇ شېئىردىي تىلغا ئانچە يېقىن سۆز ئەمەس. «ھىرقەتى» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزۈكى بولغان «ھىرقەت» دېگەن سۆز، كۆيمەك، كۆيدۈرمەك، غەم - قايغۇ دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ سۆز كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى تەخەللۇسىغا يېقىن تۇرىدۇ ھەم «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىدىكى ئىشق - مۇھەببەت، ھىجران، ھەسرەت، مۇڭ - زار تەسۋىرلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئاخىردا مېنىڭ مەشرەپكە رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ. چۈنكى مەشرەپ قەشقەرگە بارمىغان بولسا، ئۇنىڭ دوستى پىرمەت سەتارىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قەشقەرگە بارمىغان بولاتتى. پىرمەت سەتارىي قەشقەرگە بارمىغان بولسا ھىرقەتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى ئىسھاق باغىستانىيغا سۆزلەپ بەرمىگەن بولاتتى. ئىسھاق باغىستانىي بۇ مەلۇماتنى «تەزكىرەئى قەلەندەران» دا يېزىپ قالدۇرمىغان بولسا، ھىرقەتى بىلەن گۇمنامنىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى بىزمۇ بىلەلمىگەن بولاتتۇق.

ئەينى دەۋردە مەشرەپ بىلەن گۇمنام (يەنى ھىرقەتى) ئوتتۇرىسىدا قانداق نىزا ۋە زىددىيەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ھەر ئىككىلىسى خەلق ئاممىسى بىلەن قەلبداش شائىرلاردۇر. ھەر ئىككىلىسى خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك كىشلىرىدۇر. خەلقىمىزنىڭ نەچچە ئەسىردىن بېرى مەشرەپ ئەسەرلىرىنىمۇ، گۇمنام (ھىرقەتى) نىڭ مىراسلىرىنىمۇ ئوخشاشلا قەدىرلەپ ساقلاپ، سۆيۈپ ئوقۇپ كەلگەنلىكى رەت قىلىپ بولمايدىغان تارىخىي پاكىت. بۇندىن كېيىنمۇ گۇمنام ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ تالانتلىق شائىرلىرىمىزنىڭ نامى خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئوتلۇق لىرىكىلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ئەبەدىي جاراڭلايدۇ.

# دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر — «بابۇرنامە»

خەمىت تۆمۈر

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483 — 1530) نىڭ چاغاتاي تىلى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسلىمىسى ئۆزىنىڭ زور ئىلمىي قىممىتى بىلەن دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئەسەرگە بېرىلگەن «بابۇرنامە» دېگەن بۇ نام ئەسەرنىڭ «ۋاقىئەنامە»، «تۈزۈكى بابۇرى»، «ۋاقىئاتى بابۇرى» دېگەن نامىلىرى بىلەن تەڭداش قوللىنىلىپ، كېيىن بىرقەدەر ئوموملاشقان نامدۇر. بابۇرنىڭ ئۆزى بۇ ئەسەرنى «ۋەقايى» (ۋەقەلەر) دەپ ئاتىغان.

بابۇر ئاقساق تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سەئىد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى سۇلتان مەھمۇد مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرانشاھ مىرزا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئاقساق تۆمۈردۇر. بابۇر ئانا تەرەپتىن يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە مەشھۇر «تارىخىي رەشىدى» نىڭ يازغۇچىسى مىرزا ھەيدەر بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ. چۈنكى، بابۇرنىڭ ئانىسى قۇتلۇق نىگار خانىم سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخان، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى خۇب نىگارخانىم ھەممىسى چاغاتاي ئەۋلادىدىن يۇنۇسخاننىڭ بالىلىرى ئىدى.

بابۇر 1494 - يىلى 12 ياش ۋاقتىدا ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تاسادىپىي ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن پەرغانە پادىشاھى بولىدۇ. بۇ، بىر تەرەپتىن تۆمۈر نەسلىدىن بولغان مىرزىلارنىڭ ھەرقايسىسى ئىگىلەپ تۇرغان ۋىلايەتلەردە ئۆزلىرىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، ئۆزئارا زېمىن ۋە ھاكىمىيەت تالىشىش جەڭلىرىنى ئەۋجىگە چىقارغان، چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن تىرىشۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزبېك خانى شەيبانىخان كۈندىن-كۈنگە زورىيىپ مىرزىلار ۋە خانلار قولىدىكى زېمىنلارغا چاڭ سېلىۋاتقان دەۋر ئىدى. ياش بابۇر تەختكە چىقىش بىلەنلا پەرغانە ۋىلايىتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. تۆمۈرىيە سۇلالىسىنىڭ پارچىلانغان دۆلىتىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بەل باغلىغان ياش بابۇر يالغۇز پەرغانىنى مۇداپىئە قىلىش بىلەنلا قالماستىن تۆمۈرىيە سۇلالىسىنىڭ قەدىمىي پايتەختى بولغان سەمەرقەنتنى ئېلىش يولىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ 1499 - يىلى بىر قېتىم، 1501 - يىلى يەنە بىر قېتىم سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap

لېكىن بىرىنچى قېتىمدا پەرغانىدە ئىسيان يۈز بەرگەنلىك سەۋەبىدىن، ئىككىنچى قېتىمدا يارىدەمسىز قېلىپ، شەيبانىخانغا تەڭ كېلەلمەي چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدۇ. ئاخىرىدا، شەيبانىخاننىڭ ھۇجۇمى تۈپەيلى ماۋەرائۇننەھردە پۇت دەسسەپ تۇرالماي، 1504 - يىلى ھىندۇ قۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، كابۇل ۋە غەزنىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ كابۇل پادىشاھى بولغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۈردە شەيبانىخان بېسىۋالغان جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا ھەرىكەت قىلىدۇ. بابۇر 1506 - يىلى خۇراسانغا بېرىپ ھىراتنى زىيارەت قىلىدۇ ۋە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىكتە شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ باقىدۇ، لېكىن مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. ئۇ 1511 - يىلى ئىسمائىل شاھنىڭ ياردىمى بىلەن ھىسار، بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن شىئە مەزھىپىنىڭ داھىيسى ئىسمائىل شاھ بىلەن بىرلەشكەنلىكى، ھەتتا ئۇنىڭغا بېقىندا ھېسابتا بولغانلىقى ئۈچۈن ئاۋامنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولالمايدۇ، ئاخىر ئۆزبېكلەرتەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ 1519 - يىلى كابۇلغا قايتىپ كېلىدۇ.

ھىندۇقۇشنىڭ شىمالىدىكى تۆمۈرىيلەر زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن بابۇر ئۆزىنىڭ كابۇلنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىدۇ ۋە 1519 - يىلدىن باشلاپ بىر قانچە قېتىم چېرىك تارتىپ ھىندىستاننىڭ بەزى يەرلىرىنى ئىگىلەيدۇ. 1526 - يىلى بەشىنچى قېتىمدا 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن سىند دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پەنىپەتتە سۇلتان ئىبراھىم لۇدىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، دېھلى ۋە ئەگرەنى ئىشغال قىلىدۇ. ئارقىدىنلا 1527 - يىلى مارتتا كانۋاھادا راناسەنگا باشچىلىقىدىكى راي ۋە راجەلەرنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى تارمار قىلىدۇ. 1528 - ۋە 1529 - يىللىرى يەنە بىر قانچە قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن شىمالىي ھىندىستاننى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ 1526 - يىلى دېھلى بىلەن ئەگرەنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز نامىغا خۇتبە ئوقۇتۇشى بىلەن ھىندىستاندا تاكى 1761 - يىلغىچە سەلتەنەت سۈرۈپ، تارىختا «ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسى» دەپ ئاتالغان ئىمپېرىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىدۇ. بابۇر 1530 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھىندىستاندا ۋاپات بولىدۇ.

بابۇر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ 12 يېشىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك جەڭ ۋە ھەربىي يۈرۈش بىلەن ئۆتكەن مۇشۇ تىنىمسىز ۋە ئۆزگىرىشچان، بەزىدە ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەتلىك ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزى داخىل بولغان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقەلەرنى، ھېس-تۇيغۇ ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ھەم كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ بايانلار بابۇردەك ئۆز يېشىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى كەچۈرگەن بىر مەشھۇر پادىشاھ ۋە ھەربىي قوماندان، شۇنداقلا يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر بىلىملىك بىر شەخسنىڭ بايانلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسىي ۋەزىيىتى، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ھەربىي تۈزۈملىرى، تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان مىرزىلارنىڭ، چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان خانلارنىڭ، ئۆزبېك خانى شەيبانىخاننىڭ، ھىندىس-

تاندىكى پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەر ۋە بۇ جەڭلەردە تۈزۈلگەن سەپ، قوللىنىلغان تاكتىكا، ئىشلىتىلگەن قورال - ياراقلار ۋە باشقىلار توغرۇلۇق تەپسىلىي، مەزمۇنلۇق ھەم ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئىگە قىلىدۇ. ئەسەردە شىنجاڭ تارىخى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەخسلەردىن يۇنۇسخان، سۇلتان سەئىدخان، مىرزا ھەيدەر، ئابابەكىر دوغلات قاتارلىقلار توغرۇلۇق بېرىلگەن مەلۇماتلارمۇ ئاز ئەمەس.

بابۇر بۇ ئەسەردە يەنە ھەممىگە قىزىقىدىغان زېھنىلىك بىر سەيياھ ۋە ئەستايىدىل بىر ئالىم سۈپىتىدە پەرغانە، سەمەرقەنت، ھىرات، كابۇل، غەزنى، ھىندىستان قاتارلىق ئۆزى تۇرغان ۋە بارغان جايلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، جۇغراپىيىسى، تەبىئىي شارائىتى، ئىقلىمى، ھايۋانات - ناباتلىرى، بايلىقلىرى، ئاسارئەتىقىلىرى، گۈزەل يەرلىرى، مەشھۇر ئادەملىرى، خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، مەدەنىي ھاياتى، ئەنئەنىلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىن ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە قىزىقارلىق بىلىملەرنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان ھىرات توغرۇلۇق كەڭ توختىلىپ، ھىراتتىكى ئىلىم - سەنئەت ئەھلىنى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى، ئەسەرلىرىنى، خىسلەتلىرىنى بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ، ئىشلىرىغا ۋە ئەسەرلىرىگە باھا بېرىدۇ. جۈملىدىن ئۆزى خەت يېزىشقان بولسىمۇ، لېكىن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائىينى زور ھۆرمەت بىلەن تەرىپلەپ، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيەتلىرى، خىسلەتلىرى توغرۇلۇق مۇھىم مەلۇماتلارنى بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، بابۇر ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلارنىمۇ يوشۇرۇپ قالمايدۇ. ئۆزىنىڭ بەك خۇنۇك ۋە چۈشكۈن تەرەپلىرىنى سۆزلەشتىنمۇ باش تارتمايدۇ. مۆرىتى كەلگەندە دۈشمەنلىرىنى ماختايدۇ، دوستلىرىنى، تۇغقانلىرىنى رەھىمسىز پاش قىلىپ قامچىلايدۇ. مانا بۇ نۇقتىلارنىڭ كىشىنىڭ ئەسەردە بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ چىنلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، بابۇر يېتىلگەن بىر ئەدىب ۋە بىلىمى كەڭ بىر ئالىم بولۇش بىلەن بىللە، ئاقساق تۆمۈر ۋە چىڭگىزخان سۇلالىلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دەستۇرلىرىغا سادىق بولغان بىر ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى ئەلۋەتتە شۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئودال ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ مەيدانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بابۇر بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھەرقانداق ھەرىكىتىنى، جۈملىدىن ئەمىرگە بويسۇنمىغان ياكى سېلىق تۆلەشتە رايىش بولمىغان ئاھالە ۋە قەبىلىلەر ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان بۇلاك - تالاك ۋە قىرغىنچىلىقلىرىنى، ھەتتا ئادەم كاللىسىدىن مۇنارە تۇرغۇزۇشتەك ئىشلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەبىئىي قىلمىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قاتارىدا بايان قىلىدۇ، بەزىدە مۇنداق قىرغىنچىلىقلاردىن يىرگەنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە مۇنداق ئىشلارنى پادىشاھلار ئۈچۈن

راۋا ھېسابلايدۇ. دېمەك، «بابۇرنامە» بابۇردىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ شەخسنى تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق باھا بېرىشتىمۇ تېپىلغۇسىز بىر ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«بابۇرنامە» ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر بولۇش بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە شۇ دەۋر ئەسەرلىرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان ھەشەمەتلىك ئىبارە، تەكەللۇپلۇق تەسۋىر ۋە چۈشىنىش تەس بولغان ئېغىر جۈملىلەر كۆزگە چېلىقمايدۇ. بەلكى ئىشنىڭ نەق ئۆزى، مەقسەتنىڭ نەق ئۆزى ساددا ئىبارە ۋە يەڭگىل جۈملىلەر بىلەن بايان قىلىنىدۇ. بۇ دەل بابۇر تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇسلۇب ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلى ھۇمايۇنغا يازغان بىر پارچە خېتىدە ئوغلىنىڭ خەتنى تەكەللۇپ بىلەن يازىمەن دەپ مەنىنى چۈشىنىكسىز قىلىپ قويىدىغان ئادىتىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگىمۇ ھەم ئوقۇغۇچىغىمۇ جاپا سالماسلىق ئۈچۈن خەتنى ساددا سۆزلەر بىلەن يېزىشقا ئۈندەيدۇ.

«بابۇرنامە» چاغاتاي تىلى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەسەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىلغا ئاساس بولغان جانلىق تىل ئامىللىرىنى كۆپلەپ ئۇچرىتالايمىز. باشقا مەنبەلەردىن ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان بۇ ماتېرىياللار چاغاتاي تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ قىممەتلىك يېرى شۇكى، بابۇر بۇ ئەسەردە نەۋائى ئەسەرلىرىدە قوللىنىلغان تىلنىڭ شۇ چاغدىكى ئەنجان ئاھالىسىنىڭ تىلىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئوچۇق يازىدۇ. بۇ نۇقتا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇنىڭ قايسى تىل، قايسى دىئالېكت ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ئېنىقلاشتا تولىمۇ مۇھىم بىر يىپ ئۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«بابۇرنامە» ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، ھىندىستان ۋە ئىران قاتارلىق جايلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى مول ھەم ئىشەنچلىك بولغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان تەڭداشسىز ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللىبۇرۇنلا دۇنيادىكى شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. نۇرغۇنلىغان ئالىملار ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىشكەن. «تارىخىي رەشىدى» نى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغان رۇس ئالىم «بابۇرنامە» گە باھا بېرىپ، ئۇنى «ئاسىيادىكى ئەسەرلەر ئىچىدە بىردىنبىرى بولمىسىمۇ، ئەڭ ئېسىلى»① دەپ تەرىپلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى شىرباك ئۇنى ئىنسىكلوپېدىيە خاراكتېرلىك ئەسەر، دەيدۇ②. «قىسقىچە بىرىتانىيە ئىنسىكلوپېدىيەسى» دە ئۇنىڭغا «دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر» دېگەن باھا بېرىلىدۇ③.

---

① «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى — تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم 3 - بەت.

② شىرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى»، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى 1962 - يىلى رۇسچە نەشرى 44 - بەت.

③ «قىسقىچە بىرىتانىيە ئىنسىكلوپېدىيەسى»، جۇڭگو بۈيۈك ئىنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم 404 - بەت.

هازىر «بابۇرنامە» تېـكستىنىڭ نەشر قىـلىنغان ئىككى خىل نۇسـخىسى بولۇپ،
بىرى قازان نۇسخىسى، يەنە بىرى ھەيدەر ئاباد نۇسخىسى. قازان نۇسخىسىنى ن. ئىلمىنىسـ
كى بۇخارادىن تېپىلغان بىر قول يازمىغا ئاساسەن 1857 - يىلى قازاندا نەشر قىلدۇرغان.
ھەيدەر ئاباد نۇسخىسىنى ئەنگلىيىلىك ئا. بېۋېرىج ھەيدەر ئابادتىن تېپىلغان بىر قول
يازما بويىچە 1905 - يىلى لوندوندا سۈرەتـكە ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئەيـنەن نەشر
قىلدۇرغان. بۇ نۇسخا 382 ۋاراق (764 بەت) كېلىدۇ. ئا. بېۋېرىج بۇ ئەسەرنىڭ يەنە
بىر قانچە قول يازمىلىرى تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرى بولسا بەكمۇ تولۇقـ
سىز، يەنە بىرى بولسا بەكمۇ خاراب ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ يەنە تاشكەنتتە
يۇقىرىدىكى ئىككى خىل نۇسخىسىغا ئاساسەن 1948 - ، 1960 - ، 1989 - يىللاردا يېڭى
ئۆزبېك يېزىقى بىلەن ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىمۇ بار.

ئەسەرنىڭ ھەرخىل تەرجىمىلىرىگە كەلسەك، بۇ ئەسەر ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىـ
نىڭ دەسلەپـكى چاغـلىرىدىلا پارسـچىغا تەرجىمە قىـلىنغان ۋە بىرمۇنچە زىـننەتلىك،
رەسىملىك نۇسخىلىرى چىقىرىلغان؛ 1826 - يىلى پارسچە تەرجىمىسـىگە ئاساسەن ئىنـ
گلىزچىگە، 1828 - يىلى ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن نېمىسچىگە، 1871 - يىـلى
قازان نۇسخىسىغا ئاساسەن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان؛ 1921 - يىلى ئىـنگلىزچە
تەرجىمىسىنىڭ تۈزىتىلگەن يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىنغان ۋە 1922 - يىلى ئا. بېۋېـ
رىج تەرىپىدىن ھەيدەر ئاباد نۇسخىسى ئاساسىدا قايتا ئىشلىنىپ نەشر قىـلدۇرۇلغان؛
1940 —— يىلى تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەخـمەتى ئارات تەرىپىدىن ھەيدەر ئاباد نۇسـ
خىسىغا ئاساسەن تۈركچىسـىگە تەرجىمە قىـلىنغان ۋە 1987 - يىلى «ۋەقايى»
دېگەن رەسمىي نام ھەم «بابۇر خاتىراتى» دېگەن قوشۇمچە نام بىلەن قايتا نەشر قىـ
لىنغان؛ 1960 - يىلى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىـرقى زامان ئۇيـ
غۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى پېقىر تەرىـپىدىن ئىشلىنىپ نەشرگە بېرىلدى، پات ئارىدا
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغۇسى.

شۇنىسى ناھايىتى ئېچىنارلىقكى، ئەسەردە يىل تەرتىپى بويىچە قىلىنىۋاتقان باياـ
لارنىڭ ھىـجرىيە 908 - يىل ئوتتۇرىسىدىن 909 - يىل ئاخىرىغىچە، ھىـجرىيە 914 -
يىل بېشىدىن 920 - يىل ئاخىرىغىچە ۋە ھىـجرىيە 926 - يىل سەپەر ئېيىدىن 932 -
يىل سەپەر ئېيىغىچە بولغان قىسىملىرى ئۆكسۈك ھالەتتە. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا،
بابۇرنىڭ 36 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تېگىشـ
لىك بۇ ئەسەرنىڭ 18 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتقا دائىـر قىسمى ئۆكسۈك بولغان بولـىدۇ.
بۇ ئۆكسۈك قىسىملار، بولۇپمۇ 914 - يىل بېشىدىن 924 - يىل ئاخىرىغىچە بولغان ئۆكـ
سۈك قىسمى توغرۇلۇق تەتقىقاتچىلار ئىچىدە باشقىچە بەزى مۇلاھىزىلەر بولسىمۇ، لېكىن
ئەسەرنىڭ دەسلەپكى قول يازمىسىنىڭ تاسـادىپىي بىر زىيانغا ئۇچرىـشى بىلەن ئۇنىڭ
يۇقىرىدىكى قىسىملىرى يوقىلىپ كەتكەن، دېگەن پەرەز ئاساسـىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەـ
سەرنىڭ بۇ ئۆكسۈك قىسمىغا دائىر ۋەقەلەرنى مۇشۇ ئەسەردىكى بەزى بايانلارغا ۋە «ھۇمايۇننامە»،
«تارىخىي رەشىدى» قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرگە ئاساسەن بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندە «بابۇرنامە» نىڭ ھازىـرقى زامان ئۇيغۇر تىـلىدىكى يەشمىسىـدىن ۋە
ئەسلى تېكىستىدىن پارچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىدىن پارچە

## فەرغانە

899 - يىلى رامىزان ئېيىدا ① ئون ئىككى يېشىمدا فەرغانە ۋىلايىتىدە پادىشاھ بولدۇم. فەرغانە ۋىلايىتى بەشىنچى ئىقلىمدىن بولۇپ، ئاۋات جايلارنىڭ چېتىدىكى جايلاشقان. شەرق تەرىپى قەشقەر بىلەن، غەرب تەرىپى سەمەرقەنت بىلەن، جەنۇب تەرىپى بەدەخشان چېگرىسى بولغان تاغلار بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمال تەرىپىدە گەرچە بۇرۇن ئالمالىغ ئالماتۇ (بەزى كىتابلاردا «ئوتىرار» دەپ يېزىلىدۇ) قاتارلىق شەھەرلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھازىر موغۇل ۋە ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. فەرغانە كىچىك ۋىلايەتتۇر. ئاشلىق ۋە مېۋىسى مول. ئەتراپى تاغ بولۇپ، پەقەت سەمەرقەند ۋە خوجەند جايلاشقان غەرب تەرىپىدىلا تاغ يوق. قىشتا مۇشۇ تەرەپتىن باشقا ھېچ تەرەپتىن دۈشمەن كېلەلمەيدۇ. خوجەند سۇيى دەپ ئاتىلىدىغان سەيھۇن دەرياسى شەرقىي - شىمال تەرەپتىن كېلىپ، بۇ ۋىلايەتنىڭ ئىچى بىلەن ئۆتۈپ، غەرب تەرەپكە كېتىدۇ. ئاندىن خوجەندنىڭ شىمال تەرىپى ھەم ھازىر شاھرۇخىيە دەپ ئاتىلىدىغان فەناكېتنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن ئۆتۈپ، يەنە شىمالغا بۇرۇلۇپ تۈركىستان تەرەپكە كېتىدۇ. بۇ دەريا تۈركىستاندىن بىرمۇنچە تۆۋەنلىگەندىن كېيىن، ھېچقانداق دەرياغا قوشۇلماي، تامامەن قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ. ۋىلايەتنىڭ يەتتە قەسەبىسى② بولۇپ، بەشى سەيھۇن دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە، ئىككىسى شىمال تەرىپىگە جايلاشقان.

ئەندجان — فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ، سەيھۇن دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قەسەبىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ئاشلىقى ئەلۋەك، مېۋىسى مول، قوغۇن ۋە ئۈزۈمى ياخشى بولىدۇ. قوغۇن پىشىشقىدا قوغۇنلۇقتا قوغۇننى پۇلغا ساتىدىغان ئادەت يوق. ئەندجاننىڭ نەشپۈتىدىن ياخشى نەشپۈت تېپىلمايدۇ. ماۋەرائۇننەھردە سەمەرقەند ۋە كېش قورغانلىرىدىن قالسا، بۇنىڭدىن چوڭ قورغان يوق. قورغاننىڭ ئۈچ دەرۋازىسى بار. ئەركى ③ جەنۇب تەرىپىدە. قورغانغا توققۇز ئېرىق سۇ كىرىدۇ، لېكىن شۇنىسى ئاجايىپكى، بىر يەردىنمۇ چىقمايدۇ. قەلئەنىڭ چۆرىسىدىكى خەندەكنىڭ سىرتىدا تاش ياتقۇزۇلغان چوڭ يول بار. قەلئە ئەتراپى پۈتۈنلەي مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللىلەر بىلەن قەلئەنى شۇ خەندەك ياقىسىدىكى چوڭ يول ئايرىپ تۇرىدۇ. ئوۋ قۇشىمۇ بار، قىرغاۋۇلى ئىنتايىن سېمىز كېلىدۇ. بىر قىرغاۋۇلنىڭ گۆش - شورپىسىنى تۆت ئادەم تۈگىتەلمەيدۇ، دېگەن رىۋايەت بار. ئاھالىسى تۈرك، شەھىرى ۋە بازىرىدا تۈركچە بىلمەيدىغان ئادەم يوق. خەلقىنىڭ جانلىق تىلى يېزىق تىلىغا ئۇيغۇن

① مىلادى 1494 - يىل.

② قەسەبە — كىچىكرەك شەھەر.

③ ئەرك — ئىچكى قەلئە، ئوردا.

كېلىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ھېرىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ تىل بىلەن يېزىلغان. ئاھالىسىنىڭ ئىچىدە ھۆسنۇن ئەھلى كۆپ. مۇزىكىدا داڭ چىقارغان خوجا يۇسۇفمۇ ئەندىجانلىقتۇر. ھاۋاسىنىڭ سالامەتلىككە زىيانلىق تەرىپى بار. كۆز كۆنلىرى بەزگەك كۆپ بولىدۇ.

ئوش ــ ئەندىجاننىڭ شەرققە مايىل شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى تۆت يىغاچ كېلىدۇ. ھاۋاسى ياخشى، ئېقىن سۇيى مول بولۇپ، باھارى بەك پەيزى بولىدۇ. ئوشنىڭ گۈزەللىكىگە دائىر رىۋايەتلەر ئاز ئەمەس. ئوش قورغىنىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە ئۈستى تەكشى كەلگەن بىر تاغ بولۇپ، «بەراكوھ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە سۇلتان مەھمۇدخان بىر ھۇجرا سالدۇرغانىكەن. شۇ ھۇجرىدىن تۆۋەنرەكتە، تاغنىڭ تۇمشۇقىغا 902 - يىلى① مەنمۇ ئايۋانلىق بىر ھۇجرا سالدۇردۇم. گەرچە ئۇ ھۇجرا مېنىڭكىدىن ئالىي بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ھۇجرام بەك ياخشى يەرگە جايلاشتى، پۈتۈن شەھەر ۋە مەھەللىلەر ئاياغ ئاستىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەندىجاننىڭ سۇيى ئوشنىڭ مەھەللىلىرى ئىچىدىن ئۆتۈپ ئەندىجانغا كېلىدۇ. دەريانىڭ ئىككى تەرىپى پۈتۈنلەي باغ، باغلارنىڭ ھەممىسى دەريا بويىدا، بىنەپشىسى ئىنتايىن گۈزەل. ئېقىن سۇلىرى بار، باھاردا لەيلى ۋە قىزىلگۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ. بەرەكوھ تېغىنىڭ ئېتىكىدە، شەھەر بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقىدا مەسچىدى جەۋرا ئاتلىق بىر مەسچىت بار. تاغ تەرەپتىن كەلگەن ئۇلۇغ بىر ئېقىن شۇ مەسچىتنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ. مەسچىتنىڭ تاشقى سەيناسى سەل يانتۇ كەلگەن بېدىلىك بولۇپ، سايە ساپالىق بىر مەيداندۇر. مۇساپىرلار ۋە يولۇچىلار كەلسە، شۇ يەردە دەم ئالىدۇ. ئوشنىڭ بىر قىزىق ئادىتى شۇكى، بىركىم ئۇ يەردە ئۇخلىسا، شۇ ئېقىندىن سۇ ئېلىپ ئۈستىگە قۇيىدۇ. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ تاغدىن ئاق - قىزىل گۈللۈك بار بىر خىل تاش تېپىلدى. پىچاق دەستىسى، كەمەر قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىشلىتىشكە بولىدىغان ياخشى تاشتۇر. فەرغانە ۋىلايىتىدە مەنزىرە ۋە ھاۋا جەھەتتىن ئوشقا يېتىدىغان قەسەبە يوق.

مەرغىنان ــ ئەندىجاننىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى يەتتە يىغاچ كېلىدۇ. نېمەتكە باي ياخشى قەسەبىدۇر. ئانىرى ۋە ئۆرۈكى ئاجايىپ ياخشى بولىدۇ. دانە كەلان دەيدىغان بىر خىل ئانىرى باركى، شېرىنلىك ۋە چۈچۈكلۈكتە سەمنان ئانارلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. يەنە سۇبھانى دېيىلىدىغان بىر خىل ئۆرۈكى بولۇپ، ئۇكچىنى ئېلىپ، ئىچىگە مېغىزىنى سېلىپ قۇرۇتىدۇ، بەك لەززەتلىك بولىدۇ. ئوۋ قۇشى ياخشى. ئاق كىيىك يېقىنلا يەرلەردىن تېپىلىدۇ. ئاھالىسى سارت② بولۇپ،

---

① مىلادى 1496 ــ 1497 - يىللار ئارىلىقى.

② سارت ــ پارس تىلىدا سۆزلەشكۈچىلەر.

مۇشتچى ھەم ئۇرۇشقاق كېلىدۇ. ماۋەرائۇننەھردە مۇشتلىشىش مۇسابىقىسى كەڭ تارقالغان ئادەت بولۇپ، سەمەرقەند ۋە بۇخارادىكى داڭلىق مۇشتچىلارنىڭ كۆپچىلىكى مەرغىنانلىقتۇر. «ھىدايە» نىڭ يازغۇچىسى (شەيخ بۇرھانىددىن ئەلى) مەرغىناننىڭ رىشدان دېگەن يېزىسىدىندۇر.

ئىسفەرە ــ تاغ باغرىدا جايلاشقان قەسەبىدۇر. ئېقىن سۇلىرى، بۈك ـ باراقسان باغلىرى بار. مەرغىناننىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە بولۇپ، ئارىلىقى توققۇز يىغاچ كېلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلىرى ئىنتايىن كۆپ، بىراق تولىسى بادام دەرىخىدۇر. ئاھالىسى پۈتۈنلەي سارت ۋە تاغلىق خەلقتۇر. ئىسفەرەنىڭ بىر شەرئى ① جەنۇبىدىكى ئېدىرلار ئارىسىدا سەڭگى ئايىنە (ئەينەك تاش) دېيىلىدىغان بىر پارچە تاش بار، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئون قارى ② كېلىدۇ، ئېگىزلىكى ئادەم بويىچە، بەزى يەرلىرى ئادەمنىڭ بېلىگىچە كېلىدۇ. بۇ تاش خۇددى ئەينەكتەك بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئىسفەرە ۋىلايىتى ــ ئىسفەرە، ۋارۇخ، سۇخ ۋە ھوشيارلاردىن ئىبارەت تۆت بۆلۈك تاغنىڭ باغرىدا جايلاشقان. مۇھەممەد شەيبانىخان سۇلتان مەھمۇد ـ خان بىلەن ئالچە خاننى مەغلۇپ قىلىپ، تاشكەند بىلەن شاھرۇخىيەنى ئالغان مەزگىلدە مۇشۇ سۇخ، ھوشيار دېگەن تاغ ئېتەكلىرىگە كېلىپ بىر يىلغا يېقىن غۇربەتچىلىك تارتىپ كابۇلغا سەپەر قىلغانىدىم.

خوجەند ــ ئەندىجاننىڭ يىگىرمە بەش يىغاچ غەربىگە جايلاشقان قەسەبىدۇر. خۇجەند بىلەن سەمەرقەند ئارىلىقىمۇ يىگىرمە بەش يىغاچ كېلىدۇ. بۇ قەدىمىي شەھەرلەردىن بىرى. شەيخ مەسلىھەت ③ بىلەن خوجا كەمال خوجەندلىكتۇر. خوجەندنىڭ مېۋىسى ئىنتايىن ياخشى. ئانىرىنىڭ داڭقى بار: «سىيىبى سەمەرقەند، ئانارى خۇجەند (سەمەرقەندنىڭ ئالمىسى، خۇجەندنىڭ ئانىرى)» دېيىشىدۇ. لېكىن ھازىرقى كۈندە مەرغىناننىڭ ئانىرى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى. خۇجەندنىڭ قورغىنى بىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. سەيھۇن سۈيى قورغاننىڭ شىمال تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. دەريا بىلەن قورغاننىڭ ئارىلىقى بىر ئوق ئېتىمى كېلىدۇ. قورغان بىلەن دەريانىڭ شىمال تەرىپىدە مۇنۇغىل نامىلىق بىر تاغ بار. بۇ تاغدىن فىرۇزە قاتارلىق مەدەنلەرتېپىلارمىش. بۇ تاغدا يىلان بەك كۆپ. خۇجەندنىڭ ئوۋلاق ۋە قۇشلاقلىرى ناھايىتى ياخشى. ئاق كىيىك، بۇغا ـ مارال، قىرغاۋۇل، توشقان قاتارلىقلار ناھايىتى تولا. ئەمما ھاۋاسى ساپ ئەمەس، كۈز پەسلىدە بەزگەك كۆپ بولىدۇ. بۇ يەردە قۇشقاچمۇ بەزگەك بولىدۇ، دېگەن بىر گەپ بار. ھاۋاسىنىڭ بۇنداق ناچار بولۇشىغا شىمالىدىكى باغلار سەۋەب بولغان دېيىشىدۇ.

خۇجەند تەۋەسىدە كەندىبادام دەيدىغان بىر يەر بار. بۇ يەرنى قەسەبە دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئوبدان بىر قەسەبىچاق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە بادام بەك

① سەرئى ــ مۇساپە ئۆلچىمى. 3 كىلومېتىردىن كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن.

② قارى ــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بابۇر ئۇنى ئاللتە تۇتام دەپ ئىزاھلايدۇ.

③ بۇ ئىسىم «بابۇر نامە» نىڭ تاشكەنت نەشرىدە: «شەيخ مۇسلىھىددىن» دېيىلگەن.

بولىدۇ. شۇڭا بادام كەنتى دېگەن نامغا ئېرىشكەن. بۇ يەرنىڭ بادىمى ھورمۇز، ھىندىستانلارغا تارتىلىدۇ. بۇ يەر خۇجەندنىڭ بەش- ئالتە يىغاچ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان. خۇجەند بىلەن كەندىبادام ئارىلىقىدا «ھادەرۋىش» دېيىلىدىغان بىر چۆل بار. بۇ چۆلدە ھەمىشە شامال چىقىپ تۇرىدۇ. چۆلنىڭ شەرقىگە مەرغىنان، غەربىگە خۇجەند جايلاشقان بولۇپ، چۆلدە ئىككى تەرەپكە خۇسۇسەن چۆلنىڭ غەربىدە بولغان خۇجەندكە بۇ يەردىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە بۇ چۆلدە قاتتىق بوران چىقىپ كېتىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر نەچچە دەرۋىش مۇشۇ چۆلدە بوراندا قېلىپ، بىر- بىرىنى تاپالماي، «ھادەرۋىش، ھادەرۋىش» دەپ ۋارقىرىشىپ يۈرۈپ ھەممىسى ھالاك بولغانىمىش، شۇندىن بۇيان بۇ چۆل «ھا دەرۋىش» دەپ ئاتىلىپ قالغانىمىش.

ئاخسى — سەيھۇن سۈيىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قەسەبىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ يەرنى كىتابلاردا «ئاخسىكەت» دەپ يازىدۇ. مەسىلەن، شائىر ئەشىرىددىننى «ئەشىرىددىن ئاخسىكەتى» دەپ ئاتايدۇ. فەرغانىدە ئەندىجاندىن قالسا، ئەڭ چوڭ قەسەبە مۇشۇ بولۇپ، ئەندىجاننىڭ توققۇز يىغاچ غەربىگە جايلاشقان. ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ يەرنى پايتەخت قىلغانىدى. سەيھۇن سۈيى قورغاننىڭ ئاستىدىن ئاقىدۇ. قورغان ئېگىز يار ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، چوڭقۇر ھاڭلار خەندەك رولىنى ئوينايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ يەرنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن بىر ئىككى قېتىم بۇ ھاڭلارنىڭ سىرتىدىن يەنە ھاڭلارنى ياساتقانىدى. فەرغانىدە بۇنىڭدىن مۇستەھكەم قورغان يوق. مەھەللىلەر قورغاندىن بىر شەرئىي يىراقتا. «دېھ كۇجايۇ، دەرەختان كۇجا» (يېزا نەدەيۇ، دەرەخ نەدە) دېگەن سۆزنى ئاساسەن ئاخسى ئۈچۈن ئېيتقان بولسا كېرەك. ئاخسىنىڭ قوغۇنى ياخشى. مىرتېمۇرى دېيىلىدىغان بىر خىل قوغۇنى باركى، بۇنداق قوغۇن ئالەمدە يوق. ئەسلىدە بۇخارانىڭ قوغۇنى مەشھۇر. سەمەرقەندنى ئالغان ۋاقتىلىرىم ئىدى. بىر قېتىم ئاخسىدىن ۋە بۇخارادىن قوغۇن ئالدۇرۇپ بىر ئولتۇرۇشتا تىلدۇردۇم، ھېچقايسى ئاخسى قوغۇنىغا تەڭ چىقمىدى. ئوۋ قۇشى بەك ياخشى. سەيھۇن دەرياسىنىڭ ئاخسى تەرىپى چۆل بولۇپ، ئاق كىيىك بەك كۆپ بولىدۇ، ئەندىجان تەرىپى جاڭگال بولۇپ، بۇغا- مارال، قىرغاۋۇل، توشقان قاتارلىقلار كۆپ ھەم ناھايىتى سېمىز كېلىدۇ.

كاسان — ئاخسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، كىچىك بىر قەسەبىدۇر. خۇددى ئەندىجان سۈيى ئوشتىن كەلگىنىدەك، ئاخسى سۈيى كاساندىن كېلىدۇ. گۈزەل ۋە ھاۋالىق يەر. بۇك- باراقسان باغلىرى پۈتۈنلەي ساي بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن بۇ جاينى «پۇستىنى پىش بەررە» (ئالدى بېزەلگەن جۇۋا) دەپ ئاتاشقان. ئوش بىلەن كاسان ئاھالىسى ئۆز يېرىنىڭ مەنزىرىسى ۋە ھاۋاسى بىلەن مەغرۇرلىنىدۇ.

فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردا ياخشى يايلاقلار بار. باشقا يەرلەردىن تېپىلمايدىغان تىۋىلغا ياغىچى مۇشۇ تاغلاردا بار. تىۋىلغا پوستى قىزىل بىر خىل ياغاچ بولۇپ، ھاسا، قامچا دەستىسى، قەپەز قاتارلىق نەرسىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، تىلىپ ئوق قىلىنىدۇ. ياخشى ياغاچ بولغىنى ئۈچۈن ئەتىۋارلىنىپ يىراق يەرلەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ. بەزى كىتابلاردا يەبرۇجۇسسەنەم① نىڭ بۇ تاغلاردا بارلىقى يېزىلغان. بىراق

① يەبرۇجۇسسەنەم — ئادەمگىيا.

بۇ مەزگىللەردە ئۇنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خەۋەر بولمىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «يەتتە كەنت» نىڭ تاغلىرىدىن شۇ يەرلىكلەر ئېيىق ئوتى دەپ ئاتايدىغان مېھرىگىيا سۈپەتلىك بىر خىل گىياھ چىقىدىكەن. ئۇ بەلكىم مېھرىگىياھنىڭ ئۆزى بولۇپ، شۇ يەرلىكلەر شۇنداق ئاتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تاغلاردا فىرۇزە ۋە تۆمۈر كانلىرى بار. ئادىلىلىق بىلەن باشقۇرغاندا، فەرغانە ۋىلايىتىنىڭ دارامىتى بىلەن ئۈچ-تۆت مىڭ نۆۋكەرنى بېقىشقا بولىدۇ. ئۆمەر شەيخ مىرزا ھىممىتى يۇقىرى، غايىسى زور پادىشاھ بولغىنى ئۈچۈن، ھەمىشە مەملىكىتىنى كېڭەيتىشنىڭ كويىدا بولاتتى. بىرنەچچە قېتىم سەمەرقەند ئۈستىگە چېرىك تارتىپ، بەزىدە زەربە يېدى، بەزىدە مەقسىتىگە يېتەلمەي ياندى. قېيىن ئاتىسى يەنى مېنىڭ بوۋام يۇنۇسخان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي خان نەسلىدىن بولۇپ، شۇ مەزگىلدە چاغاتاي خاننىڭ يۇرتى ۋە موغۇل ئۇلۇسىنىڭ خانى ئىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بىر قانچە قېتىم ئۇنى چىللاپ ئېلىپ كەلدى ۋە ھەر كەلگىنىدە ئۇنىڭغا ۋىلايەتلەر بېرەتتى. بىراق، ئىش ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ مۇددىئاسىدەك بولمايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا گاھى ئۆزىنىڭ ناچار ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن، گاھى موغۇل ئۇلۇسىنىڭ قارشىلىششى سەۋەبىدىن ۋىلايىتىدە تۇرالماي، يەنە موغۇلىستانغا چىقاتتى، خاننى ئاخىرقى نۆۋەت چىللاپ ئېلىپ كەلگەندە، ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز ئىدارىسى ئاستىدىكى تاشكەنت ۋىلايىتىنى ئۇنىڭغا بەردى. تاشكەنتنى كىتابلاردا «شاش» دەپ يازىدۇ، بەزىدە «چاچ» دەپمۇ يازىدۇ، «كەمانى چاچى» (چاچ ياسى) ئەنە شۇ سۆزدىن كەلگەن. شۇ چاغدىن 908 - يىلغىچە ① تاشكەنت ۋە شاھرۇخىيە ۋىلايىتى چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئىدارىسىدە بولۇپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە موغۇل ئۇلۇسىنىڭ خانلىقى يۇنۇس خاننىڭ چوڭ ئوغلى، مېنىڭ تاغام سۇلتان مەھمۇدخاندا ئىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئاغىسى، سەمەرقەند پادىشاھى سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن موغۇل ئۇلۇسىنىڭ خانى سۇلتان مەھمۇد خان ئۆمەرشەيخ مىرزىنىڭ ناچار ھەرىكەتلىرىدىن رەنجىگەنلىكى ئۈچۈن، بىر-بىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، سۇلتان مەھمۇدخاننى ئۆزىگە كويىئوغۇل قىلدى ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان تارىختا خوجەند سۈيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا، شىمال تەرىپىدىن سۇلتان مەھمۇدخان ئۆمەر شەيخ مىرزىغا قارشى چېرىك تارتتى. شۇ ئەسنادا ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەردى: يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئاخسى قورغىنى ئېگىز يار ئۈستىدە بولۇپ، ئىمارەتلىرى ھاڭ ياقىسىدا ئىدى. مۇشۇ تارىختا، رەمىزان ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئۆمەر شەيخ مىرزا ھاڭ ئۈستىدىن كەپتەر ۋە كەپتەرخانا بىلەن بىللە ئۇچۇپ شۇڭقار بولدى②. بۇ چاغدا ئۇ ئوتتۇز توققۇز ياشتا ئىدى.

تۇغۇلۇشى ۋە نەسەبى: ئۆمەر شەيخ مىرزا 860 - يىلى ③ سەمەرقەندتە تۇغۇلغان.

---

① مىلادى 1503 - يىل.

② شۇڭقار بولدى — ئۆلدى مەنىسىدە.

③ مىلادى 1456 - يىلى.

ئۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ سۇلتان ئەھمەد مىرزا، سۇلتان مۇھەممەد مىرزا، سۇلتان مەھمۇد مىرزىدىن كىچىك تۆتىنچى ئوغلى ئىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا سۇلتان مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى. سۇلتان مۇھەممەد مىرزا مىرانشاھ مىرزىنىڭ ئوغلى ئىدى، مىرانشاھ مىرزا تېمۇر بەگنىڭ ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن جاھانگىر مىرزىدىن كىچىك، شاھرۇخ مىرزىدىن چوڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىدى. سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئاۋۋال ئۆمەر شەيخ مىرزىغا كابۇلنى بېرىپ، بابا كابۇلىنى بەگ ئەتكە ① قىلىپ ماڭدۇرغانىكەن. كېيىن مىرزىلارنىڭ سۈننەت تويى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنى دەرەئى گەزدىن سەمەرقەندكە چاقىرتىپ، تويدىن كېيىن ئۇنىڭغا تېمۇر بەگنىڭ چوڭ ئۆمەر شەيخ مىرزىغا فەرغانە ۋىلايىتىنى بەرگەنلىكىگە تەقلىدەن ئەندىجان ۋىلايىتىنى بېرىپ، خۇدا بەردى تۇغچى تىمۇر تاشنى بەگ ئەتكە قىلىپ ماڭدۇرغانىكەن.

چىراي - تۇرقى: ئۆمەر شەيخ مىرزا پاكار بويلۇق، چۆرىلىمە ساقاللىق، تۇرك يۈزلۈك تەمبەل كىشى ئىدى. تونىنى ئىنتايىن تار كىيەتتى. بەلباغ باغلاتقاندا، قورسىقىنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپ، بەلباغ باغلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى قويۇۋەتسە، تولا چاغلاردا بەلباغ ئۈزۈلۈپ كېتەتتى. كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - ئىچمەكتە بىتەكەللۇپ ئىدى. سەللىسىنى دەستارپىچ ② ئوراپ قوياتتى. ئۇ زاماندا سەللە تامامەن تۆت ئورام بولاتتى، ھەم ئاددىلا ئورۇلۇپ ئالاقە قويۇلاتتى. يازدا دىۋان سىرتىدا موغۇلچە بۆك كىيەتتى.

ئەخلاقى ۋە يۈرۈش - تۇرۇشى: ئۆمەر شەيخ مىرزا ھەنەفى مەزھىپىگە كىرگەن پاكىز ئېتىقادلىق كىشى ئىدى. بەش نامازنى تەرك قىلمايتتى. ئۆمرى قازالىرىنى تاماملىغانىدى. ئۇ كۆپ ۋاقىتلاردا تىلاۋەت قىلاتتى. ھەزرىتى خوجا ئابدۇللاغا ئىخلاسى بار ئىدى ۋە ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىگە ناھايىتى كۆپ قاتناشقانىدى. ھەزرىتى خوجىمۇ ئۇنى پەرزەنت دەپ ئاتايتتى. ئوبدانلا ساۋادى بار ئىدى. خەمسە تەيىن، مەسنەۋى ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى، بولۇپمۇ «شەھنامە»نى كۆپ ئوقۇيتتى. نەزم ئىستېدادى بار ئىدى، بىراق شېئىرغا قىزىقمايتتى. ئۇ تولىمۇ ئادىل ئادەم ئىدى. بىر يىلى خىتاي كارۋانلىرى كېلىدىغان چاغدا، ئەندىجاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغلارنىڭ ئېتىكىدە مىڭ كىشىلىك كارۋاننى قار شۇنداق باستىكى، ئاران ئىككى ئادەم قۇتۇلۇپ چىقتى، مىرزا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ، كارۋاننىڭ ھەممە مېلىنى ئالدۇرۇپ كەلدى. ۋە شۇ چاغدا مالغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلارنىڭ يوقلۇقىغا ھەم ئۆزىنىڭ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىگە قارىماي، بۇ ماللارنى ساقلاپ قويۇپ، بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن سەمەرقەند ۋە خۇراساندىن ۋارىسلىرىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ماللارنى تولۇق تاپشۇرۇپ بەردى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئىنتايىن سېخى ئىدى ۋە خۇلقىمۇ سېخىلىقىغا يارىشا ئىدى. خۇش خۇي ۋە شېرىن سۆز كىشى ئىدى، شۇنىڭدەك جەسۇر ۋە

① بەگ ئەتكە — تەربىيەچى بەگ

② دەستارپىچ — ھۆكۈمدارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىگە مەسئۇل بەگ

www.uyghurkitap.com

مەردانە ئىدى، ئاخىسى ۋە شاھرۇخىيە دەرۋازىلىرىدا بولغان ئىككى قېتىملىق جەڭدە
ھەممە يىگىتلەردىن ئۈزۈپ قىلىچۋازلىق قىلغاندى. ئوقنى قەدىر ئەھۋال ئاتاتتى.
مۇشتۇمى قاتتىق ئىدى، يىگىتلىردىن ئۇنىڭ مۇشتى بىلەن يىقىلمىغىنى يوق ئىدى.
يۇرت ئېلىش ھېرىسلىقى سەۋەبىدىن بەزىدە سۇلھىلەر ئۇرۇشقا، دوستلۇقلار دۇشمەنلىككە
ئايلىناتتى. بۇرۇنلاردا ئۇ بەك ئىچەتتى، كېيىن ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم ئولتۇرۇش
قىلىدىغان بولدى. خۇش سۆھبەت ئادەم ئىدى. مۆرىتى كەلسە خېلى چىرايلىق شېئىر -
لارنى ئوقۇپ قوياتتى. كېيىنچە، مەجۇنگە بەك بېرىلىپ كەتتى. مەجۇننى ئەس -
ھوشىنى يوقىتىپ قويغىچە يەيتتى. جىمغۇر بولغىنى بىلەن ئويۇن -
تاماشىسىمۇ كۆپ ئىدى. ھەمىشە نەرد ① ئوينايتتى. بەزىدە قىمارمۇ ئوينايتتى.

مەيدان جەڭلىرى: ئۇ ئۈچ قېتىم مەيدان جېڭى قىلدى. بىرىنچى قېتىم ئەند -
جاننىڭ شىمال تەرىپىدە، سەيھۇن دەرياسىنىڭ ياقىسىدىكى تېپكە سەكرەتكۇ دېگەن
يەردە يۇنۇسخان بىلەن ئۇرۇشتى. دەريانىڭ بۇ جايى تاغ باغرىدا بولۇپ، ئىنتايىن
تاردۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردىن بىر تېپكە سەكرەپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن ۋە
شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن. بۇقېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆمەر شەيخ مىرزا
مەغلۇپ بولۇپ قولغا چۈشكەندى، ئەمما يۇنۇسخان ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ ۋىلايىتىگە
قايتۇردى. بۇ ئۇرۇش مۇشۇ جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، «تېپكە سەكرەتكۇ ئۇرۇشى» دې -
گەن نام بىلەن بۇ ۋىلايەتتە بىر تارىخ بولۇپ قالغان. ئىككىنچى قېتىم تۈركىستاندا
ئەرس سۈيى ياقىسىدا سەمەرقەند تەۋەسىدىكى خەلقلەرنى قىرغىن قىلىۋاتقان ئۆزبېك -
لەر بىلەن ئۇرۇشتى. بۇ قېتىم ئەرس سۈيىدىن مۇز ئارقىلىق ئۆتۈپ ئۇلارغا تازا كېلىشتۈرۈپ
زەربە بەردى. ئەسىر ۋە ماللارنى ئايرىپ ھەممىسىنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى.
ئۆزى ھېچنەرسە تەمە قىلمىدى. ئۈچىنچى قېتىم شاھرۇخىيە بىلەن ئۇراتىپە ئارىسى -
دىكى خاس دېگەن يېزىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى.

ۋىلايىتى: ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا فەرغانە ۋىلايىتىنى بەرگەنىدى. بىر
مەزگىل تاشكەنت بىلەن سەيرامىمۇ مىرزىنىڭ قولىدا بولدى. بۇ يەرلەرنى ئۇنىڭغا ئاغىسى
سۇلتان ئەھمەد مىرزا بەرگەنىدى. شاھرۇخىيەنى ھىيلە بىلەن ئېلىپ بىر مەزگىل ھۆكۈم -
رانلىق قىلدى. كېيىنكى چاغلاردا تاشكەنت بىلەن شاھرۇخىيە قولدىن كېتىپ، فەرغانە
ۋىلايىتى قالغانىدى. يەنە خوجەند بىلەن ئەسلى نامى ئۇسرۇشنە ياكى ئۇسرۇش دەپ
ئاتىلىدىغان ئۇراتىپەمۇ مىرزىغا قارايتتى. خوجەند بەزىدە فەرغانە تەۋەسىگە كىرگۈزۈل -
مەيدۇ. سۇلتان ئەھمەد مىرزا موغۇللارغا قارشى تاشكەنتكە چېرىك تارتىپ، چىر
سۈيى ياقىسىدا مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا ئۇراتىپىدە ھاپىز بەگ دولداي تۇرغان بو -
لۇپ، بۇ يەرلەرنى شۇ ئادەم بەرگەنىدى ۋە شۇندىن بۇيان ئۇسرۇشنە ئۆمەر شەيخ
مىرزىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەنىدى.

ئەۋلادى: ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن ئۈچ ئوغۇل، بەش قىز قالغانىدى. ئوغۇللارنىڭ

---

① نەرد — ئونبەش ئۇرۇق بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل قاتار ئويۇنى.

چوڭى مەن ــ زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر ئىدىم. ئانام قۇتلۇق نىگارخانىم ئىدى. يەنە بىر ئوغۇل جاھانگىر مىرزا بولۇپ، مەندىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. ئانىسى موغۇللارنىڭ تۇمەن بەگلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى فاتىمە سۇلتان ئىدى. يەنە بىر ئوغۇل ناسىر مىرزا ئىدى، ئۇ مەندىن تۆت ياش كىچىك ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئەندىجانلىق بولۇپ، ئىسمى ئۇمىد، ئەسلى غۇنچىچى ① ئىدى، قىزلارنىڭ چوڭى خانزادە بېگىم ئىدى، ئۇ مەن بىلەن بىر قورساق بولۇپ، مەندىن بەش ياش چوڭ ئىدى. مەن سەمەرقەندنى ئىككىنچى قېتىم ئالغاندا، سەرپۇلدا مەغلۇپ بولۇپ كېلىپ بەش ئاي قورغان مۇداپىئەسىدە تۇردۇم. ئەتراپتىكى پادىشاھ ۋە بەگلەردىن ھېچقانداق ياردەم بولمىغاندىن كېيىن، مەيۇسلىنىپ قورغاننى تاشلاپ چىقتىم. شۇ چاغدا خانزادە بېگىم مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭدىن خۇررەمشاھ ئاتلىق بىر ئوغۇل بولغانىدى. بۇ بالا كېلىشكەن ئادەم بولدى. كېيىن ئۇنىڭغا بەلىخ ۋىلايىتى بېرىلگەنىدى. ئاتىسى ئۆلۈپ بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇمۇ تەڭرى رەھمىتىگە باردى. شاھ ئىسمائىل ئۆزبېكلەرنى مەرۋدە مەغلۇپ قىلغاندا، خانزادە بېگىم مەرۋدە ئىدى. مېنىڭ مۇناسىۋىتىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئوبدان ئۇزىتىپ قويۇشتى. ئاندىن ئۇ قۇندۇزغا كېلىپ ماڭا قوشۇلدى. كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئون يىل بولغانىدى، مەن ۋە مۇھەممەد كوكۇلداش ئىككىمىز بىللە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. بېگىم ۋە بېگىمنىڭ يېنىدىكىلەر مېنى دەسلەپ تونۇماي، بىرمۇنچە ۋاقىتتىن كېيىن تونۇدى. قىزلارنىڭ ئىككىنچىسى مېھربانۇ بېگىم ئىدى، ئۇ ناسىر مىرزا بىلەن بىر قورساق بولۇپ، مەندىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. قىزلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەھەربانۇ بېگىم ئىدى، ئۇمۇ ناسىر مىرزا بىلەن بىر قورساق بولۇپ، مەندىن سەككىز ياش كىچىك ئىدى. قىزلارنىڭ تۆتىنچىسى يادىكار سۇلتان بېگىم بولۇپ، ئانىسى ئاغا سۇلتان ئاتلىق غۇنچىچى ئىدى؛ قىزلارنىڭ بەشىنچىسى رۇقىيە سۇلتان بېگىم ئىدى، ئانىسى مەخدۇم سۇلتان بېگىم بولۇپ، ئۇنى قارا كۆز بېگىم دەپ ئاتىشاتتى. ئاخىرقى ئىككى قىز مىرزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇغۇلغانىدى. يادىكار سۇلتان بېگىمنى مېنىڭ مومام ئىسەن دەۋلەت بېگىم باققانىدى. شەيبانىخان ئەندىجان بىلەن ئاخسىنى ئالغان چاغلاردا، يادىكار سۇلتان بېگىم ھەمزە سۇلتاننىڭ ئابدۇللەتىف سۇلتان ئاتلىق ئوغلىغا ياتلىق قىلىنغانىدى، مەن ھەمزە سۇلتان باشلىق سۇلتانلارنى خوتلان ۋىلايىتىدە مەغلۇپ قىلىپ ھىسارنى ئالغان ۋاقتىمدا يادىكار سۇلتان ماڭا قوشۇلدى. مۇشۇ ئۆزگىرىش مەزگىلىدە رۇقىيە سۇلتان بېگىم جانىبەگ سۇلتانغا ياتلىق بولۇپ، بىر ـ ئىككى ئوغۇل كۆرگەنىدى، ئەمما باللىرى تۇرمىدى، يېقىندا ئۆزىنىڭمۇ تەڭرى رەھمىتىگە بارغانلىقىدىن خەۋەر كەلدى.

خوتۇنلىرى: قۇتلۇق نىگارخانىم ــ يۇنۇسخاننىڭ ئىككىنچى قىزى بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن سۇلتان ئەھمەد خاننىڭ ئىگىچىسى ئىدى. يۇنۇسخان چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايخان نەسلىدىندۇر. يۇنۇسخاننىڭ ئاتىسى ۋەيىسخان، ئۇنىڭ ئاتىسى

---

① غۇنچىچى ــ دېدەك خوتۇن.

شىرئەلى ئوغلان، ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەدخان، ئۇنىڭ ئاتىسى خىزىر خوجاخان، ئۇنىڭ
ئاتىسى تۇغلۇق تېمۇرخان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئېسەن بۇغا خان، ئۇنىڭ ئاتىسى دۇۋاخان،
ئۇنىڭ ئاتىسى بەراق خان، ئۇنىڭ ئاتىسى يىسۇن تەۋا، ئۇنىڭ ئاتىسى مەۋاتوگەن، ئۇنىڭ
ئاتىسى چاغاتايخان، ئۇنىڭ ئاتىسى چىڭگىزخان ئىدى. نۆۋەتتە كەلگىنى ئۈچۈن، خانلارنىڭ
ئەھۋالىنىمۇ قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتەيلى. يۇنۇسخان بىلەن ئېسەن بۇغاخان ۋەيسخان-
نىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. يۇنۇسخاننىڭ ئانىسى تۈركىستانلىق قىپچاق بەگلىرىدىن تېمۇر
بەگنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن شەيخ نۇرىددىن بەگنىڭ قىزى ياكى نەۋرىسى ئىدى. ۋەيسخاننىڭ
ۋاپاتىدىن كېيىن موغۇل ئۇلۇسى ئىككى پىرقىغا بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى يۇنۇسخان تەرەپ، كۆپرەك
قىسمى ئېسەن بۇغاخان تەرەپ بولدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق، ئۇلۇغبەگ مىرزا يۇنۇسخاننىڭ
ئىگىچىسىنى ئابدۇلئەزىز مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بارىن تۇمەن
بەگلىرىدىن ئىرزەنىي ۋە چىراس تۇمەن بەگلىرىدىن مىرەك تۈركمەن خاننى ئۈچ -
تۆت مىڭ ئۆيلۈك موغۇل ئۇلۇسى بىلەن ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى.
ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۇلۇغبەگ مىرزىدىن ياردەم ئېلىپ، پۈتۈن موغۇل ئۇلۇسىنى قايتا
ئېلىش ئىدى. لېكىن مىرزا ئىلتىپات قىلمىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەسىر قىلدى،
بەزىلىرىنى ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىرزەن ۋەيرانچىلىقى
موغۇل ئۇلۇسىدا بىر تارىخ بولۇپ قالدى. ئېسەن بۇغا خاننى ئىراق تەرىپىگە ئۆتكۈ-
زۋەتتى. خان ئۇياقىقا بېرىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق تەبرىزدە تۇردى. ئۇ
چاغدا تەبرىز پادىشاھى قارا قۇيلۇق جاھانشاھ بارانى ئىدى. خان ئۇ
يەردىن شىرازغا كەلدى. شىرازدا شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىبراھىم
سۇلتان مىرزا تۇراتتى. بەش - ئالتە ئايدىن كېيىن ئىبراھىم سۇلتان مىرزا ئۆلۈپ،
ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا مىرزا چىقتى. خان ئابدۇللا مىرزىغا نۆكەر بولۇپ، ئۇ-
نىڭ خىزمىتىنى قىلدى. خان ئون يەتتە - ئون سەككىز يىل شىرازدا ۋە شۇ تەرەپتى-
كى ۋىلايەتلەردە يۈردى. كېيىن ئۇلۇغبەك مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى
غەۋغالار ئوتتۇرىغا چىقتى. ئېسەن بۇغاخان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، فەرغانە ۋىلايىتى
كەندىبادامغىچە بېسىپ كىردى ۋە ئەندىجاننى ئىشغال قىلىپ ئاھالىسىنى پۈتۈنلەي ئەسىر-
گە ئالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا تەختكە چىقتى. ئۇ چېرىك
تارتىپ بېرىپ، ياشىنىڭ نېرىسىدىكى ئىسپەرەدە ۋە موغۇلىستاندا ئېسەن بۇغاخاننى ئېغىر
مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. ئېسەن بۇغاخاننىڭ پىتنىسىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، سۇلتان
ئەبۇ سەئىد مىرزاخاننىڭ بۇرۇن ئابدۇللەتىف مىرزا ئالغان ئىگىچىسىنى نىكاھىغا ئال-
دى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇنۇسخان ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئىراق ۋە خۇراساندىن قاي-
تۇرۇپ كېلىپ، توي - مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈپ، دوست بولۇشۇپ، يۇنۇسخاننى موغۇل ئۇلۇ-
سىغا خان قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ساغەرىچى تۇمەن بەگلىرى ئېسەن بۇغاخاندىن
يامانلاپ موغۇلىستانغا كەلگەنىدى، خان بۇلارنىڭ ئارىسىغا كەلدى. بۇ چاغدا ساغەرىچى
تۇمەن بەگلىرىنىڭ چوڭى شىرھاجىبەگ ئىدى، خان ئۇنىڭ قىزى ئېسەن دەۋلەت بې-
گىمنى ئالدى. موغۇل قائىدىسى بويىچە يۇنۇسخان بىلەن ئېسەن دەۋلەت بېگىمنى بىر-

ئاق كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ خانلىق ئېلان قىلىدى. خان بۇ ئىسەن دەۋلەت بېگىمدىن ئۈچ قىز كۆردى، چوڭى مېھرنىگار خانىم بولۇپ، ئۇنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئېلىپ بەرگەنىدى، مىرزىدىن پەرزەنت كۆرمىدى. كېيىنكى ئۆزگىرىشلەردە مېھرنىگارخانىم شەيبانىخاننىڭ قولىغا چۈشكەنىدى، مەن كابۇلغا كەلگەندە، شاھ بېگىم بىلەن بىللە سەمەرقەندتىن خۇراسانغا كېلىپ، خۇراساندىن كابۇلغا كەلدى. شەيبانىخان قەندىھاردا ناسىر مىرزىنى قورشىغاندا، مەن لەمغانغا سەپەر قىلدىم. خان مىرزا، شاھ بېگىم ۋە مېھرنىگارخانىملارمۇ بىللە بەدەخشانغا باردى. مىرزا خاننى مۇبارەك شاھ قەلئەئى زەپەرگە چاقىرغاندا، ئەبابەكرى كاشغەرىنىڭ چاپقۇنىغا يولۇقۇپ، شاھ بېگىم بىلەن مېھرنىگارخانىم ھەمراھلىرىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشتى ۋە شۇ زالىمنىڭ ھەپسىسىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. خاننىڭ ئىككىنچى قىزى مېنىڭ ۋالىدەم قۇتلۇق نىگارخانىم ئىدى. كۆچمەنلىك ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە مەن بىلەن بىللە بولدى. مەن كابۇلنى ئېلىپ بەش ـ ئالتە ئايدىن كېيىن 911 ـ يىلى① تەڭرى رەھمىتىگە باردى. خاننىڭ ئۈچىنچى قىزى خۇبنىگار خانىم ئىدى. ئۇ مۇھەممەد ھۆسەيىن كوراگان دوغلاتقا ياتلىق قىلىنىپ بىر قىز، بىر ئوغلى بولغانىدى. قىزىنى ئۇبەيد خان ئالغانىدى. مەن بۇخارا ۋە سەمەرقەندنى ئالغاندا، ئۇلار شۇ يەردە قالغانىدى. سۇلتان سەئىدخاندىن ئۇنىڭ كىچىك ئاتىسى سەيىد مۇھەممەد مىرزا ماڭا ئەلچى بولۇپ سەمەرقەندكە كەلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەن، كېيىن سۇلتان سەئىد خان ئالدى. خۇبنىگارخانىمنىڭ ئوغلى ھەيدەر مىرزا ئىدى. ئاتىسىنى ئۆزبېكلەر ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، ئۈچ ـ تۆت يىل خىزمىتىمدە بولدى، كېيىن ئىجازەت سوراپ كاشغەرگە خان قېشىغا كەتتى.

باز گەردەد بەئەسلى خۇد ھەمە چىز،
زەرى سافىيۇ نۇقرەۋۇ ئەر زىز.

(ھەر نەرسە، مەيلى ساپ ئالتۇن، مەيلى كۈمۈش، مەيلى قەلەي بولسۇن ئۆز ئەسلىگە قايتىدۇ).

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھازىر ھەيدەر مىرزا ئېسىنى تېپىپ، ياخشى يولغا مېڭىپتۇ. قولىدىن خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئوق ئېتىش قاتارلىق ھەممە ئىش كېلىدىكەن، شېئىرغىمۇ قابىلىيىتى بار. ئۇنىڭدىن ماڭا خەتمۇ كەلگەنىدى، ئۇنىڭ قەلىمىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن.

خاننىڭ يەنە بىر خوتۇنى شاھ بېگىم ئىدى. خاننىڭ باشقا خوتۇنلىرى بولسىمۇ، لېكىن پەرزەنتلىرى مۇشۇ ئىككى خوتۇنىدىن تۇغۇلغانىدى. شاھ بېگىم بەدەخشان شاھى سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قىزى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەدەخشان شاھلىرىنىڭ نەسەبى ئىسكەندەر فىلقۇسقا يېتەرمىش. بۇ شاھنىڭ يەنە بىر قىزى ـ شاھ بېگىمنىڭ ئىگىچىسىنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەبابەكىر مىرزا تۇغۇلغانىدى. خان بۇ شاھ بېگىمدىن ئىككى ئوغۇل ئىككى قىز كۆردى. بۇلارنىڭ چوڭى ۋە يۇقىرىدا

---

① مىلادى 1505 ـ يىل

ئېيتىلغان ئۈچ قىزدىن كىچىكى سۇلتان مەھمۇدخان بولۇپ، سەمەرقەند تەۋەسىدە ئۇنى خانىكەخان دەپمۇ ئاتايدۇ. سۇلتان مەھمۇدخاندىن كىچىكى سۇلتان ئەھمەدخان بولۇپ، ئالچە خان دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ «ئالچە» نامى بىلەن ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى مۇنداق: قالماق ۋە موغۇل تىلىدا «ئۆلتۈرگۈچى» نى «ئالاچى» دەيدۇ. قالماقلارنى بىرقانچە قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، نۇرغۇن كىشىنى قىرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى «ئالاچى» دەپ ئاتىغان، بۇ نام كېيىن ئۆزگىرىپ «ئالچە» بولۇپ قالغان. كىتابىتاخانلار توغرۇلۇق مۇناسىۋەتلىك يەرلەردە يەنە توختىلىمىز، ئۇلارنىڭ ئەھۋالاتى شۇ يەرلەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر.

سۇلتان نىگارخانىم باشقىلىرىدىن كىچىك ئىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇد مىرزىغا ياتلىق قىلىنىپ، سۇلتان ۋەيس ئاتلىق بىر ئوغۇل كۆردى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئۆز نۆۋىتىدە بايان قىلىنىدۇ. سۇلتان مەھمۇد مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن، سۇلتان نىگارخانىم ئوغلىنى ئېلىپ، ھېچكىمگە خەۋەر قىلماي تاشكەنتكە ئاغىلىرىنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئۇنى چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجى نەسلىدىن ۋە قازاق سۇلتانلىرىدىن بولغان ئەدىك سۇلتانغا ياتلىق قىلدى. شەيبانىخان خانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، تاشكەنت ۋە شاھرۇخىيەنى ئالغان چاغدا سۇلتان نىگارخانىم ئون ئىككى موغۇل نۆۋكىرى بىلەن قېچىپ ئەدىك سۇلتاننىڭ قېشىغا بارغانىدى. ئۇ ئەدىك سۇلتاندىن ئىككى قىز كۆردى، بىرىنى شەيبان سۇلتانلىرىغا، بىرىنى سۇلتان سەئىد خاننىڭ ئوغلى رەشىد سۇلتانغا بەردى. ئەدىك سۇلتاندىن كېيىن، ئۇنى قازاق ئۇلۇسىنىڭ خانى قاسىم خان ئالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قازاقنىڭ خان ۋە سۇلتانلىرى ئىچىدە ھېچكىم ئۇ ئۇلۇسنى قاسىم خاندەك ئىدارە قىلالمىغانىكەن. ئۇنىڭ چېرىكى ئۈچيۈز مىڭغا يەتكەنلىكى مۆلچەرلىنىدۇ. قاسىم خان ئۆلگەندىن كېيىن سۇلتان نىگارخانىم كاشغەرگە — سەئىدخاننىڭ قېشىغا كەلدى.

دەۋلەت سۇلتان خانىم ھەممىسىدىن كىچىك ئىدى، تاشكەنت ۋەيرانچىلىقىدا شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تېمۇر سۇلتاننىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۇنىڭدىن بىر قىز كۆردى. سەمەرقەندتىن مېنىڭ بىلەن بىللە چىققانىدى. ئۈچ - تۆت يىل بەدەخشان ۋىلايىتىدە تۇردى. ئاندىن كېيىن كاشغەرگە — سۇلتان سەئىدخاننىڭ قېشىغا باردى.

ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ خوتۇنلىرىدىن يەنە بىرى خوجا ھۈسەيىن بەگنىڭ قىزى ئۇلۇس ئاغا ئىدى. ئۇنىڭدىن بىر قىز كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىكىدىلا ئۆلۈپ كەتتى. بىر يىل، بىر يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ھەرەمدىن چىقىرىۋەتتى. يەنە بىر خوتۇنى خاتىمە سۇلتان ئاغا ئىدى. ئۇ موغۇل تۈمەن بەگلىرىدىن بولۇپ، مىرزا ھەممىدىن بۇرۇن شۇ خوتۇننى ئالغانىكەن. يەنە بىرى قارا كۆز بېگىم ئىدى. مىرزا ئۇنى كېيىن ئالغانىدى، ئىنتايىن سۆيۈملۈك ئىدى. مىرزىغا يېقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نەسەبىنى سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزىنىڭ ئاغىسى مەنۇ چېھر مىرزىغا يەتكۈزەتتى. مىرزىنىڭ غۇنچىچىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆمىد ئاغىچا بولۇپ مىرزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ

كەتكەندى. مىرزىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللەردە ئالغانلىرىدىن بىرى موغۇلدىن تۇن سۇلتان،
يەنە بىرى ئاغا سۇلتان ئىدى...

ئۆمەر شەيخ مىرزا ۋاپات بولغاندا، مەن ئەندىجاندىكى چارباغدا ئىدىم. بۇ خەۋەر
رامىزاننىڭ بەشى، سەيشەنبە كۈنى ئەندىجانغا يېتىپ كەلدى. مەن ئالاقزادە بولۇپ، يې-
نىمدا بار نۆكەرلەر بىلەن بىللە ئاتلىنىپ قورغانغا ماڭدىم. مىرزا دەرۋازىسىغا يېتىپ
بارغاندا، شىرىم تاغايى ئېتىمنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، مېنى نامازگاھ تەرەپكە ئېلىپ ماڭ-
دى. ئۇ سۇلتان ئەھمەد مىرزا چوڭ پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر ئۇ ئۇرغۇن چېرىك
بىلەن كېلىپ قالسا، بەگلەرنىڭ مېنى ۋە ۋىلايەتنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشىدىن ئەنسى-
رەپ، مېنى ئۆزگەند ئالاتاغ تەرەپكە ئېلىپ كەتمەكچى، ئەگەر ئۇلار ۋىلايەتنى سۇل-
تان ئەھمەد مىرزىغا بېرىۋەتسە، مېنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قولىغا چۈشۈرمەي،
تاغىلىرىم ئەلچاخان ياكى سۇلتان مەخمۇدخاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بارماقچى بولغانىكەن.
سۇلتان ئەخمەد قازىنىڭ ئوغلى ۋە شەيخ بۇرھانىدىن قىلىچنىڭ ئەۋلادى خوجا مەۋلانائى
قازى ــ ئانا تەرىپىدىن نەسەبى سۇلتان ئېلىگ مازىغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئائىلىلىرى (ئۇ ۋىلايەتتە
مۇپتى ۋە شەيخۇلئىسلام يوسۇنلۇق بولۇپ كەلگەن. ئۇلار توغرىسىدا تۆۋەندە زىكرى
قىلىنىدۇ.) ۋە قورغان ئىچىدىكى بەگلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئۆمەر مىرزىنىڭ
ئىشەنچلىك ئادىمى ۋە بىر قىزىنىڭ ئەتكەسى بولغان خوجا مۇھەممەد دەرزىنى قېشىمغا
ئەۋەتىپتۇ. ئۇ قېشىمدىكىلەرنى يۇقىرىقىدەك ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىپ، ناماز گاھقا
يېقىن قالغان چاغدا مېنى ئېلىپ ياندى. مەن كېلىپ ئەرككە چۈشتۈم. خوجا مەۋلانائى
قازى ۋە بەگلەر قېشىمغا كېلىپ، مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن، قورغاننىڭ بۇرج ۋە
سېپىللىرىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. مەرغىنان تەرەپلىرىگە ئەۋەتىلگەن ھەسەن ياقۇپ،
قاسىم قوچىن قاتارلىق بەگلەرمۇ بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ مۇلازىمەت
قىلدى ۋە ھەممە بىرلىكتە زور غەيرەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن قورغان مۇداپىئەسىگە
كىرىشىپ كەتتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇراتىپپە خوجەند ۋە مەرغىناننى ئالغاندىن كېيىن
ئەندىجاندىن تۆت ياغاچ يىراقلىقتىكى قەباغا كېلىپ چۈشتى. شۇ ئەسنادا ئەندجان
ئەرباپلىرىدىن دەرۋىش گاۋ دېگەن بىرى نامۇناسىپ سۆز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيى-
رۇلدى. بۇ ھەيۋە بىلەن ھەممە ئاھالە بېسىلدى. مەن خوجا قازى، ئۇزۇن ھەسەن ۋە
خوجا ھۇسەيىننى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، «بۇ ۋىلايەتكە مۇلازىم-
لاردىن ئەلۋەتتە بىر كىشى قويۇلغۇسىدۇر. مەن ھەم مۇلازىم ھەم پەرزەندىمەن. ئەگەر
بۇ ۋەزىپە ماڭا تاپشۇرۇلسا، ئىش تېخىمۇ ياخشى ۋە ئاسان ھەل بولغۇسىدۇر» دېگەن پىكى-
رىمنى بىلدۈردۈم. سۇلتان ئەھمەد مىرزا كەمسۆز، كەمتەر ۋە ئادىمگەرچىلىكى بار ئادەم
ئىدى. ھەرقانداق سۆز ۋە ئىشى بەگلىرىنىڭ قارارىدىن باشقىچە بولمايتتى. ئۇنىڭ بەگلىرى
مېنىڭ سۆزۈمگە پەرۋا قىلماي، قوپاللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، قورشاۋنى ئىچكىرىلەتتى.
تەڭرى تائالا ئۆزىنىڭ كامىل قۇدرىتى بىلەن ھەرقانداق ئىشىمنى ھەر ۋاقىت بىرەر

ئادەمنىڭ مەرھەمەتسىزمۇ ئۇلۇڭ كەلتۈرۈپ تۇردىكى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، بىمۇراد قايتىشتى. چۈنكى بىرىنچىدىن، قۇبا دەرياسىنىڭ لاتقىلىق قارا سۈيى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۆتۈشتە كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن چېرىك كېلىپ، كۆۋرۈككە تىقىلىپ قالدى، نۇرغۇن ئات، تۆگە سۇغا يىقىلىپ ئۆلدى. مۇندىن ئۈچ - تۆت يىل بۇرۇن ئۇلار چىر سۈيىدىن ئۆتۈشتىمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدى. چېرىكلەر شۇ ئەھۋالنى ئەسلەپ، ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ئىككىنچىدىن، شۇ كۈنلەردە ئەتراپتا ئات ۋاباسى تارقىلىپ، ئاتلار توپ - توپى بىلەن يىقىلىپ ئۆلۈشكە باشلىدى. ئۈچىنچىدىن، بىزنىڭ ئەسكەر ۋە پۇقرالار شۇنداق بىرلىك ۋە غەيرەتكە كەلدىكى، ئاخىرقى نەپىسى ۋە قۇۋۋىتىگىچە ئېلىششقا بەل باغلىدى. ئاخىر ئۇلار ئەندىجانغا بىر ياغاچ ئارىلىق قالغاندا دەرۋىش مۇھەممەد تارخاننى ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. بىز تەرەپتىن ھەسەن ياقۇپ چىقتى ۋە ئۇلار نامازگاھ يېنىدا ئۇچرىشىپ، سۈلھ تەرىقىسىدە بىر نەرسە قىلىپ قايتتى.

خوجەند سۈيىنىڭ شىمال تەرىپىدىن كېلىۋاتقان سۇلتان مەھمۇدخان ئاخسىنى مۇھاسىرە قىلدى. جاھانگىر مىرزا ۋە بەگلەردىن ئەلى دەرۋىش بەگ، مىرزا قۇلى كوكۇلداش، مۇھەممەت باقىر بەگ، ئىشىك ئاغىسى شەيخ ئابدۇللا ئاخسىدا ئىدى. ۋەيس لاغەرى بىلەن مىرغىياس تاغىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ئۇلار باشقا بەگلەردىن خاتىرجەم بولالماي، ۋەيس لاغەرىغا قاراشلىق بولغان كاسانغا كەتتى. ۋەيس لاغەرى ناسىر مىرزىنىڭ بەگ ئەتكەسى بولغانلىقتىن، ناسىر مىرزىمۇ كاساندا تۇراتتى. خان ئاخسى تەۋەسىگە يەتكەندە بۇ بەگلەر خان تەرەپكە ئۆتۈپ، كاساننى خانغا بەردى. مىرغىياس تاغا خان خىزمىتىدە بولدى. ۋەيس لاغەرى بولسا، ناسىر مىرزىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ مۇھەممەد مەزىد تارخانغا تاپشۇردى. خان ئاخسىغا يېقىن كېلىپ، بىر قانچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ئىش چىقىرالمىدى. ئاخسىدىكى بەگلەر بىلەن يىگىتلەر زور جاسارەت كۆرسەتتى. شۇ ئەسنادا سۇلتان مەھمۇدخان ئاغرىپ قالدى. ئۆزىمۇ ئۇرۇشتىن بىزار بولغانىدى. شۇڭا ۋىلايىتىگە قايتتى.

ئەبابەكرى دوغلات كاشغەرى ھېچكىمگە باش ئەگمەي، نەچچە يىللاردىن كاشغەر ۋە خوتەنگە ھاكىم بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ۋىلايەت ئېلىش تاماسى بىلەن ئۆزگەند تەۋەسىگە كېلىپ، قورغان قۇرۇپ، ۋىلايەتنى قالايمىقان قىلىشقا باشلىغانىدى. خوجا قازى باشلىق ھەممە بەگلەر كاشغەرىنى قوغلاپ چىقىرىشقا تەيىنلەندى. بۇلار يېقىنلاپ بارغاندا، كاشغەرى بۇ قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەسلىكىنى پەملەپ، خوجا قازىنى ئارىغا سېلىپ، مىڭبىر ھىيلە بىلەن قۇتۇلۇپ ياندى.

مۇشۇنداق چوڭ ۋەقەلەر يۈز بەرگەندە، ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن قالغان بەگلەر ۋە يىگىتلەر ھەممىگە چىداشلىق بېرىپ، جەسۇرلۇق كۆرسەتتى. مىرزىنىڭ ئانىسى سۇلتان بىگىم، جاھانگىر مىرزا، ھەرەمدىكىلەر ۋە بەگلەر ھەممىسى ئەندىجانغا يېتىپ كېلىشتى. ھازا ئېچىپ، مۇسىبەت رەسمىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، پېقىر - مىسكىنلەرگە ئاش - تائاملار تارتىلدى.

## ئەسلى تېكىست ترانسكرىپسىيەسىدىن پارچە

... بىر - ئىككى كۈندىن سوڭ ئەسفىدەك قورغانىدىن ۋەسمەند قورغانىغا كېلىلدى. باۋۇجۇدكىم، بىر قاتلە سەمەرقەند نەۋاھىسىغىچە بارىپ تۈيىدۇرۇپ كېلىپ ئىدۇك. يەنە تەگرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇشۇل خەيال بىلەن ۋەسمەندتىن نەمازى پىشىندىن سوڭ سەمەرقەند ئۈستىگە ئىلغادۇق. خوجە ئەبۇلمە كارىم ھەم ھەمراھ ئىدى. يارىم كېچە خىياۋانىنىڭ پۇلى مەغاقىغە يېتىپ، يەتمىش - سەكسەن ئۇبدان يىگىتلەرنى ئىلگەرى ئايىر- دۇككىم، غارى ئاشقان توغرىسىدىن شاتۇ قويۇپ چىقىپ كېلىپ، پىرۇزە دەرۋازەسىدا غىلارنىڭ ئۈستىگە تۇرۇپ، دەرۋازەنى ئېگەلەپ بىزگە كىشى يىپەرگەيلەر. بۇ يىگىتلەر بارىپ، غارى ئاشقان توغرىسىدىن شاتۇ قويۇپ چىقىپتۇرلار. ھېچكىم تۈيمايدۇر. ئاندىن پىرۇزە دەرۋازەسىغە كېلىپ، فازىل تارخان كىم، ئول بەگ تارخانلاردىن ئەمەس، تۈركىس- تانى سەۋداگەر تارخانلاردىن بولۇر، شەيبانىخانغە تۈركىستاندا خىزمەت قىلىپ، رىئايەت تاپىپ ئىدى، ئۈستىگە تۇرارلار، فازىل تارخانىنى بىر نەچچە نەۋكەرى بىلە چاپقۇلاپ ئۆلتۈرۈپ، دەرۋازەنىڭ قۇفلىنى بالتۇ بىلە چاپىپ، دەرۋازەنى ئاچتىلار.

ئۇشبۇ پۇرسەتتە مەن يەتكەن بىلە - ئوق پىرۇزە دەرۋازەسىدىن كىردىم. ئەبۇلقا- سىم كۆھبەر ئۆزى كەلمەيدۇر ئىدى. ئىنىسى ئەھمەد قاسىمنى ئوتتۇز - قىرىققىچە نەۋكەرى بىلە يىبەرىپ ئىدى، ئىبراھىم تارخانىنىڭ كىشىسى خۇد يوق ئىدى. شەھرغە كىرىپ، خانەقاھدا ئولتۇرغاندا، ئەخمەت تارخان ئاتلىق ئىنىسى بىر نەچچە نەۋكەرى بىلە كەلدى. شەھر ئېلى ھەنۇز ئۇيقۇدا ئىدىلەر. دۇكاندارلار دۇكانلارىدىن باقىپ تونۇپ، دۇئا قىلۇرلەر ئىدى. ئەندەك فۇرسەتتىن سوڭ شەھر ئېلى خەبەدار بولدىلەر. بىزنىڭ ئەلگە ۋە شەھر ئېلىگە غەرب بەشاشەت ۋە نەشا ئىدى. تەلبە ئىتلاردەك ئۆزبېك- لەرنى كوچا سائىللاردا تاش بىلە، تاياق بىلە ئۆلتۈردىلەر. تەخمىنەن تۆت - بەش يۈز ئۆزبېكنى ئۇشبۇ دەستۇر بىلە ئۆلتۈردىلەر ئېركىن.

شەھر دارۇغەسى جانۋەفا خوجە يەھيانىڭ ئۆيلەرىدە ئىدى، قاچىپ چىقىپ شەيباقخان قاشىغە باردى. دەرۋازەدىن كىرىپ، مەدرەسە ۋە خانە قاھ سارى - ئوق يۈرۈدۇم. كېلىپ خانەقاھنىڭ تاقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. تاڭ ئاتقۇنچە تۇش - تۇشتىن سۈرەن ئىدى ۋە غەۋغا ئىدى. بەئىزى خەبەردار بولغان ئەرباپ ۋە دۇكاندارلار كېلىپ، نەشا ۋە بەشاشەتلەر بىلە كۆرۈپ، مەھازىر كەلتۈرۈپ، دۇئا قىلدىلار.

تاڭ ئاتقاندىن سوڭ خەبەر كەلدىكىم، ئاھەنىن دەرۋازەسىدە ئىككى دەرۋازەنىڭ ئاراسىنى ئۆزبېكلەر بېرىكتىپ ئۇرۇشادۇرلەر. فىلھال ئاتلانىپ، ئاھەنىن دەرۋازەسىغە مۇتەۋەججىھ بولدۇم. مېنىڭ بىلە ئون، ئونبەش - يىگىرمە كىشى بولغاي ئىدى. ئەل قەل- لاش، ياڭى شەھر ئېلىگىكە تۇشۇپتۇر، ھەر كىم كۇنجكاۋلىقتا بىر گۇشەدە مەشغۇل. مەن يەتكۈنچە ئاھەنىن دەرۋازەسىدىن ئۆزبېكلەرنى چىقارىپتۇرلەر. شەيباقخان بۇ خەبەر- نى تاپىپ، ئىزتىراپ بىلە ئافتاپ چىققاندا يۈز - يۈز ئەللىك كىشى بىلە ئاھەنىن دەر- ۋازەسىغە يېتىپ كەلدى. غەرب قابۇدا كېلىپ ئىدى، ۋەلى مېنىڭ بىلە كىشى كۆپ ئاز ئىدى. نېچۈككىم مەزكۇر بولدى. شەيباقخان كۆردىكىم، ھېچ ئىش قىلا ئالماس، بات - ئوق ياندى.

ئاندىن يانىپ كېلىپ، ئەركتە بوستانسەراغە تۈشتۈم. ئەكابىر ۋە ئەشرەف ۋە شەھر ئۇلۇغلارى مېنى كېلىپ كۆرۈپ، مۇبارەكبادلىغلار قىلدىلار. يۈز قىرىق يىلغە ياۋۇق سەمەرقەند

قەند پايتەختى بىزنىڭ خانەۋادەدە ئىدى. قانداغى يات ياغى ئۆزبېك كېلىپ، مۇتەسەررىف بولۇپ ئىدى. ئېلىكىدىن كەتكەن مۇلكىنى يەنە تەگرى بەردى. غارەت ۋە تاراج يەتكەن ۋىلايەت تەسەررۇفۇمىزغە كىردى.

سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ھەم ھىرىنى ئۇشبۇ يوسۇنلۇق غافىللىقتا ئالىپتۇر. ۋەلې ئىش بىلۇر كىشى ئالدىدا رەۋشەن ۋە ئىنسافلىق ئەل قاشىدا مۇبەييەندۇركىم، بۇ ئالىش بىلە ئۇ ئالىش ئاراسىدا فەرق باردۇر. ئەۋۋەل بۇ كىم، سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا كۆپ ئىشلار كۆرگەن بىسسيار تەجرىبىلەر كەچۈرگەن ئۇلۇغ ياشلىق پادىشاھ ئىدى. ئىككىنچى بۇ كىم، غەنىمى يادىكار مۇھەممەت ناسىر مىرزا ئىدى، ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلىق كىشى، بىتەجرىبە ئوغلان ئىدى. ئۈچىنچى بۇ كىم، غەنىمنىڭ ئىچىدىن كەيفىيات ۋە ھالاتنى بىلگەن كىشى ــ مىرئەلى مىراخور مىرزاغا كىشىلەر يىبەرىپ، غافىللىقتا غەنىم ئۈستىگە كەلتۈردى. تۆتىنچى بۇ كىم، غەنىمنى قورغاندا ئەمەس ئىدى، باغى زاغاندا ئىدى. سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا ئالغان مەھەلدە، يادىكار مۇھەممەد مىرزا ۋە تەۋابىئى ئانداق ئىچكۈلۈككە تۈشكەن ئىكەندۇرلەركىم، ئول كېچە يادىكار مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئىشىكىدە ئۈچ كىشى ئىكەندۇر، ئالار ھەم مەست. بەشىنچى بۇ كىم، ئول مەرتەبە غافىللىقتە ــ ئوق كەلدى ۋە ئالدى.

مەن سەمەرقەندنى ئالغاندا ئون توققۇز ياشتا ئىدىم. نە كۆپ ئىش كۆرۈپ ئىدىم، نە تەجرىبە بولۇپ ئىدى. ئىككىنچى بۇكىم، مېنىڭ غەنىمىم شەيباقخاندەك پۇر تەجرىبە ۋە كۆپ ئىش كۆرگەن ۋە ئۇلۇغ ياشلىق كىشى ئىدى. ئۈچىنچى بۇكىم، بىزگە سەمەرقەنددىن ھېچ كىشى كەلمەيدۇر ئىدى، ئەگەرچە شەھر ئېلى ماڭا كۆڭۈللۈك ئىدى، ۋەلى شەيباقخانىنىڭ قورقۇنچىدىن ھېچ كىشى بۇ خەيەلنى قىلالماس ئىدى. تۆتىنچى بۇكىم، مېنىڭ غەنىمىم قورغاندا ئىدى ھەم قورغاننى ئالىلدى ھەم غەنىمنى قاچۇرۇلدى. بەشىنچى بۇ كىم، بىر مەرتەبە سەمەرقەند قەسدىغە كېلىپ، غەنىمغە تۇيدۇرۇپ، ئىككىنچى مەرتەبە كەلگەندە تەگرى راست كەلتۈردى، سەمەرقەند فەتھ بولدى.

بۇ دېگەنلەردىن غەرەز ئەلگە سەگگى كەم ھەم ئۇرماق ئەمەس، بەيانى ۋاقىئى بۇ ئىدىكىم، مەزكۇر بولدى؛ بۇ بىتىلگەنلەردىن مەقسۇد ئۆزىنى ئارتتۇرماق ئەمەس، راستى بۇ ئىدىكىم، مەستۇر بولدى...

مېنىڭ ۋالىدەلەرىم ۋە كۆچ ۋە ئۇرۇقلارىم مەن ئەندىجاندىن چىققاندىن سوڭرا يۈز تەشۋىش ۋە مۇشەققەتلەر بىلە ئۇراتىپە كېلىپ ئىدىلەر. كىشى يىبەرىپ سەمەرقەندغە كەلتۈردۈك. ئوشۇل نېچە كۈندە سۇلتان ئەخمەت مىرزانىڭ قىزى ئائىشە سۇلتان بېگىمدىنكىم ئەۋۋەل مېنىڭ ئەقدى نىكاھىمغە كىرگەن بۇ ئىدى، بىر قىز بولدى، فەخرۇننىساغە مەۋسۇم بولدى. مېنىڭ تۇن فەرزەندىم بۇ ئىدى. ئول تارىخدا مەن ئون توققۇز ياشتە ئىدىم. ئوشۇل بىر ئاي ـ قىرىق كۈندە ـ ئوق تەگرى رەھمەتىغە باردى.

سەمەرقەند فەتھىدىن سوڭ كەررات ۋە مەررات ئەتراف ۋە جەۋانىبداغى خەۋانىن ۋە سەلاتىن ۋە ئۇمەرا ۋە سەرھەدنىشىنلارغە ئىستىمداد ۋە ئىستىئانەت ئۈچۈن مۇتەۋاتىر ۋە مۇتەئاقىب ئەلچىلەر ۋە تەۋاچىلار باردىلار ۋە كەلدىلەر. بەئىزى باۋۇجۇدى تەجرىبىلەر سەھل ئىنكارلىق قىلدىلەر، بەئىزىدىنكىم، نىسبەت بۇ تەبەقەغە بىئەدەپلىقلەر ۋە ناخۇشلۇقلار ۋاقىئ بولۇپ ئىدى. ئۆز تەۋەھھۇملاردىن تەغافۇل قىلدىلار. بەئىزىلەركىم، كۆمەك يىبەردىلەر، مۇئتەددۇنبىھ كۆمەك ئەمەس ئىدى. نېچۈككىم، ھەرقايىسىسى ئۆز يېرىدە مەزكۇر بولغۇسىدۇر.

بۇ ئىككىنچى نەۋبەت سەمەرقەندنى ئالغاندا، ئەلىشىر بەگ تىرىك ئىدى. بىر نەۋبەت ماڭا كىتابەتنى ھەم كېلىپ ئىدى. مەن ھەم بىر كىتابەت يىبەرىپ ئىدىم. ئارقىسىدا تۈركىي بەيت ئايتىپ بىتىپ يىبەرىپ ئىدىم. جەۋاب كەلگۈنچە تەفرىقە ۋە غەۋغا بولدى.

شەيباقخان مولا بىنائىنى مۇلازىم قىلىپ ئىدى. شەيباقخان بىلە ئىدى. سەمەرقەند فەتھىدىن نەچچە كۈندىن سوڭرا سەمەرقەندغە كەلدى. قاسىم بەگ ئانىدىن بەدگۇمان بولۇپ، شەھرى سەبزسارى رۇخسەت بەردى. نەچچە كۈندىن سوڭ، چۇن فەزىلەتلىك كىشى ئىدى، گۇناھى سادىر بولمايدۇر ئىدى، سەمەرقەندغە كەلتۈردۈك. دائىم قەسىدە ۋە غەزەل ئۆتكەرۇر ئىدى. نەۋادا بىر ئەمەل مېنىڭ ئاتىغىمغە باغلاپ ئۆتكەردى. ئۇشۇل ئەسنادا بىر رۇبائى ئايتىپ ئۆتكەردى. رۇبائى:

نې غەللە مەرا كەزۇ تەۋانەم نۇشىد،
نې مۇھمەلى غەللە تا تەۋانەم پۇشىد.
ئانراكى نە خۇردەنەستۇ نې پۇشىدەن،
دەرئىلمۇ ھۇنەر كۇجا تەۋانەد كۇشىد.

(يەيدىغان ئاشلىقىممۇ يوق، كىيگۈدەك بىر نەرسەممۇ يوق. يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى يوق ئادەم ئىلىم ۋە ھۈنەرگە قانداق بېرىلەلىسۇن).

بۇ فۇرسەتلەردە بىرەر، ئىككىرەر بەيت ئايتۇر ئىدىم. ۋەلې غەزەل تۈگەتمەيدۇر ئىدىم. بىرگىنە تۈركىي رۇبائى ئايتىپ يىبەردىم. رۇبائى:

ئىشلار بارى كۆڭلۈڭدەكىدەك بولغۇسىدۇر،
ئىنئامۇ ۋەزىفە بارى بۇيرۇلغۇسىدۇر.
ئول غەللەۋۇ مۇھمەلكى دەپ ئېردىڭ بەردىم،
مۇھمەلغە بويۇ غەللەدىن ئۆي تولغۇسىدۇر.

موللا بىنائى بۇ رۇبائىنىڭ سوڭغى مىسرائىنىڭ قاپىيەسىنى رەدىف قىلىپ، ئۆزگە قاپىيە بىلە يەنە بىر رۇبائى ئايتىپ ئۆتكەردى:

مىرزامكى شاھى بەھرۇ بەر بولغۇسىدۇر،
ئالەمدە ھۈنەر بىرلە سەر بولغۇسىدۇر.
بىر مۇھمەل ئۈچۈن مۇنچە ئىنايەت بولدى،
مۇستەئمەل ئەگەر دېسەم نېلەر بولغۇسىدۇر.

ئول فۇرسەتتە خوجە ئەبۇلبەرەكە فىراقى شەھرى سەبزدىن سەمەرقەندغە كېلىپ ئىدى. دېدىكىم، ئۇشۇل رەدىق ۋە قاپىيەدە ئايتماق كېرەك ئىدى. بۇ رۇبائىنى خوجە ئەبۇلبەرەكە ئايتتى:

بۇ جەۋركى قىلدى دەۋر سورۇلغۇسىدۇر،
سۇلتانى كەرەم بۇ ئۇزرنى قولغۇسىدۇر.
تۆككۈلگەن ئەگەرچى تولماس ئەي، ساقىي،
تۆككۈلگەنىمىز بۇ دەۋردە تولغۇسىدۇر.

بۇ قىشلىقتە ئىشىمىز بىسيار تەرەققىيدا ئىدى. شەيباقخاننىڭ ئىشى تەنەززۇلدا ئىدى. بۇ ئەسنادا بىر ـ ئىككى ئىش ياراماسراق بولدى. مەرۋدىن كېلىپ قاراكۆلنى ئالغانلار توختاتا ئالمادىلەر. قاراكۆل يەنە ئۆزبېكلەر تەسەررۇفىغە كىردى. قەلئەئى

دەبۇسىدا ئىبراھىم تارخاننىڭ ئەخمەد تارخان ئاتلىق ئىنىسى ئىدى. شەيباقخان كېلىپ قابادى. بىز چېرىك يىغىپ ئىستېئىداد تەييار قىلغۇنچە زورلاپ ئالدى. ئەلىنى تەمام قەتلى ئام قىلدى.

مەن سەمەرقەندنى ئالغاندا ساناغلىق ئىككى يۈز قىرىق كىشىم بار ئىدى. بەش ـ ئالتى ئاينىڭ ئىچىدە تەڭرى تەئالانىڭ ئىنايەتى بىلە ئانچە بولدىكىم شەيباقخاندەك كىشى بىلە سەرىپۇلدا مەساف ئۇرۇشتۇق. نېچۈككىم، مەزكۇر بولغۇسىدۇر.

ئەتىراف ۋە جەۋانىبىداغىلاردىن: خاندىن ئەيىۋپ بېكچىك ۋە قاشقا مەھمۇد ۋە بارىنلار تۆت ـ بەش يۈز كىشى كۆمەك كېلىپ ئىدى. جاھانگىر مىرزادىن تەنبەلنىڭ ئىنىسى خەلىل يۈز ـ ئىككى يۈز كىشى بىلە كۆمەككە كېلىپ ئىدى. سۇلتان ھۇسەيىن مىرزادەك ساھىب تەجرىبەلىك پادىشاھدىنكىم، شەيباقخاننىڭ ئەفئال ۋە ئەتىۋارىنى مىرزادىن ياخشىراق كىشى بىلمەس ئىدى، ھېچ كىشى كۆمەككە كەلمىدى. بەدىئۈز زەمان مىرزادىن ھەم كىشى كەلمەدى. خۇسرەۋ شاھ خۇد ئۆزىنىڭ تەۋەھھۇمىدىن كىشى يىپەرمەدى. چۈن بىمىقدار يامانلىقلار ئاندىن نىسبەت بۇ خانە ۋادەغە ۋاقېئ بولۇپ ئىدى، نېچۈككىم، مەزكۇر بولدى، بىزدىن قورقۇنىچ كۆپرەك ئىدى.

شەۋۋال ئايىدا شەيباقخان بىلە ئۇرۇشماق دائىيەسى بىلە سەفەر قىلىپ، باغى نەۋغە چىقتىم. بەش ـ ئالتى كۈن باغى نەۋدە چېرىك يىغىلماق ۋە ئىستېئىداد تەييار بولماق مەسلەھەتى ئۈچۈن تۇرۇلدى. باغى نەۋدىن ئاتلىنىپ كۆچ بەكۆچ مۇتەۋەججېھ بولدۇق. سەرىپۇلدىن ئۆتۈپ تۈشتۈق. ئوردۇ گىردىنى تەمام شاخ، خەندەق بىلە ئىھتىمام ۋە ئىھتىيات قىلىپ مەزبۇت قىلدۇق. شەيباقخان ناردىن كېلىپ خوجە كارد زەن نەۋاسىغە تۈشتى. ئارا تەخمىنەن بىر يىغاچ بولغاي ئىدى. تۆت ـ بەش كۈن بۇ يۇرتتە ئولتۇرۇلدى. بىزنىڭ كىشىمىز ۋە ياغى كىشىسى كۈندە ناردىن كېلىپ، بېرىدىن بارىپ ئاتقۇلاشىپ ئۇرۇشۇرلار ئىدى. بىر كۈن غەنىم كىشىسى كۆپرەك كەلدى. خېلى ئۇرۇش بولدى، ھېچ تەرەفدىن ئارتۇقسىلىق بولمادى. بىزنىڭ بىر تۇغلۇق كىشى يېنىكلىرەك يانىپ خەندەققە كىرىپتۇر. بەئىزى سەيدى قارانىڭ تۇغى ئىدى دېدىلەر. سەيدى قارا ئەگەرچە سۆزگە ئۆز ئىدى، قىلىچغا زەبۇنراق ئىدى.

ئۇشبۇ ئەۋقاتتە بىر كېچە شەيباقخان شەبىخۇن كەلدى. چېرىك گىردىنى شاخ ۋە خەندەق بىلە مۇستەھكەم مەزبۇت قىلىلىپ ئىدى، كېلىپ ھېچ ئىش قىلا ئالمادى. خەندەقنىڭ تاشىدىن سۈرەن سالىپ، بىر پارە ئوق قويۇپ ياندىلار. ئۇرۇش ئىشىگە مەن سەئى ۋە ئىھتىمام قىلدىم، قەنبەر ئەلى ھەم سائى ئىدى. باقى تارخان مىڭ ـ ئىككى مىڭ ياراغلىق كىشى بىلە كىشكە تۈشۈپتۇر، ئىككى كۈندە بىزگە قوشۇلۇر. سەئىد مۇھەممەد مىرزا دوغلات ھەم خان دادام قاشىدىن كۆمەك كېلىپ، مىڭ ـ مىڭ بەش يۈز كىشى بىلە دىيول تۈشۈپتۇر، ئارا تۆت يىغاچ يولدۇر، سەباھىغە بىزگە قوشۇلۇر. ئۇشمۇنداق مەھەلدە تەئجىل قىلدۇك، ئۇرۇشتۇك.

به تۇندی سەبۇك دەست بۇررەد به تىغ،
به دەندان گەزەر پۇشتى دەشتى دەرىغ.

(غەزەبلىنىپدەرھال قولنى تىغقا ئۇزاتقانلار پۇشايمان بىلەن قولنىڭ ئارقىسىنى چىشلەيدۇ)

مېنىڭ ئىھتىمامىمنىڭ جىھەتى بۇ ئىدىكىم، ئۇرۇش كۈنى سەككىز يۇلتۇز ئارالىقتە ئىدى. ئەگەر ئول كۈندىن ئۆتسە، ئۇن ئۈچ ـ ئون تۆت كۈنگەچە سەككىز يۇلتۇز غەنـ

منىڭ ئارقەسى سارى بولۇر ئىدى. ئۇل مۇلاھىزەلەر ھېچ ئىكەندۇر. بىتەقىرىپ تەئجىل قىلىپتۇرىبىز. سەباھى ئۇرۇش دائىيەسى بىلە جىبەلەنىپ، ئاتلارغا كىيجىم سالىپ، بۇرانغار، جوۋانغار، غول، ئىراۋۇل ياسال ياساپ مۇتەۋەججىھ بولدۇك. بورانغار ئىبراھىم سارۇ، ئىبراھىم جانى، ئەبۇلقاسىم كوھبەر، يەنە بەئزى بەگلەر ئىدى. جوۋانغار مۇھەممەد مەزىدخان، ئىبراھىم تارخان، يەنە سەمەرقەند بەگلەرىدىن سۇلتان ھۇسەيىن ئارغۇن، قارا بارلاس، پىر ئەھمەد، خوجە ھۇسەيىن ئىدى. غولدا قاسىم بەگ ۋە يەنە بەئزى ياۋۇق ئىچكىيلەر ئىدى. ئىراۋۇل قەنبەر ئەلى سەللاغ، بەندە ئەلى، خوجە ئەلى، مىرشاھ قوچىن، سەيىد قاسىم ئىشىك ئاغا، خالدار، بەندە ئەلىنىڭ ئىنىسى قوچ ھەيدەر، قاسىم بەگنىڭ ئوغلى ئىدى، بولغان ئوبدان يىگىتلەرنى ۋە ئىچكىيلەرنى تەمام ئىراۋۇلغا بىتىلىپ ئىدى. بىز كىم ياساپ چىقتۇك، غەنىم ھەم ئۇتروۇدىن ياساپ پەيدا بولدى. بۇرانغار مۇھەممەد سۇلتان، جانبېگ سۇلتان، تېمۇر سۇلتان،جوۋانغارى ھەمزە سۇلتان، مەھدى سۇلتان، يەنەبەئزى سۇلتانلار ئىدى. ياساللار ياۋۇق يەتكەچ، غەنىمنىڭ بۇرانغارىنىڭ ئۇچى بىزنىڭ ئارقامىز سارى بۇرۇلدى. مەن ھەم يۈزۈمنى ئالار سارى قىلدىم. بىزنىڭ ئىراۋۇلنىكىم، بولغان ئىش كۆرگەن، قىلىچ چاپقان يىگىتلەرنى تەمام ئىراۋۇلگە بىتىلىپ ئىدى، ئۇڭ قول سارى قالدى. ئالىمىزدا ھېچ كىشى قالمادى. باۋۇجۇدكىم، ئىلگەرى كەلگەن كىشىلەرنى ئۇرۇپ ياندۇرۇپ غولغە تىقدۇك، ئاگا يېتتىكىم شەيباقخاننىڭ بەئزى قارى ئۇلۇغلارى شەيباقخانغە دەپتۇلاركىم، يۈرۈمەك كېرەك، تۇرماقتىن ئىش ئۆتتى. غەنىمنىڭ بۇرانغارى جوۋانغارىمىزنى باسىپ ئارقاغە ئەۋرۇلدى. ئىراۋۇل ھەم ئۇڭ قول سارى قالىپ، ئالىمىز يالاڭ بولدى. كېيىندىن ۋە ئىلگەرىدىن غەنىم كىشىسى زورلاپ ئوق قويا كىرىشتى. موغۇل چېرىكىكىم، كۆمەككە كېلىپ ئىدى، ئۇرۇشۇرغە خود تاقەتلەرى يوق ئىدى، ئۇرۇشماقىنى قويۇپ، بىزنىڭ ئەلنى ــ ئوق تالاپ، ئاتتىن تۈشۈرە كىرىشتىلەر. ئالىمىز داغىلارنى نەچە نەۋبەت زورلاپ كەلگەندە ئۇرۇپ ياندۇردۇك. ئىلگەرىمىز ھەم زورلادى، كېيىن ئەۋرۇلگەن كىشى ھەم كېلىپ، بىزنىڭ تۇغقە ئوق قويا كىرىشتىلەر. ئىلگەرىدىن، كېيىندىن زورلادىلەر. بىزنىڭ ئەلنى تەبرەتتىلەر. ئۆزبېكنىڭ ئۇرۇشتا بىر ئۇلۇغ ھۈنەرى ئۇشبۇ تولغامەدۇر، ھېچ ئۇرۇشى تولغامەسىز بولماس. يەنە بىر بۇ كىم ئىلگەرى ۋە كېيىن بەگ ۋە نەۋكەر تەمام ــ ئوق قويۇپ، جىلاۋلۇق كېلەردۇرلەر، يانغاندا ھەم پەرىشان يانماي، جىلاۋلۇق ياناردۇرلەر.

مېنىڭ بىلە ئون ــ ئون ئىككى كىشى قالىپ ئىدى. كۆھەك دەرياسى ياقىن ئىدى. بۇرانغارنىڭ ئۇچى دەرياغە توقۇنۇپ ئىدى. دەريا سارى ــ ئوق تارتتۇق. كۆھەك دەرياسىنىڭ كىرگەن مەھەللى ئىدى. دەرياغە يەتكەن بىلە جىبەلىك، كەجىملىك ــ ئوق سۇغە كىردۇك. يارىمىدىن كۆپرەك ياياپ ــ ئوق كېلىلدى،ئاندىن سوۋرە ئۈزدۈرمە ئىدى. بىر تىرگەز ئاتىمىسى يەر جىبەلىك كىجىملىك ئات ئۈزدۈرۈپ ئۆتتۈك. سۇدىن ئۆتكەچ كېجىمنى كېسىپ تاشلادۇك. سۇدىن شىمال سارىغەكىم ئۆتتۈلدى، ياغىدىن ئاجراشتۇك. ۋەلى يەككە يارىمنى تالاپ تۈشۈرگۈچى، يالاگاچلاغۇچى تەمام موغۇل ئىدى. ئىبراھىم تارخاننى ۋە يەنە خېلى ئوبدان ــ ئوبدان يىگىتلەرنى موغۇل تالاپ ئاتتىن تۈشۈرۈپ زايىئ قىلدىلار، كۆھەك دەرياسىنىڭ شىمال تەرەفى بىلە كېلىپ، قولبە نەۋاھىسىدىن كوھەك دەرياسىنى كەچتۇك. ئىككى نەماز ئاراسى بار ئىدىكىم، شەيخزادە دەرۋازەسىدىن كىرىپ ئەرككە كەلدىم. ئۇلۇغ ــ ئۇلۇغ بەگلەر ۋە ياخشى ياخشى ــ يىگىتلەر، قالىن كىشى بۇ ئۇرۇشتە تەلەف بولدى...



# ئاقئۇلامبەدىخان

بۇرۇنقى زاماندا تارىم ۋادىسىدىكى بىر قىسىم يۇرت-جايلارنى سورايدىغان بىر خان ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقئۇلامبەدىخان ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئاقئۇلامبەدىخان كىچىكىدىنلا ناھايىتى باتۇر ۋە ئەقىللىق بولۇپ ئۆسۈپتۇ. خان ئالەمدىن كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، مەن سىلەرنى تاشلاپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغان ئوخشايمەن. ئاناڭ بولسا ئېغىر ئاياغ، قانداقلا بولمىسۇن ئاناڭ يەڭگىسە، ئۆز قېرىندىشىڭغا ئوبدان تەربىيەت قىل،— دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ.

كۈن، ئايلار ئۆتۈپ، ئاقئۇلامبەدىخاننىڭ ئانىسىنىڭ كۆز يورۇش مەزگىلى يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ئانا بارغانسېرى خىيالغا پېتىپ، غەمكىنلىشىپ قاپتۇ. ئانىسىنىڭ غەم-قايغۇغا پېتىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەن ئاقئۇلامبەدىخان بىر كۈنى ئانىسىدىن:

— ئانا، يېقىندىن بۇيان خىيالچان بولۇپ قالدىڭىز. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟— دەپ سوراپتۇ.

— ناۋادا قىز تۇغۇپ قالسام... — ئانىسى گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

بۇ دىياردا شۇ زامانلاردا ئوغۇل تۇغسا باقىدىغان، قىز تۇغسا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ئادەت بار ئىكەن. ئانىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن ئاقئۇلامبەدىخان:

— ئانا، قىز تۇغۇپ قالسىڭىز ئۇنى ساقلاپ قالايلى،— دەپتۇ.

— ئوغلۇم، ئۇنداق قىلساق يۇرت-جامائەت بىلىپ قالسا نېمە دەيمىز؟— دەپتۇ ئانىسى.

— ئانا، ئوقيايىمنىڭ ئوقىنى ئۆز قېرىندىشىمنىڭ قېنى بىلەن بويىمايمەن، بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلارمىز،— دەپتۇ ئاقئۇلامبەدىخان.

— شۇنداق قىلساق بەك ياخشى بولاتتى. رەھىمسىز كونا ئادەتنىڭمۇ قارا پەردىسى يىرتىلىپ، ئەل-يۇرتمۇ سېنىڭدىن رازى بولاتتى،— دەپتۇ ئانىسى. لېكىن ئۇزاق زاماندىن بۇيان ئەلنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن ئۇ ئادەتنى بىر يولىلا ئۆزگەرتىپ كېتىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئانا-بالا ئىككىيلەنمۇ بىلىدىكەن. بولۇپمۇ يۇرت-جامائەت ئەمەل قىلغان ئادەت قائىدىگە ئەمەل قىلمىسا يۇرت ئەھلىنىڭ نارازى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن.

ئاقئۇلامبەدىخان ئۇۋغا چىقىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئانىسىنىڭ ۋاقتى-

سائىتى توشۇپ كۆزى يورۇپتۇ. بالا ئانا
پەرەز قىلغاندەك قىز ئىكەن. ئانا ئوغلى
بىلەن قىلىشقان مەسلىھەتى بويىچە بوۋاقنى
زاكىلاپ، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يىراق
تۇتۇپ ئوغلىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ.
ئاقئۇلامبەدىخان قايتىپ كېلىپ ئەھۋالدىن
خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە
پۈتۈن جامائەتنىڭ ئالدىدا:

— جامائەت، ئانام قىز تۇغۇپتۇ.
يۇرتىمىزنىڭ قائىدە-نىزامى بويىچە مەن
بالىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئوقۇمـ
نى قانلايمەن، — دەپ جاكارلاپتۇ-دە،
بوۋاقنى كۆتۈرۈپ جاڭگالغا قاراپ مېڭىپـ
تۇ. شۇ ماڭغىنىچە جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ
كېتىۋېرىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا ئۇنىڭغا
بىر مارال (چىشى بۇغا) ئۇچراپتۇ. ئاقـ
ئۇلامبەدىخان ئۇنىڭغا:

— ئەي جانىۋار، سەن مېنىڭ
ماۋۇ سىڭلىمنى بېقىپ بەرسەڭ، مەن ساڭا
ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭغا مەڭگۈ ئوق
ئۈزمەيمەن، — دەپتۇ.

مارال زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەي ئادەمزات، مېنىڭ تۇغۇلغىـ
نىغا ئەمدىلا بىر ئاي بولغان ئىككى باـ
لامنى ساڭا ئوخشاش ئىككى ئاياغلىق
قاراقچىلار ئۆلتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. سەن
سىڭلىمنى بېقىپ بەرگىن، دەۋاتىسەن.
مېنىڭ سىڭلىڭنى ئۆلتۈرۈپ ئىككى بالا
ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىمنى ئويلىمىدىڭـ
مۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن خەلقلەرگە بۇغا-مارالـلارنى
ئۆلتۈرمەڭلار، تۇتماڭلار، دەپ نەسىھەت
قىلىمەن. ئۇلار گېپىمگە كىرمىسە ئەدىـ
پىنى بېرىمەن، — دەپتۇ ئاقئۇلامبەدىخان.

— بىلىمەن، سەن بولساڭ تەڭداشـ
سىز باتۇر. خەلقلەر چوقۇم سېنىڭ سۆـ
زۈڭنى ئاڭلايدۇ. مېنىڭ يەنە بىر شەرـ
تىم بار. سەن شۇ شەرتىمگە كۆنۈپ ۋەدە
بەرسەڭ، سىڭلىڭنى بېقىپ-ئاسراپ، قاـ
تارغا قوشىمەن، خالىغان ۋاقىتتا كېلىپ
ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ، قولۇڭغا ساق
تاپشۇرىمەن، — دەپتۇ مارال.

— قېنى، شەرتىڭنى ئېيت، ئاڭلاپ
باقاي، — دەپتۇ ئاقئۇلامبەدىخان.

— مەن ئىككى بالام ئۈچۈن ئۇن
كۈن بولدى يىغلاۋاتىمەن. كۆزۈمنىڭ
يېشى قاچان توختايدۇ، بۇنى بىلمەيمەن.
يۇرتۇڭدىكى ئانىلار ۋە ئۆز ئاناڭمۇ ماڭا
ئوخشاش ئانا. ئۇلار باغرىنى يېرىپ چىقـ
قان قىزلىرىنىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىپلا
ئەسكى ئادەت سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىگە
رازى بولۇشى ئىلاجىسىزلىقتىن، لېكىن
ئۇلار يوشۇرۇن ۋە ئىچىدە يىغلايدۇ.
ھەر يىغىسىدا كۆرمىڭ قېتىم شۇ ئەسكى
ئادەتنى ۋە سېنى تىللايدۇ، قارغايدۇ. سەن
ئانىلار ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ
بەر. قىز بالىلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى
قىل، — دەپتۇ بۇغا كۆزىدىن تاراملىتىپ
يېشىنى تۆكۈپ تۇرۇپ.

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ،—

دەپتۇ ئاقئۇلامبەدىخان، — سىڭلىمنى ئۆلتۈرمەي ساڭا تاپشۇرغىنىمدىنلا بۇ يامان ئادەتكە مېنىڭمۇ نارازى ئىكەنلىكىمنى بىلگەنسەن. سىڭلىڭنىڭ ئۆلتۈرۈلمەسلىكى، باشقا قىزلارنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلمەسلىكىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ، بۇ مېنىڭ ۋەدەم، ماڭا ئىشەن.

— ساڭا ئىشىنىمەن. سەن يەتتە كۈندىن كېيىن قىرىق كۈنلۈك بالىنىڭ كيىمىنى تەييارلاپ كەل، — دەپتۇ مارال.

ئاقئۇلامبەدىخان قايتىپ كېتىپ يەتتە كۈن بولغاندا قىرىق كۈنلۈك بوۋاقنىڭ كيىمىنى ئېلىپ كېلىپتۇ. قارىسا سىڭلىسى قويغان ئۆپكىدەك سەمرىپ، پىلتىڭلاپ ئويناپ ياتقۇدەك.

ئانا كېيىك بالىنى بېقىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. قىزنى تېز يېتىلسۇن، ساغلام، قۇۋۋەتلىك بولسۇن دەپ ئېسىل دورا گىياھلارنىڭ ئۇچ - ئۇچىنى يەپتۇ. يىلىنىنىڭ پاكىز بولۇشى ئۈچۈن پاسكىنا، توپا - توزانلىق يەرلەردە ياتماپتۇ. سۈتنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىپتۇ. بالىنى تويغۇچە ئېمىتىپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان شىكارغا چىققان بولۇپ سىڭلىسىنى پات - پات كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ھەم كيىم - كېچەك ئەكىلىپ ئەگىنلىرىنى يۆتكەپ تۇرۇپتۇ. كۈنلەردىن ئاي، ئايلاردىن يىل تولۇپ، بالىمۇ بىر ياشقا كىرىپ قاپتۇ. بۇ ئارىلىقتا ئاقئۇلامبەدىخاننىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇرۇق - تۇغقانسىز قالغان ئاقئۇلامبەدىخان بىرەر بالا بېقىۋېلىش توغرۇلۇق يۇرت چوڭلىرىغا مەسلىھەت سالپتۇ. ئۇلار:

— بۇ ياخشى خىيال بوپتۇ، كىمنىڭ بالىسىنى بېقىۋالاي دەيلا؟ — دەپ سورىشىپتۇ.

— ھەر قايسىڭلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش كۆرەي، كىمنىڭ بالىسى بۇيرۇلغان بولسا شۇنى بېقىۋالاي، — دەپتۇ ئاقئۇلامبەدىخان.

ئۇلار پال سالسا ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا چىقىپتۇ.

— تەۋەلىكىمىزنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر مارال بىر ئادەمزات بالىسىنى بېقىۋېتىپتۇ، ئاقئۇلامبەدىخان بىلەن بالا بىر - بىرىگە قارىشىپ تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، — دېيىشىپتۇ پالچىلار.

ئاقئۇلامبەدىخان تۆت - بەش ئادەم بىلەن بىللە قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، بۈك - باراقسان يوغان بىر توپ توغراقنىڭ شاخ - شۇمبىلار بىلەن دالدا قىلىپ قويغان كاۋىكىدا بىر بالا ئولتۇرغۇدەك. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپتۇ، ئەمما بالىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ.

— بۇ تەڭرىنىڭ كارامىتى. بۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ، بالىنى ئېلىپ ماڭايلى، — دەپتۇ ئاقئۇلامبەدىخان.

ئاقئۇلامبەدىخان قايتىپ كېلىپلا بۈگۈندىن باشلاپ تۇغۇلغان ھەرقانداق قىز بالىنى ئۆلتۈرۈش مەنئىي قىلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ئاندىن سىڭلىسىنىڭ ئىسمىنى مەختۇمخان قويۇپ، بالىنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئېلىشقا باشلاپتۇ.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەختۇمخانمۇ چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان كىچىككىنىلا شىكارغا قى-

www.uyghurkitap.com

زىقىدىكەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سىڭلىسىنى ئۆيدە قويۇپ شىكارغا چىقماقچى بوپتۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا:

— سىڭلىم، ئوچاق ئالدىدا بېشىڭنى تارىمىغىن، ئېگىز يەرگە چىقىپ ئەتراپقا قارىمىغىن، — دەپ تاپىلاپ كېتىپتۇ. بىراق مەختۇمخان ئاكىسى كەتكەندىن كېيىن ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ، چېچىنى تارىماقچى بوپتۇ-دە، ئوچاق ئالدىغا كېلىپ بېشىنى يۇيۇۋاتقاندا، پۇتى تەڭنىگە تېگىپ كېتىپ، ئوچاققا سۇ تۆكۈلۈپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. مەختۇمخان ئاكىسى كەلگۈچە تاماق ئېتىپ قويۇشى كېرەك ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئامالسىزلىقتىن ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ قارىسا، بىر تاغ باغرىدا ئىس چىقىپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن قىز شۇ يەرگە بېرىپ ئوت ئەكەلمەيمۇ، دەپ تاغ باغرىغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر موماي بىر قازاندا ئاق پىت، يەنە بىر قازاندا كۆك پىتنى قاينىتىپ ئولتۇرغۇدەك. قىز دەرھال:

— ئەسسالام، ئانىجان، — دەپ سالام بېرىپتۇ. مومايمۇ:

— كەل قىزىم، سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قىزى يوققا قىز، ئوغلى يوققا ئوغۇل بولاي دەپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەختۇمخان.

— مېنىڭ قىزىم يوق ئىدى، مەن سېنى قىز قىلىۋالاي، سەن كىمنىڭ قىزى؟ — دەپ سوراپتۇ موماي. مەختۇمخان ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ ئاتا-ئانام يوق، مەن ئاقئۇلامبەدىخاننىڭ سىڭلىسى بولىمەن، — دەپ مومايىنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگەچ چاندۇرماي يېڭىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋېلىپ ئۆيىگە يېنىپتۇ. بۇ موماي ئەسلىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز بولۇپ، پات-پات ئادەم قېنىنى سۈمۈرۈپ ئىچىپ خۇمارىنى بېسىپ تۇرىدىكەن. ئۇ دەرھال قىزنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈپ ماراپ مېڭىپتۇ. مەختۇمخان ئۆيىگە بېرىپ ئوتنى تۇتاشتۇرۇپ ئاكىسىغا تاماق ئېتىپ ئولتۇرغاندا كەمپىر ئۆيگە كىرىپتۇ-دە، قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قازىنىڭدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاكامغا تاماق ئېتىپ ئولتۇرغانىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەختۇمخان.

— قازاننىڭ تۇۋىقىنى ئېلىپ قوي، تامىقىڭ سۇۋۇسۇن، — دەپتۇ كەمپىر.

مەختۇمخان ئۇنىڭ تەلەتى ۋە كۆزىدىن بىر يامانلىقنى سېزىپ قازاننىڭ ئاغزىنى ئېچىشقا ئۇنىماپتۇ. لېكىن مومايمۇ تۇۋاقنى ئېلىۋەت، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. مەختۇمخان ئىلاجسىز تۇۋاقنى يېرىم ئېچىپ قويۇپتۇ. يالماۋۇز كەمپىر:

— ئېشىڭ پىشقاندۇ؟ — دەپ قازاننى كۆتۈرۈپلا بىر قازان ئاشنى قىزىق پېتىلا بىر سۈمۈرۈپلا ئىچىپ بوپتۇ-دە، مەختۇمخاننى ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ، بىر چېكىپ هوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ، قېنىنى قانغۇچە شورىۋېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

بىر چاغدا مەختۇمخان هوشىغا كېلىپ، قايتىدىن سۇ ئەكىرىپ باشقىدىن ئاش ئېتىشكە تەمشىلىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئاقئۇلامبەدىخانمۇ قايتىپ كەپتۇ، قارىسا ئاش پىشمىغان.

— سىڭلىم، ئېشىڭ تېخى پىشماپتۇغۇ؟ — دەپتۇ - دە، مەختۇمخاننىڭ چىرايىغا قاراپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ بۆلەكچىلا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىڭلىم، نېمە بولدۇڭ، چىرايىڭ بۆلەكچىلا تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەختۇمخان كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئەي ئاكا، گۇناھىمدىن ئۆتسەڭ ئېيتىمەن، — دەپتۇ. ئاكىسى ماقۇل بولغاندىن كېيىن:

— سەن كەتكەندىن كېيىن ئوچاق ئالدىدا بېشىمنى يۇيۇۋىدىم، سۇ تۆكۈلۈپ كېتىپ ئوتۇم ئۆچۈپ قالدى... — دەپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاكىسىغا ئېيتىپتۇ.

— سىڭلىم، ئۇ يالماۋۇز ئەتە يەنە كېلىشى مۇمكىن. سەن بۇلۇڭغا بىر تۆمۈر قوزۇقنى قېقىپ قويۇپ، تاغار توقۇغان بولۇپ ئولتۇرغىن. مەن تايغىنىمنى ۋە ئارغىماقىمنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ئىچكىرىكى ئۆيدە ئولتۇراي. يالماۋۇز كەلگەندە: «ھەي موما، ماڭا تاغار توقۇشۇپ بەرگىن» دېگىن. ئۇ كېلىپ تاغار توقۇۋاتقاندا سەن سەزدۇرمەي چېچىنى تۆمۈر قوزۇققا باغلاپ قوي، ئاندىن ماڭا يۆتەل بىلەن بەلگە بەرگىن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ ئاقئۇلامبەدىخان.

ئەتىسى ئۇلار يالماۋۇزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ. دېگەندەك چۈش بولغاندا يالماۋۇز كەپتۇ. لېكىن ئۆيگە كىرمەي، بوسۇغىدا تۇرۇپ مەختۇمخاندىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ:

ئاقئۇلامبەدىخان ئۆيدەمىكىن؟
مىسران قىلىچى تۆردەمىكىن؟
ئاق بوقار يايى ئاسقىدامىكىن؟
بوز ئارغىماقى ئوقۇردامىكىن؟
تاغىل تايغانى غىنجىدامىكىن؟

مەختۇمخان ئۇنىڭ سوئالىغا:

ئۇلامبەدىخان ئۆيدە يوقتۇر،
مىسران قىلىچى تۆردە يوقتۇر،
ئاق بوقار يايى ئاسقىدا يوقتۇر،
تاغىل تايغانى غىنجىدا يوقتۇر،

دەپ نەزمىگە نەزمە قېتىپ جاۋاب بېرىپتۇ.

يالماۋۇز كەمپىر بوسۇغىغا بىر پۇتنى سېلىپ بولۇپ، يەنە توختاپ قاپتۇ. ئۆي ئىچىگە بېشىنى تىقىپ، قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى سەزگەندەك كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىپ قاراپتۇ.

— كىرىۋەر موما، يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكتىم، ئازراق مۇڭدىشايلى، — دەپتۇ مەختۇمخان.

يالماۋۇز كەمپىر بوسۇغىدا تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

بۇرنۇمغا ئۇردى ئەرنىڭ پۇرىغى،
پۇراپ تۇرادۇ ئىتنىڭ ماياغى،
ماڭا راست گەپ قىل بۇغا ئەمگەن قىز،
ئۆيدىن چىقماپتۇ ئاكاڭ ئاياغى.

مەختۇمخان مۇنداق دەپتۇ:

ئۆزۈم يالغۇزمەن كۆرۈپ تۇرۇپسەن،
تاغار توقۇيمەن كۆرۈپ تۇرۇپسەن،

كەل موما بىرئاز پاراڭلىشايلى،
زېرىككىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن.

يالماۋۇز كەمپىر ئۆي ئىچىگە يەتتە بىر قېتىم سىنچىلاپ قارىۋېتىپ ئاستا كىرىپتۇ ۋە مەختۇمخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەختۇمخان قازاندىن بىر لىگەن گۆش ئېلىپ كەمپىرنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. كەمپىر مەختۇمخاننىڭ تەكلىپ قىلىشىنى كۈتمەيلا بىرلىگەن گۆشنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىپتۇ.

— ھەي مەختۇمخان، — دەپتۇ يالماۋۇز كەمپىر چىشلىرىنى شوراپ ئولتۇرۇپ، — قاپىقىم تارتىپ تۇرىدۇ. خان ئۆيدە ئوخشىمامدۇ؟

— ھەي موما، سەن بىكار گۇمان قىلما، ئاكام ئۆيدە يوق. ھازىر جاڭگالدا شىكار قىلىپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ مەختۇمخان.

يالماۋۇز ئىشىنىپ سەل خاتىرجەم بولۇپتۇ. مەختۇمخان كەمپىرگە:

— موما، ماڭا قارىشىپ تاغىرىمىنى كۈزۈكدەپ① بەرسەڭچۇ، — دەپتۇ.

كەمپىر ماقۇل دەپ تاغارنى كۈزۈكدەپ ئولتۇرۇپتۇ. مەختۇمخان ئۇنىڭ ئارقىسىغا تاغار قويغان بولۇپ كەمپىرنىڭ چېچىنى تۆمۈر قوزۇققا باغلاشقا باشلاپتۇ. قارىسا يالماۋۇزنىڭ ئالتە بېشىنىڭ چېچى بار، بىر بېشىنىڭ چېچى يوق ئىكەن. مەختۇمخان كەمپىرنىڭ چېچىنى چىڭ باغلاپ بولۇپ بىر يۆتەلگەنىكەن، ئاقئۇلامبەدىخان ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ ۋە:

— ھەي سىڭلىم، چاچلىق ئالتە بېشىدىن يېتىم بېشىغا قارىتىپ چاپايمۇ ياكى يېتىم بېشىدىن چاچلىق بېشىغا قارىتىپ چاپايمۇ؟ — دەپتۇ.

مەختۇمخان:

— ھەي ئاكا، چاچلىق بېشىدىن يېتىم بېشىغا قارىتىپ چاپ، — دەپتىكەن، ئاقئۇلامبەدىخان بىر شىرتىسا يەتتە غۇلاچ بولىدىغان مىسران قىلىچىنى بىر شىلتىپتىكەن، يالماۋۇز كەمپىرنىڭ چاچلىق ئالتە بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ يەردە سەكرەپ - دومىلاپ كېتىپتۇ. ئۆزى چاچسىز يېتىم بېشى بىلەن قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ كېتىۋېتىپ:

بۇغا ئەمگەن قىز مېنى ئالدىدىڭ،
يەتتە بېشىمدىن ئالتىنى يېدىڭ.
خەپ - خەپ مەن ساڭا بىر كۆرسەتمىسەم،
ياۋۇزلۇقىمنى تېخى بىلمىدىڭ،

دەپتۇ.

ئاقئۇلامبەدىخان يالماۋۇزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ. كەمپىر شۇ قاچقىنىچە لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى چۆل قۇمغا كەلگەندە بىر تۆشۈككە كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان قايتىپ كېلىپ قارىسا بىر قانچە قارا قۇشقاچلار يالماۋۇزنىڭ ئالتە بېشىغا قونۇۋېلىپ سايراشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ زامانلاردا قارا قۇشقاچلار موللا ئىكەن، ئاقئۇلامبەدىخانمۇ بۇلارنىڭ تىلىنى ئاز - تولا بىلىدىكەن. قۇلاق سالسا ئۇلار مۇنداق دەپ سايرىشىۋاتقۇدەك:

① كۈزۈكدەپ — پۈرۈپ يىغىپ.



ئۇلامبەدىخان ئالدىنىپ قالدى،
باشنى ئالدىم دەپ چىچىنى ئالدى.
مەختۇمغا ئۇۋال، مەختۇمغا ئۇۋال،
ئۇلامبەدىخان ئالدىنىپ قالدى.

ئاقئۇلامبەدىخان قارا قۇشقاچلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپتۇ. ئۇ يالماۋۇزنىڭ كېسىلگەن باشلىرىغا قايتا قارىغۇدەك بولسا، يەردە نەدىمۇ باش بولسۇن، قوتازنىڭ قۇيرۇقىدەك ئالتە كاللەك پاخما چاچ تۇرغۇدەك. مەختۇمخان بۇلارغا قاراپ ئۇ يالماۋۇزدىن بۇندىن كېيىن قانداق بالا-قازالارنىڭ كېلىشىنى ئويلاپ غەمگە چۆكۈپتۇ.

— غەم قىلما سىڭلىم، ئەمدى يالماۋۇزنى ساڭىمۇ، يۇرتقىمۇ يېقىن يولاتمايمەن. ئۇ يەنە كەلگۈدەك بولسا زادى ئالدانمايمەن، — دەپ ئاقئۇلامبەدىخان سىڭلىسىنى خاتىرجەم قىپتۇ.

ئەمدى يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا كەلسەك، ئۇ غايىب بولۇپ كەتكەن چۆل قۇم بولسا نۆگەستان دەپ ئاتىلىدىغان بىر پادىشاھنىڭ شەھىرى بولۇپ، نۆگەستان ھېلىقى يالماۋۇز كەمپىرنىڭ بالىسى ئىكەن. يالماۋۇز كەمپىرنىڭ نۆگەستاندىن كىچىك يەنە ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. يالماۋۇز كەمپىر ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— باللىرىم، لوپنۇر دېگەن يەردە ئاقئۇلامبەدىخان دەپ ئاتىلىدىغان بىر خان بار. ئۇنىڭ مەختۇمخان ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بولۇپ، دۇنيادا تەڭدىشى يوق چىرايلىق قىز. نۆگەستان، سەن شۇ قىزنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئامال قىل، — دەپتۇ.

— قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ نۆگەستان.

— مەن ئاۋۋال بېرىپ پايلاپ كېلىمەن. ئاقئۇلامبەدىخان ئۆيىدە يوق چاغدا بېرىش كېرەك. ئۇنىڭ بىر شىلتىسا يەتتە غۇلاچ ئۇزىرايدىغان مىسران قىلىچى، ئۆزىگە ئاقئۇلامبەدىخاندىن باشقا ئادەمنى يېقىن كەلتۈرمەيدىغان، ھېچقانداق ئات يېتەلمەيدىغان ئۇچقۇر بوز ئارغىمىقى بار. بىر قېتىمدا توققۇز ئوق ئۆزۈدىغان ئاق بوقار ئوقيايى بار. تاغىل تايغىنى

جەڭلەردە چىپىپ يۈرۈپ ئۇنىڭغا ئوقيا ئوقلىرىنى چىشلەپ ئەكىلىپ بېرىپ تۇردۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار. شۇنداقتىمۇ يەنىلا جەڭگە تەييار تۇرۇڭلار، — دەپتۇ يالماۋۇز كەمپىر. ئۇ تۇنۇرچاق بىلەن ئۇچۇپ پايلاقچىلىق قىلىشقا بېرىپتۇ. قارىسا خان ئۆيىدە يوق ئىكەن. نۆگەستانغا خەۋەر قىلغانىكەن، ئۇ ئەسكەر تارتىپ بېرىپ مەختۇمخاننى بۇلاپ ئېلىپ قايتىپتۇ.

ئاقئۇلامبەدىخان بىر كۈن شىكار قىلىپ بىرەرمۇ ئوۋغا يولۇقالماي بۇ قېتىمقى شىكارنىڭ ئوڭۇشسىز بولغانلىقىدىن كۆڭلى بىرەر پالاكەتنى سەزگەندەك بوپتۇ-دە، دەرھال ئۆيىگە قايتىپ كېلىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا يۇرت خانىۋەيران قىلىنغان، ئادەملىرىنىڭ تولىسى ئۆلگەن، ئۆلمىگەنلىرى يۇرتتىن قېچىپ كەتكەن، سىڭلىسىنى بولسا ياتلار بۇلاپ كەتكەن. ئۆيدە قاغىلار ئۇچۇپ يۈرگۈدەك. غەزىپى تاشقان ئاقئۇلامبەدىخان شۇئان بوز ئارغىمىقىنىڭ بېشىنى چۆل قۇم تەرەپكە بۇراپتىكەن، ئات ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، قوغلاپتۇ. بىر يەرگە بارسا ئۇلارنىڭ قالغان ئوتلىرى ئۆچۈپ، كۈلى سوۋۇپ قالغان. يەنە بىر كېچە-كۈندۈز قوغلاپ بىر يەرگە بارغاندا قارىسا قالغان ئوت ئۆچۈپتۇ، ئەمما كۈلى قىزىق تۇرغۇدەك، يەنە قوغلاپتۇ. ئاخىر يېتىشىپتۇ. نۆگەستان لەشكەرلىرىگە:

— سىلەر ئالدىراپ ئوق ئۈزمەڭلار، ئۇلامبەدىخان كېلىپ سىڭلىسىنى ئېلىپ ماڭغاندا ئەتراپىدىن قورشاپ ئاندىن ئوق ئۈزۈڭلار، — دەپتۇ.

ئاقئۇلامبەدىخان مىسران قىلىچىنى يالىڭاچلاپ غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ قىر-چاپقا چۈشۈپتۇ. ھايت-ھۇيت دېگۈچە نۆگەستاننىڭ بەش-ئالتە مىڭ لەشكىرى قىرىلىپ يەر چىشلەپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان لەشكەرلەرنىڭ پەيلى بۇزۇلۇپتۇ. نۆگەستان مەختۇمخانغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھازىر لەشكەرلىرىمنىڭ پەيلى بۇزۇلدى، ئۇلار ئاكاڭنى قاپقانغا دەسسىتىپ تىرىك تۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ. سەن ئاكاڭغا ئېيت، دەرھال ئارقىسىغا قايتسۇن. مەختۇمخان ئاكىسىدىن ئەنسىرەپ مۇنداق نەزمە قوشۇپتۇ:

بىر مەن ئۈچۈن ئۆلەي دەمسەن ئاكا،
مېنىڭ ئۈچۈن كۆيەي دەمسەن ئاكا.
ئالتۇن جۇلۇڭنى ① تارتساڭچۇ ئاكا،
دۈشمەن بۇزۇلۇپ كېڭەشتى ئاكا.

بۇنىڭغا قارىتا ئاقئۇلامبەدىخان:

بىر سەن ئۈچۈن ئۆلەي دەيمەن سىڭلىم،
سېنىڭ ئۈچۈن كۆيەي دەيمەن، سىڭلىم.
دۈشمەن بۇزۇلۇپ كېڭەشسە سىڭلىم،
ئالتۇن جۇلۇمنى تارتمايمەن، سىڭلىم،

دېگىنىچە شىددەت بىلەن دۈشمەن توپىغا ئات قويۇپتۇ. دۈشمەن قوشۇنىدىن يەنە ئۈچ-تۆت مىڭى قىرىلىپتۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئازلايدىغاندەك

① جۇلۇ — چۇلۋۇر، تىزگىن.

ئەمەسمش. ئاقئۇلامبەدىخانىنىڭ ئۇزىمۇ
خېلى چارچاپتۇ، ئېتىنىڭ چېپىشىمۇ بۇ-
رۇنقىدىن ئاستىلاپ قاپتۇ. ئاكىسىدىن
ئەنسىرىگەن مەختۇمخان مۇنداق دەپ نەز-
مە قوشۇپتۇ:

يازىن يايلاغىڭ نە بولۇر ئاكا،
يازىدا ياتىپ بارۇرمەن ئاكا.
قىشىن قىشتاغىڭ نە بولۇر ئاكا،
كۈزۈن كۈزلەگىڭ نە بولۇر ئاكا،
كۈزىدە ياتىپ بارۇرمەن ئاكا.

ئاقئۇلامبەدىخان ھالسىزلانغان ھالدا
سىڭلىسىغا:

يازىن يايلاغىم ئالمىچى سىڭلىم،
قىشىن قىشتاغىم قارغىچى سىڭلىم.
كۈزۈن كۈزلەگىم چوڭ شەھەر بولۇر،
ئۇندا بولماسام ئۆلدى دېگەيسەن،

— دەپتۇ ۋە نۆگەستانىنىڭ لەشكەر-
لىرىگە تەڭ كېلىشكە كۆزى يەتمەي ئارقىسىغا
قايتىپ كېتىپتۇ.

نۆگەستان قالغان لەشكەرلىرىنى يىغىپ
چۆل قۇمىدىكى شەھىرىگە قايتىپ بېرىپ
توي تويلاپ مەختۇمخانىنى ئۆز ئەمرىگە
ئاپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ، مەخ-
تۇمخان ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز
پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار
ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى يەتتە باشلىق يالماۋۇز
كەمپىر مەختۇمخانىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ھەي قىزىم، ئىككىمىز باش بېقى-
شايلى، — دەپتۇ. مەختۇمخان:

— مېنىڭ پىتىم يوق، — دەپ ئۇنى-
ماپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر مەزگىل ئۆتۈپ،
بىر كۈنى مەختۇمخان ئۇخلاپ قالغاندا يال-
ماۋۇر كەمپىر ئۆزىنىڭ پىتىدىن بىرنى
ئاستا مەختۇمخانىنىڭ بېشىغا سېلىپ قويۇپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن مەختۇمخانىنىڭ بېشى
قىچىشىپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ:

— ۋاي موما، بېشىم بەك قىچىشىپ
كەتتى، بېقىپ قويساڭچۇ، — دەپتۇ. مەخ-
تۇمخان «مەن ئۇنىڭ ئوغلىدىن ئىككى
پەرزەنت كۆردۈم. ئەمدى ئۇ ماڭا يامان-
لىق قىلماس» دەپ ئويلايدىكەن.

يالماۋۇز كەمپىر قوينىغا بىر چۆجىنى
سېلىۋالغانىكەن، ئۇ مەختۇمخانىنىڭ بېشىنى
بېقىۋېتىپ بىرە - بىرە چۆجىنى بېسىپ قوي-
سا، چۆجە «چۇرۇك - چۇرۇك» قىلىدىكەن،
بۇنى ئاڭلىغان مەختۇمخان:

— ھەي موما، بۇ نېمە چۇرۇك - چۇ-
رۇك؟ — دەپ سوراپتۇ. لېكىن كەمپىر جا-
ۋاب بەرمەپتۇ. يەنە چۇرۇكلىغاندا مەخ-
تۇمخان سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. موماي ئاخىر:

—ھەي قىزىم، بۇنى ئېيتمىسام بو-
لاتتى، بوپتۇ ئېيتىپ بېرەي. مەنمۇ ياش
ۋاقتىمدا سېنىڭدەك چىرايلىق ئىدىم، مې-
نىمۇ ساڭا ئوخشاش نۆگەستانىنىڭ دادىسى
ئەپقېچىپ كەلگەنىدى. مەن ئاتا - ئانام-
نى كۆرەلمەي شۇلارنىڭ دەردىدە
مۇشۇنداق «چۇك - چۇك» كېسەلگە
گىرىپتار بولۇپ قالدىم، كېيىنچە سەنمۇ
مۇشۇنداق كېسەلگە قالارسەنمىكىن، — دەپ
مەختۇمخانىنى قورقۇتۇپتۇ. شۇئان ئۇنىڭ
ئېسىگە ئاكىسى ئاقئۇلامبەدىخان كېلىپ،
ئاكىسىنى سېغىنىش ئوتلىرى يالقۇنجاپتۇ.

يالماۋۇز كەمپىرنىڭ مەختۇمخانىنى
ئۇنداق دەيدەيگە سېلىشىدا كۆڭلىگە
پۈككىنى بار ئىكەن. يالماۋۇز كەمپىرنىڭ
ئېرىنىڭ ھېسابسىز مال - چارۋىلىرى بو-
لۇپ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بار-

لىق مال ـ مۈلۈككە ئوغلى نۆگەستان ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى تۇتقۇزمىغانىكەن، بەلكى ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ قويىدۇ، دەپ كەمپىرنى چۆل قۇم دائىرىسىگە كەلمەيدىغانغا قوغلىۋەتكەنىكەن. نۆگەستان ئانىسىنىڭ ياۋۇزلۇقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىنى بىلىدىكەن. كەمپىرنىڭ ئوغلىغا مەختۇمخاننى كۆرسىتىپ قويۇشى، نۆگەستان ئاقئۇلامبەدىخانىنىڭ مىسران قىلچى ئاستىدا جېنىدىن جۇدا بولسا، مال ـ چارۋا ماڭا قالارمىكىن، ئەگەر مەختۇمخاننى قولغا چۈشۈرەلىسە ئۇنىڭ ماڭا بولغان كۆڭلى يۇمشاپ، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ، قانغا بولغان خۇمارلىقىمنى چارۋا ـ ماللىرى بىلەن قاندۇرۇپ تۇرارمىكىن، دېگەن ئىككى تۈرلۈك تەمەدە قىلغان ئىشى ئىكەن. ئەمما نۆگەستانىنىڭ كەمپىر بىلەن زادى كارى بولماپتۇ، ھالىدىن خەۋەرمۇ ئالماپتۇ. بۇنىڭغا كەمپىرنىڭ قورسىقى كۆيۈپتۇ.

— ئوغلۇڭدىن قانداق قۇتۇلارمەن؟ — دەپ مەختۇمخان كەمپىردىن سوراپتۇ.

— ئېرىڭ كەلگەندە ھەدەپ بالىلىرىڭنى ئۇردۇۋەر ھەم قاچىلارنى قالايمىقان ئېتىپ چاق. ئېرىڭ سېنىڭدىن نېمە بولدۇڭ؟ دەپ سورايدۇ. سەن شۇ چاغدا «مەن ئاكامنى بەك سېغىندىم. يا ئاكامنى كۆرسەتمىسەڭ، يا ئاتاڭدىن قالغان مال ـ يىلقىلىرىڭنى كۆرسەتمىسەڭ» دېگىن. ئۇ ساڭا چىدىماي ئاتىسىدىن قالغان يىلقىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. كەمپىرنىڭ بۇنداق ئۆگىتىشتىكى غەرىزى ئوغلىغا ئېرىدىن زادى قانچىلىك مال ـ چارۋا قالغانلىقىنى بىلىش ئىكەن.

مەختۇمخان ئېرى كەلگەندە كەمپىر ئۆگەنگەندەك قىپتۇ. ئېرى ئۇنىڭغا:

قاغىلار ئۇچتى، قەيەرگە چۈشتى،
قاراقاش مەختۇمغا نې مۈڭلار چۈشتى.
قۇشلار ئۇچتى، كۆرۈككە چۈشتى،
قاراقاش مەختۇمغا نې مۈڭلار چۈشتى.
سېغىزخان ئۇچتى قىيىرگە ① چۈشتى،
قارا قاش مەختۇمغا نې مۈڭلار چۈشتى؟ —

دەپ سوراپتۇ. مەختۇمخان دەرھال:

— مەن ئاكامنى بەك سېغىندىم. سەن يا ئاكامنى كۆرسەتمىسەڭ، يا مال ـ چارۋاڭنى كۆرسەتمىسەڭ. مەن دائىم ئاكامنىڭ چارۋىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈشنى ئادەت قىلىۋالغانىدىم، ھازىر مېنى ئاكامنى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن مال ـ يىلقىلارنى كۆرۈپ تۇرۇش خۇمارىم قىيناۋاتىدۇ. شۇڭا مېنى يا ئاكامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ كەل ياكى ھەممە يىلقىلىرىڭنى كۆرسەت، مېنى دېسەڭ ئىككىسىنىڭ بىرسىگە تۇر، دەپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ.

نۆگەستان ئامالسىزلىقتىن ئاتىسىدىن قالغان نەچچە تۈمەن قوي، نەچچە تۈمەن كالا ـ تۆگىلىرىنى مەختۇمخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ھەممىدىن كېيىن ئات ـ يىلقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ھەر ـ ھەر ئاتلار ئۆتكۈدەك، بويىنىڭ ئېگىزلىكى شۇ قەدەر ئىكەنكى، توغراقلارنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلارنى چاداپ يەپ تۇرغۇدەك. ئەڭ ئاخىرىدا بىر كۆك چامبۇل تارغىلات تاي ئۆتۈپتۇ. مەختۇمخاننىڭ كۆڭلى بىر نەر-

① قىيىر — دەريانىڭ تۈز، يېيىلما قىرغىقى.

سىنى تۇيۇپ، دەرھال ئېرىدگە:
— ماڭسا ئاشۇ تايىنى تۇتۇپ بەر، —
دەپ تۇرۇۋاپتۇ. نۆگەستانمۇ «ئىككى باللىق
بولۇپ قالدۇق، ئەمدى بۇ كەتمەس،» دەپ
ئويلاپ، تارغىلات تايىنى تۇتۇپ بېرىپتۇ.
بۇ تايىنى مەختۇمخان ئۆز قولى بىلەن بې-
قىپ ئۆزىگە كۆندۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن
نۆگەستاننىڭ ئادەملىرى:
— ھەي مەختۇمخان، بۇ تايىنى نې-
مىگە باقىسەن؟ — دەپ سورىشىپتۇ.
ئاتامىنىڭ ئورنىدا ئاتا قىلىپ، ئانامـ
نىڭ ئورنىدا ئانا قىلىپ، ئاكامنىڭ ئورنىدا
ئاكا قىلىپ باقىمەن، — دەپتۇ مەختۇمخان.
ئۇلار مەختۇمخاننىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ.
كۈن، ئايلار ئۆتۈۋېرىپتۇ. مەختۇمـ
خان نۆگەستانغا تۇيدۇرماي يوشۇرۇنچە نانـ
ئوزۇق تەييارلاپتۇ. نۆگەستان يىراق بىر
جايدىكى مال - يىلقىلىرىنى كۆرۈدىن كەـ
چۈرگەچ شىكارغا كەتكەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە،
تۈن نىسپىدىن ئۆتۈپ جاھان ئۇيقۇغا
غەرق بولغان چاغدا مەختۇمخان كۆك چامـ
بۇل تارغىلات تېيىغا مىنىپ، يۈك - تاق،
نان - ئوزۇقلىرىنى ئارتىپ قېچىپتۇ. ئىككى
بالىسى قاتتىق ئۇيقۇدا بولۇپ، ئانىسىنىڭ
ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماپتۇ. مەخـ
تۇمخان شۇ ماڭغىنىچە ئارغان دەرياسى
بويىغا كېلىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا دەريا
كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان. ئۇ تارغىلات تېيىغا
ئىشەنگەچكە قورقمايلا ئاتنى دەرياغا سې-
لىپتۇ. ئات بېشىنى تىك تۇتقىنىچە ئۈزۈپ
ئۇ قاتقا چىقىپتۇ. سەھەردە باللىرى ئويـ
غىنىپ قارىسا ئانىسى يوق ئىمىش. دەل
شۇ چاغدا نۆگەستان ئۆيىگە قايتىپ كې-
لىپتۇ. قارىسا باللىرى يىغلىشىپ ئولتۇرۇـ
غان، مەختۇمخان يوق. ئۇ باللىرىدىن
ئانىسىنى سورىسا بىلمەيمىز، دېيىشىپتۇ.
نۆگەستاننىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان چۈشۈپ
ئاتخانىغا كىرىپ قارىسا تارغىلات تايىمۇ،
ئېگەر - جابدۇقلىرىمۇ يوق تۇرغۇدەك. ئۇ
شۇئان بىرنەچچە ئادەملىرى بىلەن ئىككى
بالىسىنى ئېلىپ مەختۇمخاننىڭ كەينىدىن
قوغلاپتۇ. ئارغان دەرياسىنىڭ بويىغا كەلـ
سە مەختۇمخان ئۇ قاتتا چېچىنى تاراپ
ئولتۇرغۇدەك.
— ھەي مەختۇم، بۇ قاتقا ئۆت، بىز
ئۇبدان مەسلىھەتلىشىپ ئاغمىزنى ئىككـ
مىز بىللە يوقلاپ كېلەيلى، — دەپ
نۆگەستان ۋارقىراپتۇ. مەختۇمخان:
— ئىككى بالىنى سۇغا تاشلىساڭ
ئۆتىمەن، — دەپتۇ.
— نۆگەستان كۆۋەجەپ، قايناپ
ئېقىپ تۇرغان دەرياغا ئوغلىنى تاشلاپتۇ ۋە:
— ئەمدى ئۆتمەمسەن، — دەپتۇ.
مەختۇمخان:
— قىزىمنىمۇ تاشلىساڭ ئۆتىمەن، —
دەپتۇ.
نۆگەستان قىزىنىمۇ تاشلاي، دەپ
تەمشەلگەندە، ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسى كې-
لىپ قاپتۇ.
— ھەي ئاكا، نېمە قىلىۋاتىسەن؟
ئۇ سېنىڭ ئۇرۇقۇڭنى قۇرۇتۇۋېتىپ كېتىـ
مەن دەۋاتسا، سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن باـ
لاڭنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ نېمىشقا تاشلايسەن؟
ئارقاڭدا بىر قىزىڭ بولسىمۇ قالسۇن، —
دەپتۇ ئۇلار ۋە ئاكىسىنىڭ قولىدىن قىزنى
ئېلىۋاپتۇ.
مەختۇمخان بۇنى كۆرۈپ ئېتىغا مـ
نىپتۇ - دە، بىر قامچا ئۇرۇپ ئۇچقاندەك
راۋان بوپتۇ. مەختۇمخاننىڭ كۆك چامبۇل
تارغىلات ئېتىدىن باشقا ئاتلار ئارغان

دەرياسىدىن ئۆتەلمەيدىكەن. مەختۇمخان يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئارام ئالماي مېڭىشۋەرگەچكە، خېلىلا چارچاپتۇ. بىر كۈنى ئىلاجىسىز بىر جايدا ئارام ئالماقچى بولۇپ، ئېتىنى ئوتلىسۇن، دەپ قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا ئات يوق. خېلى يەرلەرنى ئىزدىسىمۇ ئېتىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. مەختۇمخان ئېتىنىڭ ئىزى بويىچە مېڭىپ ئىزدەپ كېتىۋاتسا بىر چۆلدە بىر توپ قۇلان ئۇچراپتۇ. ئۇ قۇلانلارغا قاراپ:

تۆۋىل كۆزلۈك تارغىل ئاتىم
كۆردۈڭلارمۇ قۇلانلار؟
سۇخسۇر بويۇن چامبۇل ئاتىم
كۆردۈڭلارمۇ قۇلانلار؟ —

دەپ نەزمە ئېيتىپتۇ. قۇلانلار زۇۋانغا كېلىپ:

تۆۋىل كۆزلۈك تارغىل ئاتىڭ
تەڭ بۇلاقتا تۇرادۇ.
سۇخسۇر بويۇن چامبۇل ئاتىڭ
سۇسالىقتا تۇرادۇ، —

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەختۇمخان تەڭ بۇلاق دېگەن يەرگە بارسا، راستىنلا ئېتى شۇ يەردە يۈرگۈدەك. مەختۇمخان:

تۆۋىل كۆزلۈك تارغىل ئاتىم
مېنى تاشلارەي بولدۇڭمۇ؟
مەختۇم دېگەن بۆركۈڭنى
چۆلدە تاشلارەي بولدۇڭمۇ؟ —

دەپ نەزمە ئوقۇپتۇ. ئات زۇۋانغا كېلىپ:

ئاچارلىقتا يادادىم،
سۇسالىقتا سۇسادىم. —

دەپ جاۋاب بەرگەچ كېلىپ، مەختۇمخاننىڭ قوللىرىنى يالاپتۇ.

مەختۇمخان قارىغۇدەك بولسا تۇخۇمدەك سېمىز ئېتى ئۇرۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان كۆرۈنۈپتۇ. ئېتىغا ئىچى ئاغرىپ مەختۇمخاننىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتىپتۇ. مەختۇمخان بىر ئايەت ئوقۇپ «كۆرپە قىياق بول» دەپ بىر تال چېچىنى تاشلاپتىكەن، يەردىن كۆرپە قىياق گىياھلار ئۈنۈپ چىقىپ كەڭ چۆل ياپيېشىل كۆكلۆلمەيدانغا ئايلىنىپتۇ. يەنە بىر ئايەت ئوقۇپ: «بۇلاق ھاسىل بولغايسەن» دەپ يەرنى ماتىلاپتىكەن، يەردىن شۈئان سۇ چىقىپتۇ. مەختۇمخان ئېتىنى تويغۇزۇپ، سۇغىرىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاكىسىنى قەيەردىن تېپىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپتۇ. ئويلا-ئويلا ئاكىسىنىڭ:

يازىن يايلاقىم ئالمىچى، سىڭلىم،
قىشىن قىشلاقىم قارغىچى، سىڭلىم.
كۆزىن كۆزلەكىم چوڭ شەھەر، سىڭلىم،
ئۇندا بولماسام ئۆلدى دېگەيسەن،

دېگەن قوشىقى ئېسىگە كېلىپ، ئاۋال ئالمىچى دېگەن يەرگە بېرىپتۇ. سۈرۈشتۈرسە بۇ يەردە ئاكىسى يوق ئىكەن. ئاندىن قارغىلىققا بېرىپ ئەل-يۇرتتىن سوراشتۇرسا يەنىلا يوق بولۇپ چىقىپتۇ. بەزىلەردىن «ئاقئۇلامبەدىخان چوڭ شەھەر (خوتەن) دە» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ سورا-سورا چوڭ شەھەرگە بېرىپتۇ. ئويان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ، ئاخىر بىر ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۆستەڭ بويىدا چىرايلىق بىر ئۆينى كۆرگەن مەختۇمخان ئېتىنى سۇغارغاچ شۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ھېلىقى

ئۆيدىن بىر قىز ئاپتوۋا كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپتۇ. مەختۇمخان ئاپتوۋىنى تونۇغاندەك بوپتۇ. ھېلىقى قىز سۇنى ئېلىپ ماڭاي دېگەندە مەختۇمخان:

— ھەي قىز، توختاڭ، سۇيىڭىزدىن بىر ئىچۋالاي، — دەپتۇ.

— ھەي ئانا، بۇ دېگەن تەرەت سۇيى، ئۆستەڭدىن ئىچىڭ، — دەپتۇ.

— كېرەك يوق، ئىچۋېرەي، ئەكىلىڭ، — دەپ مەختۇمخان ئاپتوۋىغا قولىنى سۇنۇپتۇ. قىز ئاپتوۋىنى بېرىپتۇ. مەختۇمخان سۇ ئىچكەن بولۇپ ئاكىسى بەرگەن ئۈزۈكنى ئاپتوۋىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئاندىن قىزدىن:

— ھەي قىزچاق، سۇنى نەگە قويىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قازانغا قويىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز. مەختۇمخان:

— ئۇنداق بولسا دادىڭىز بىر قېتىم قوي دېگەندە قويماڭ، ئىككىنچى قېتىم دېگەندىمۇ قويماڭ، ئۈچىنچى قېتىم دېگەندە ئاغزىدىن دۈم قىلىپ بىراقلا تۆكۈڭ، — دەپتۇ.

قىز ئۆيگە كىرىپ، سۇنى قازانغا قويماي جىم تۇرۇپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان ئۈچىنچى قېتىم قوي، دېگەندە ئاپتوۋىنى دۈم قىلىپ شاررىدە قويۇپتىكەن، ئۈزۈك جاراڭلىدە قىلىپ قازانغا چۈشۈپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان:

— ھەي قىز، قازانغا چۈشكەن نەرسىنى ئەكەلگىن، مەن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ. قىز قازاندىن ئۈزۈكنى ئېلىپ ئاقئۇلامبەدىخانغا بېرىپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان سىڭلىسىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇ ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ سىيلاپ باقسا، ئۆزى مەختۇمخانغا بەرگەن ئۈزۈك ئىمىش. بۇ ئۈزۈك ئەسلىدە ئەڭگۈشتەر ئىكەن. ئاقئۇلامبەدىخان دەرھال ئۈزۈكنى كۆزىگە سۈركىگەنىكەن، كۆزى بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ ئېچىلىپتۇ. ئۇ شۇئان:

— بۇ ئۈزۈكنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قىزدىن. قىز:

— ئۆستەڭ بويىدا بىر ئايال سۇ ئىچۋالاي دەپ ئاپتوۋىنى سورىغانىدى، بەلكىم شۇ ئايال سېلىپ قويغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان خۇشاللىقىدا ئالدىراپ چىقىپ قارىسا، سىڭلىسى مەختۇمخان ئىكەن. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، يىغلىشىپتۇ، ئۆيگە كىرىپ مۇڭدىشىپتۇ، بېشىغا چۈشكەن كۈنلىرىنى، كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشىپتۇ.

ئارىلىقتا بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا نۆگەستان مەختۇمخاننىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ يىگىنى ئوزۇق بولماي، ئۇخلاي دېسە كۆزى يۇمۇلماپتۇ. كۈنى ھەسرەت-نادامەت بىلەن ئۆتۈپ، كۈندىن-كۈنگە جۈدەپ كېتىپتۇ، بىر كۈنى ئۇ ئانىسىغا يالۋۇرۇپ:

— ھەي ئانا، قانداق قىلسام مەختۇمخاننى تاپىمەن، ماڭا بىر يول كۆرسەتسەڭ، — دەپتۇ.

ئانىسى بولغان ھېلىقى يالماۋۇز كەمپىر كۆڭلىدە «ھە، ئەمدى بۇنىڭدىن قۇتۇلىدىغان پەيت كەلدى، مال-چارۋا، دەپى-دۇنيانىڭ ھەممىسى ماڭا قالىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ مۇنداق دەپتۇ:

— بولىدۇ، مەن ساڭا بىر يول كۆرسىتەي، سەن بىر ئامال قىلىپ ئارغان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپ، خوتۇنۇڭ

چېچىنى تارىغان يەرنى ئوبدان ئىزدىسەك ئۇ يەردىن ئۇنىڭ چۈشكەن چاچلىرى تېپىلىپ قالار. سەن شۇنى ئارغامچا ئېشىپ، شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ «ئارغامچا ساتىمەن» دەپ تۇۋلاۋەر. خېرىدارلار نەچچە پۇلغا ساتىسەن؟ دېسە، مۇزايلىق ئىنەك بىلەن قوزىلىق قويغا تېگىشىمەن، دېگىن. كىشىلەر ئارغامچاڭنى ئۇنچىلىك كۆپ نەرسىگە ئالمايدۇ، لېكىن ئۇنى كۆتۈرۈپ شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ تۇۋلاۋەرگىن. مەختۇمخان تۇرغان شەھەرگە يېتىپ بارغىنىڭدا ئاۋازىڭنى ئاڭلىغان ھامان ئۇ چوقۇم چىقىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق قىلساڭلا، خوتۇنۇڭنى تاپالايسەن، — دەپتۇ.

نۆگەستان ئانىسىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئارغان دەرياسى بويىغا كەلسە دەريانىڭ سۈيى سوغۇلۇپ، ئاتىنىڭ قورسىقىغا كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ دەريادىن ئۆتۈپ مەختۇمخان چاچ تارىغان يەرگە كېلىپ قارىسا، يانتاق تىكەن تۈۋىدە بىر نەچچە تال سۇمبۇل چاچ تۇرغۇدەك. نۆگەستان چاچلارنى ئېشىپ ئارغامچا ياساپتۇ. ئاندىن يولغا راۋان بوپتۇ، شۇ ماڭغىنىچە يۇرت-ئەل ئارىلاپ بىرنەچچە شەھەرگە بېرىپ «ئارغامچا ساتىمەن، مۇزايلىق ئىنەك، قوزىلىق قويغا تېگىشىمەن» دەپ تۇۋلاۋېرىپتۇ. ئۇ شۇ تەرىقىدە مېڭىپ چوڭ شەھەر — خوتەنگە بېرىپتۇ.

بىر كۈنى مەختۇمخان ئۆيدە ئولتۇرسا، «ئارغامچا ساتىمەن، مۇزايلىق ئىنەك بىلەن قوزىلىق قويغا تېگىشىمەن» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. تازا دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئالاغا چىقىپتۇ. قارىسا ئېرى نۆگەستان ئىكەن. ئۇ ئورۇقلاپ جىنى ئاران قالغان ھالدا تۇرغۇدەك. مەختۇمخاننىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— يۈر، ئۆيگە كىرىپ چاي-پاي ئىچكىن، — دەپتۇ. لېكىن نۆگەستان:

— ماڭا چاي قۇيىمەن، دېمە. مەن سېنىڭ تىزىڭغا بېشىمنى قويۇپ بىردەم ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋالاي، — دەپتۇ.

مەختۇمخان ماقۇل، دەپ ئولتۇرۇپتۇ. نۆگەستان مەختۇمخاننىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلىغان پېتى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. مەختۇمخان بۇ ئىشنى ئاكىسىغا خەۋەر قىپتۇ، شۇنداقلا ھەقىقىي ئەھۋالنى قالدۇرماي بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان ناھايىتى ئادىل، ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغاچقا:

— سىڭلىم، نۆگەستان ماڭا دۈشمەن بولسىمۇ، يەنىلا سېنىڭ ئېرىڭ. ئۇ سېنى دەپ شۇنچە جاپالارنى چېكىپتۇ، سېنىڭ تىزىڭغا باش قويۇپ قازا قىپتۇ. شۇڭا بۇنى ئۆز دىنىمىز بويىچە يۇيۇپ-كېپەنلەپ يەرلىكىدە قويايلى، — دەپتۇ ۋە شۇنداق قىلىشىپتۇ. ئاقئۇلامبەدىخان بىلەن مەختۇمخان ئاخىرقى ئۆمرىنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: بېغىم نىياز
رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھۆيدىن سايىت

# شاھزادە نۇردىيار

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا چىن ماچىن شەھىرىدە نادىر شاھ ئاتلىق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. نادىر شاھ شاھلىق تەختىدە 40 يىل دەۋران سۈرۈپتۇ.

ئەمما ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدىغۇدەك بىرەر پەرزەنتى يوق ئىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ تامام خوتۇنلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇپتۇ. شاھ بارغانسېرى تەرسالىشىپ، دائىم كۆڭلى غەش يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ۋەزىر ۋە شاھنىڭ يېقىنلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، شاھنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇشۇپتۇ. نادىر شاھ ئۆيلىنىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشتىن بەكمۇ خۇرسەن بولغان نادىر شاھ خەلققە خەيرى-ئېھسانلار قىپتۇ. شاھنىڭ خوتۇنى ۋاقتى سائىتى يېتىپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. نادىر شاھ پۈتۈن ئەلگە 40 كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ ئېتىنى نۇردىيار قويۇپتۇ. شاھزادە يەتتە ياشقا توشقاندا ئۇنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپ شاھزادە نۇردىيار بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ چوپ-چوڭلا يىگىت بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شاھزادە تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناۋېتىپ، كوچا ئاغزىدىن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. نۇردىيار ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىسا، ھەرخىل ئوۋ قۇراللىرىنى ئاسقان بىر توپ ئوۋچىلار كېلىۋاتقان ئىكەن. شاھزادە «مەن شۇنچىلىك بولغىچە مۇشۇ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقماپتىمەن. ئاشۇ ئوۋچىلارغا قوشۇلۇپ تاغ-داللارنى سەيلى قىلىپ كەلمەيمۇ» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئوردىغا قايتىپ بېرىپ شاھ دادىسىدىن ئۆزىنى ھېلىقى ئوۋچىلارغا قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ گېپىنى يەردە قويماي ئۇنى ئوۋچىلارغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار ئوۋچىلارغا قوشۇلۇپ شەھەردىن چىقىپتۇ. ئۇلار ماڭا-ماڭا بىر يەرگە كەلگەندە يول تەرەپ-تەرەپكە بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ، بۇ چاغدا ئوۋچىلارنىڭ بىرى:

— ئەي شاھزادە، بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە ھەر بىرىمىز بىر يولغا قاراپ ماڭىمىز، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن ھەممىمىز مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىمىز. ئەمما سىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆيدىن چىقىشىڭىز. شۇڭا سىز يالغۇز ماڭماي كىمنى خالىسىڭىز شۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ.

— ھەي ئوۋچىلار، — دەپتۇ شاھزادە نۇردىيار، — مەنمۇ بالاغەتكە يەتكەن بىر

يىگىتمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يوللار ھەر
بىرىڭىزگە بىردىن توغرا كېلىدىكەن.
شۇڭا مەنمۇ ئۆزۈم يالغۇز بىر يولغا
چۈشەي.

— بۇ گېپىڭىزگە قوشۇلالمايمىز. چۈن-
كى سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزغا بىز كېپىل، —
دېيىشىپتۇ ئۇۋچىلار. ئەمما شاھزادە ئۆز
گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇۋچىلار ھەر-
قانچە يېلىنىپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، شاھزادە
بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئۆزى يالغۇز بىر
يولغا چۈشۈپ، ئېتىغا بىر قامچا سېلىپلا
بوراندەك چاپتۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار شۇ ماڭغىنىچە
ئېتىنى توختىتماي چاپتۇرۇپ خېلى ئۇزاپ
كېتىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ئۇچرىغۇدەك ھېچ-
نەرسە ئۇچرىماپتۇ. ئۇ ئوۋ تاماسى بىلەن
ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا
يىراقتىن بىر قارا كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە
ئوقياسىنى بەتلىگەن پېتى ئۇ قارا كۆرۈن-
گەن يەرگە يېقىنلاپ مېڭىپتۇ. قارىغۇدەك
بولسا ئۇ ناھايىتى ئالدىراش كېتىۋاتقان
بىر ئادەم ئىكەن. شاھزادە نۇردىيار ھېلى-
قى ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئېتىنى توخ-
تىتىپتۇ. ئۇ ئادەم كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچ-
قان، چىرايى تاتارغان، ئاپئاق ساقىلى مەي-
دىسىگە چۈشكەن، بەللىرى يادەك ئېگىل-
گەن بىر بوۋاي ئىكەن.

— ئەسسەلامۇئەلەيكۇم بوۋا، — دەپ
سالام بېرىپتۇ شاھزادە نۇردىيار.
ھېلىقى بوۋايمۇ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام، — دەپ توخ-
تاپتۇ.

— ئەي بوۋا، نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ
سوراپتۇ نۇردىيار، — نېمىشقا مۇنچىۋالا
ئالدىراپ ماڭىسىز؟

— ئەي ئوغلۇم، سوراپ قالدىڭ.
جاۋاب بەرمىسەم بىئەدەبلىك بولىدۇ.
كېچە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئاس-
ماندىن بىر ئاي چۈشۈپ ئۇڭ يېنىمدىن
كىرىپ، سول يېنىمدىن چىقىپ كەتتى.
بىر كۈن چۈشۈپ ياقامدىن كىرىپ، ئېتە-
كىمدىن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى كۆرگەن
چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى سورىسام قۇرئەنداز-
لار «بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراق بىر جاي-
غا بارسىڭىز، شۇ يەردە كۆرگەن چۈشۈ-
ڭىزنىڭ تەبىرى يېشىلىدۇ» دېگەنىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەن تۇرۇپ يولغا
چىقتىم. مەنزىلىم يىراق. ئەمدى مېنى
گەپكە تۇتماي يولۇڭغا ماڭ!

شاھزادە نۇردىيار كۆڭلىدە ياشىنىپ
بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بۇ بوۋاينىڭ
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ غەيرىتىگە ھەي-
ران قاپتۇ.

«بىر قېرى بوۋاي شۇنچە مۇشەققەت-
كە چىداپ، بىر مۇشكۈل ئىشنى ئۆز ئۈس-
تىگە ئاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ياردەمدە بولسام
ياخشى بولغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ بوۋايغا:

— ئەي بوۋا، مەنزىلىڭىز يىراق
ئىكەن. سىز مۇشۇ جايدا مېنى ساقلاپ
تۇرۇڭ. مەن سىز ئۈچۈن بېرىپ، چۈشى-
ڭىزنىڭ تەبىرىنى بىلىپ كېلەي، — دەپتۇ.

— ئەي ئوغلۇم، ياخشى كۆڭلۈڭگە
رەھمەت. مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. چۈنكى
ھەرىكەتسىز ئىشتا بەرىكەت يوق، — دەپتۇ
بوۋاي.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شاھزادە نۇر-
دىيار بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن
مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بوۋا، ئۇنداقتا سىز چۈشى-
ڭىزنى ماڭا سېتىپ بېرىڭ. سىزمۇ بۇ

مۇشەققەتتىن بىر يولى خالاس بولۇڭ.

— ئەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي، — ئۆزۈڭگۇ خېلى ئەقىللىق بالىدەك تۇرىسەن. ماقۇل، چۈشۈمنى ساڭا سېتىپ بەرسەم بېرەي. ئەمما بىر ئاز قىممەتىرەك. ماڭا ئىككى مىڭ تىللا بەرسەڭ ئاندىن چۈشۈمنى ساڭا بېرەي.

شاھزادە نۇردىيار يېنىدىن ئىككى مىڭ تىللانى ئېلىپ بوۋايغا بېرىپتۇ. ئۆزى بولسا ئۈچ ئايلىق مەنزىلنى كۆزلەپ يولغا چۈشۈپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار شۇ ماڭغىنىچە، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريالارنى كېچىپ، چۆللەردىن ئېشىپ بىر جاڭگاللىققا يېتىپ كەپتۇ. كەچ بولۇپ كۆز باغلانغاندا بىر تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئەسكى ئۆيگە كۆزى چۈشۈپتۇ. نۇردىيار: «شۇنچە ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. مىنگەن ئېتىممۇ ھاردى. بۈگۈن كېچە مۇشۇ خارابىلىقتا ئارام ئېلىۋېلىپ، ئەتە يولۇمنى داۋاملاشتۇراي» دەپ ئويلاپ، ھېلىقى ئەسكى ئۆيگە چۈشۈپتۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئەسلا بىلمىگەن ئىكەن. نۇردىيار ئېتىنى بوغۇز بېرىپ قويۇپ، ئۆزى ئارام ئېلىشقا يېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئۇ قانداقتۇر بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىسا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئىكەن. بۇ ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشقا باشلاپتۇ. شاھزادە: «بۇ چۆل باياۋاندا ئۈچ ئايدىن بېرى ھېچنەرسە ئۇچرىمىغانىدى. بۇ نېمە گەپتۇ» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، ئىككى ئاتنى يېتىلىۋالغان بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ.

— تېز ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئاتقا مىنىپ، مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭ، — دەپتۇ ئۇ كىشى ناھايىتى پەس ئاۋازدا.

بۇ ئىشقا ھەيران قالغان شاھزادە: «نېمە بولسا بولسۇن، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن» دەپ، گەپ - سۆز قىلماي ھېلىقى ئادەم كۆرسەتكەن ئاتقا مىنىپتۇ. ھېلىقى ئادەم يەنە:

— مېڭىڭ، — دەپ ئىشارەت قىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بىر كېچە يول ماڭغاندىن كېيىن تاڭ يورۇپتۇ. بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بولغان شاھزادە نۇردىيار ھېلىقى ئادەمدىن:

— ھەي ئاكا، سىز كىم بولىسىز؟ مېنى نەگە ئاپىرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى ئادەم كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپتۇ. لېكىن ھەر ئىككىسى ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قاراپلا قاپتۇ.

نۇردىيارنىڭ ئالدىدىكى بۇ كىشى ئەسلىدە ئايدەك گۈزەل بىر پەرى ئىكەن. ئۇ «ھېلىقى بوۋاينىڭ چۈشىدە كۆرگىنى مۇشۇ ئاي ئىكەن - دە،» دەپ ئويلاپتۇ. نۇردىيار ئۇ قىزغا ئاشىق شەيدا بوپتۇ.

قىز نۇردىيارنى كۆرۈپ دەسلەپ ھەيران بوپتۇ. كېيىن ئاستا - ئاستا چىرايى ئۆڭۈپ، شاھزادىغا مۇنۇلارنى ئېيتىپتۇ:

— ھەي يىگىت، ئاتام بىلەن ئانام كوھىقاپتا تۇرىدۇ. ئۇلار مېنى يېقىن بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئوغلىغا بەرمەكچى بولغانىدى. بىراق ئاتام بىلەن ھېلىقى تۇغقىنىمىزنىڭ ئارىسىدا ئارازلىق پەيدا بولۇپ، مېنى ئۇنىڭغا بېرىشتىن يالتىيىۋالدى. يىگىت

بىلەن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشەتتۇق. بۇ تويي بۇزۇلغاندىن كېيىن بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي بېشىمىز قاتتى. ئاخىر مەن يىگىتكە بۈگۈن كېچە مېنى سىز بىلەن ئۇچراشقان خارابىلىقتا ساقلاپ تۇرۇشنى جېكىلىگەن ئىدىم. مەن سىزنى شۇ يىگىت دەپ ئويلاپ بۇ يەرگە باشلاپ كەپتىمەن. خەير، ئەمدى ئىش ئۆتتى. پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەمدى سىز بۇ يەردىن كېتىڭ!

— ھەي گۈزەل پەرى، مەن بۇ يەرگە مۇساپىرمەن. سىزنىڭ ئىشقى ئوتىڭىز يۈرىكىمگە تۇتاشتى. ئەمدى سىزدىن ئايرىلىپ ھېچيەرگە كېتەلمەيمەن، — دەپتۇ شاھزادە نۇردىيار.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز، — سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى. مېنى كەچۈرۈڭ، سىزنى قېشىمدا ئېلىپ قالالمايمەن.

شاھزادە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ:

— ئەي گۈل يۈزلۈك پەرى، سىزنىڭ گۈزەل جامالىڭىزنى كۆرۈپ، شېرىن سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرۇشنى بەخت دەپ بىلىمەن. ئەگەر سىزنىڭ سۆيگەن يارىڭىز كېلىپ قالغۇدەك بولسا، مەن سىزنىڭ چاكىرىڭىز بولاي. مېنى قېشىڭىزدا ئېلىپ قالسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

يىگىتنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ پەرىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەپتۇ.

— مەيلى، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دەپتۇ پەرى، — ئەگەر بىر ئايغىچە يىگىتىم مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، سىز بىزگە خىزمەتكار بولۇڭ، بىر ئايغىچە كەلمىسە ئىختىيارىمنى سىزگە تاپشۇراي.

شاھزادە نۇردىيار قىزنىڭ بۇ شەرتىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقىپتۇ. بىر ھەپتە ماڭغاندىن كېيىن چۆل - جەزىرە تۈگەپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر دېڭىز نامايان بوپتۇ. ئۇلار دېڭىز بويىغا كېلىپ توختاپتۇ. بۇ چاغدا پەرى شاھزادىگە قاراپ:

— ھەي نۇردىيار، ئېتىڭىزنىڭ تۇمشۇقىغا مېنىڭ ئېتىمنىڭ قۇيرۇقىنى چىگىپ كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ! — دەپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بىر پەستىن كېيىن پەرى ئۇنىڭغا:

— ئەمدى كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپتۇ. نۇردىيار كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى بىپايان دېڭىزنىڭ نېرىقى چېتىدە كۆرۈپتۇ.

— بىز دېڭىزدا قانچىلىك ماڭدۇق؟ — دەپ سوراپتۇ نۇردىيار.

— دېڭىزدا بىر ھەپتە يول يۈردۇق، — دەپتۇ قىز.

ئۇلار يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار توختىماي مېڭىپ 15 كۈن بولغاندا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر تۈپ چىنارغا ئاتلىرىنى باغلاپتۇ.

— ئەي نۇردىيار، بىز يولغا چىققىلى ساق بىر ئاي بولدى. مېنىڭ يىگىتىمدىن ھازىرغىچە دېرەك يوق. ئەمدى ۋەدە بويىچە مەن سىزگە تەئەللۇق بولدۇم، سىز شەھەرگە كىرىپ مۇۋاپىق بىر تۇرار جاي تېپىڭ. مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي، — دەپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار دەرھال شەھەرگە كىرىپ بىر دەللالنى تېپىپ ئۇنىڭغا بىر تىللا بېرىپتۇ ۋە ئۆزىگە ياخشى بىر قورو جاي تېپىپ بېرىشنى سوراپتۇ. دەللال ئۇنى باشلاپ چىرايلىق بىر ھويلىغا ئاپىرىپتۇ. بىر دەمدىلا سودا پۈتۈپ، نۇردى-

يار قىزنىڭ ئالدىغا قايتىپتۇ.

شاھزادە قىزنى باشلاپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. قىز شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ چىرايلىق ئىمارەتنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر قۇر تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن قۇلۇم-قوشنىلارنى چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇۋاپتۇ.

كۈنلەر خۇشال-خورام ئۆتۈپتۇ.

بىر كۈنى خوتۇنى شاھزادە نۇردىيارغا:

— ئەي نۇردىيار، بىز بۇ شەھەرگە ماكانلىشىپ قالدۇق. شۇڭا سىز ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا كۆرۈنۈپ، ئۆزىڭىزنىڭ بۇ شەھەرنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ، بولمىسا كېيىن بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپ قالمايلى، — دەپتۇ. ۋە شاھزادە نۇردىيارغا ئىككى دانە گۆھەرنى بېرىپتۇ.

نۇردىيار ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشاھقا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن ھېلىقى ئىككى دانە گۆھەرنى سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بۇ گۆھەرلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.

بۇ كېلىشكەن، ئەدەب-قائىدىلىك يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ. نۇردىيار پادىشاھقا ئۆزرە ئېيتىپتۇ: «بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن» دەپ ئۇنىماپتۇ.

پادىشاھ:

— سىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئوردىغا كېلىپ مەن بىلەن ناشتا قىلسىڭىزلا بولىدۇ. باشقا ئىشلاردىن غەم قىلماڭ، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ شاھزادە نۇردىيار ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئوردىغا بېرىپ پادىشاھ بىلەن بىللە ناشتا قىلىدىغان، ئاندىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، قالغان ۋاقتىنى خوتۇنى بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئايالىمۇ بارغانسېرى نۇردىيارنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

بىر كۈنى نۇردىيارنىڭ خوتۇنى ئېرىنى بازارغا ئەۋەتىپ بىر پارچە يىپەك رەخت بىلەن ھەرخىل مەشۇت يىپلارنى ئەپكەلدۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۇ ئېرىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كېچىچە ئۇخلىماي بىر بىر كەشتىلىك ياغلىق تىكىپ پۈتكۈزۈپتۇ. ئەتىسى نۇردىيار ئويغىنىپ، ئوردىغا ماڭىدىغان چاغدا، كەشتە ياغلىقنى ئۇنىڭ بېلىگە باغلاپ قويۇپتۇ، بۇنداق چىرايلىق كەشتە ياغلىقنى تۇردىيار ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىكەن.

نۇردىيار ئوردىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ نۇردىيارنىڭ بېلىدىكى ياغلىققا كۆزى چۈشۈپتۇ.

— ھەي ۋەزىرىم، بۇ كەشتە ياغلىقنى كىم تىكتى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— خوتۇنۇم تىكتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نۇردىيار.

— ئەجەبمۇ چىرايلىق تىكىپتا، بۇ ياغلىقنى، — دەپتۇ پادىشاھ.

نۇردىيار بېلىدىكى ياغلىققا پادىشاھنىڭ كۆزى چۈشكەنلىكىنى سېزىپ، دەرھال ياغلىقنى بېلىدىن يېشىپ شاھقا تەقدىم قىپتۇ. پادىشاھ ياغلىقنى ئېلىپلا بېلىگە باغلاپتۇ ۋە نۇردىيارغا رەھمەت ئېيتىپتۇ.

ناشتىدىن كېيىن شاھزادە نۇردىيار ئادىتى بويىچە ئۆيىگە قايتىپتۇ.

پادىشاھ ھەرەمدىكى قىرىق خوتۇنى بىلەن تۆتيۈز كېنىزىكنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ ۋە ئۇلاردىن:



— قايسىڭلار مۇشۇنداق كەشتە ياغلىق تىكەلەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ ئاياللارنىڭ ھېچقايسىدىن زۇۋان چىقماپتۇ. پادىشاھ سوئالنى ئىككىنچى قېتىم ياندۇرۇپ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرسى:

— ئەي شاھىم، بۇنداق ياغلىقنى ئادەمزاتى تىكەلمەيدۇ. بۇ پەقەت پەرىزاتلارنىڭلار قولىدىن كېلىدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قولىدىكى ياغلىققا قايتىدىن قاراپ كېتىپتۇ ۋە «تىككەن كەشتىسى بۇنچە چىرايلىق بولسا ئۆزى قانچىلىك چىرايلىقتۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. ئۇ نۇردىيارنىڭ خوتۇنىغا غايىبانە ئاشىق بوپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئىشق خەنجىرى سانچىلىپتۇ ۋە بىھوش بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ۋەزىرلەر دەرھال پادىشاھقا ئىسپار، ئەنبەرنى پۇرۇتۇپ، گۇلاپلارنى چېچىپ يۆلەپتۇ. پادىشاھ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ۋەزىرلەردىن بىرى ئۇنىڭغا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىلىنىڭ دەردلىرىنىڭ داۋاسى ئاسان. نۇردىيار ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى ئادەم. سىلى ئۇنىڭغا ئىككى دانە گۆھەر ئېلىپ كېلىشىنى بۇيرۇسىلا. ئەگەر ئۇ گۆھەرنى ئېلىپ كەلسە «خەزىنەمدە تۆت دانە گۆھەر بار ئىدى، شۇنى سەن ئوغرىلىغان ئىكەنسەن» دەپ ئۇنى زىندانغا تاشلاتسىلا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خوتۇنى سىلىگە قالىدۇ. ئەگەر گۆھەرنى ئېلىپ كېلەلمىسە «پەرمانىمنى ئورۇندىمىدىڭ» دەپ ئوخشاشلا زىندانغا ھۆكۈم قىلىدىلا... — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە پادىشاھ ئىككىنچى كۈنى ناشتىدا نۇردىياردىن يەنە ئىككى دانە گۆھەر تەلەپ قىپتۇ. «ئۆيدە يەنە ئىككى دانە گۆھەر بار بولسىغۇ ئەپكېلىپ شاھقا بېرەرمەن. ئەگەر بولمىسا قانداق قىلارمەن» دەپ بېشى قاتقان نۇردىيار غەمكىن ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئېرىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرگەن خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— ئەي نۇردىيار، بۈگۈن ئەجەب

پەرىشان كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. نۇردىيار شاھنىڭ پەرمانىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئەي جانىنىم، سىز بۇنىڭدىن غەم قىلماڭ. بۇنىڭ ئامالى بار، — دەپتۇ خوتۇنى ۋە بىر پارچە خەت يېزىپ نۇردىيارنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. ئاندىن مۇنۇلارنى دەپتۇ:

— سىز ھازىرلا يولغا چىقىپ بىز كەلگەن يول بىلەن ماڭسىڭىز ھېلىقى دېڭىزغا يېتىپ بارىسىز. دېڭىز ياقىسىغا بارغاندىن كېيىن، كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ ئەللىك قەدەم مېڭىپ، ئۇ يەردە سۇدىن چىقىپ تۇرغان بىر ئاق تاشنى كۆرىسىز، ئۇ تاشنىڭ چوڭلۇقى تۆگىدەك كېلىدۇ. سىز مىنىپ بارغان ئېتىڭىزنى دېڭىز ياقىسىدا باغلاپ قويۇپ، ئۆزىڭىز ئاق تاشقا دەسسەپ تۇرۇپ تاشنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئاتلىسىڭىز ئۇستىنى سۇ بېسىپ كەتكەن بىر كۆۋرۈكنى دەسسەيسىز. سىز شۇ كۆۋرۈك بىلەن مېڭىۋەرسىڭىز بىر ئىشىككە يېتىپ بارىسىز. ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىرسىڭىز، گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدىكى بىر يولغا چىقىپ قالىسىز، شۇ يول بىلەن مېڭىپ بىر يەرلەرگە بارغاندا ئالدىڭىزغا بىر گۇمبەز ئۇچرايدۇ. گۇمبەزنىڭ ئىچىدە بىر ھەشەمەتلىك ساراي بار، سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئالتۇن تەخت قويۇلغان بولۇپ، تەختنىڭ ئۇستىدە بىر مەلىكە ئۇخلاپ ياتىدۇ. مەلىكىنىڭ باش تەرىپىدە بىر ئەينەك قۇتىدا دورا بار. دورىنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ بۇرنىغا پۇراتسىڭىز ئۇ دەرھال ھوشىغا كېلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا خەتنى كۆرسىتىڭ.

نۇردىيار خەتنى قوينىغا سېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

پادىشاھ نۇردىيارنى گۆھەر ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپ ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۈچ كۈنگىچە نۇردىيارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەندىن كېيىن پادىشاھ ئىككى ۋەزىرىنى نۇردىيارنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. نۇردىيارنىڭ خوتۇنى ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ ئېرىمدە نېمە ئىشىڭلار بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىز پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى بولىمىز. نۇردىيار ئۈچ كۈندىن بېرى ئوردىغا بارمىدى. شۇڭا ئۇنى چاقىرغىلى كەلدۇق، — دەپتۇ ۋەزىرلەر.

— پادىشاھ نۇردىيارنى بىر ئىشقا بۇيرۇغان. ئۇ شاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىغىلى كەتتى. قايتىپ كېلىپلا ئوردىغا بارىدۇ، — دەپتۇ نۇردىيارنىڭ خوتۇنى دەرۋازىنى ئاچماي تۇرۇپ.

ۋەزىرلەر ئوردىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ دەرھال بىرقانچە كېنىزەكنى نۇردىيارنىڭ خوتۇنىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى بىللە ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. كېنىزەكلەر نۇردىيارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى مەلۇم قىپتۇ. نۇردىيارنىڭ خوتۇنى كېنىزەكلەرنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. كېنىزەكلەر بۇ ئايالنىڭ ھۆسن-جامالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. ئۇنىڭ تەييارلىغان ئاش-تامىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بوپتۇ. ئۇلار ئۆمرىدە بۇنداق مەزز-

لىك تاماقنى يەپ باقمىغانىكەن. تاماقتىن كېيىن كېنىزەكلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۆيگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. نۇردىيارنىڭ خوتۇنى ئۇلارغا:

— ئەي كېنىزەكلەر، سىلەر بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىپ قويۇڭلار، نۇردىيار ئۆيدە يوق. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز مېھماندارچىلىققا بېرىشقا ھەددىم يوق، — دەپتۇ ۋە كېنىزەكلەرنى ئۇزىتىپ قويۇپ دەۋازىنى مەھكەم تاقاپتۇ.

كېنىزەكلەر ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن نۇردىيارنىڭ خوتۇنىنىڭ ھۆسن-جامالى، ئۇ ئەتكەن غىزا-تائاملار ۋە ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ شاھقا مەلۇم قىپتۇ. ئۇ ئاي يۈزلۈك جانانىنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تاقەتى-تاق بولغان پادىشاھ جاللاتلىرىدىن يىگىرمە-ئوتتۇز ئادەمنى قوراللاندۇرۇپ، نۇردىيارنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ جاللاتلار قىلىچلىرىنى ئويناتقان پېتى نۇردىيارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە دەرۋازىنى ئۇرۇپ ۋارقىراپتۇ:

— ئەي، نۇردىيارنىڭ خوتۇنى، ئاڭلىمىدىم دېمىگىن! ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ پەرمانى شۇكى، سەن دەرھال ئالدىمىزغا چۈشۈپ شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا بارىسەن. بولمىسا كېيىن قانچە پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ...

نۇردىيارنىڭ خوتۇنى ھويلىغا چىقىپ:

— ئەي جاللاتلار، كەينىڭلارغا يېنىڭلار. سىلەر بېرىپ پادىشاھقا شۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلاركى، بىرىنچىدىن، مەن بۇ شەھەرگە پۇقرا بولۇپ، تۇزۇڭلارنى يېمىدىم. ئىككىنچىدىن، يولدىشىم شاھ خىزمىتى ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ، تېخى قايتىپ كەلمىدى. شۇڭا شاھىڭلارنى ۋە سىلەرنى بۇ قېتىم كەچۈردۈم. بولمىسا بۇ شەھەرنى خارابىلىققا، ئوردىڭلارنى مازالىققا ئايلاندۇرۇۋېتەتتىم، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جاللاتلار:

— ئەي ئالچىغان خوتۇن، يوغانچىلىق قىلغانغا ئەمدى توي، — دەپ ۋارقىرىشىپ، دەرۋازىنى چېقىشقا باشلاپتۇ، ئەمما بىردىنلا ئۇلارنىڭ قوللىرى قورۇپ، قوللىرىدىكى قىلىچلىرى يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار قورققىنىدىن ئالدى-كەينىگە قارىماي ئوردىغا قايتىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «بۇ نېمە ئىشتۇ» دەپ دەپ ھەيران بولۇپ، قورئەندازلارنى يىغىپ قورئى سالدۇرۇپتۇ.

— ئەي شاھى جاھان، — دەپتۇ قورئەندازلار، — سىلى كوھىقاپنىڭ پەرىلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قاپتىلا. ئۇلارغا يامان نىيەتتە بوپتىلا. ئەگەر سىلى پەيلىلىرىدىن يانمىسىلا بۇ شەھەرگە ئاپەت ياغىدىكەن. شەھەر پۈتۈنلەي خاراب بولىدىكەن...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن پادىشاھ:

— ھېچكىم نۇردىيارنىڭ ئۆيىگە چېقىلمىسۇن، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادە نۇردىياردىن ئاڭلايلى:

شاھزادە نۇردىيار خوتۇنىنىڭ دېگىنى بويىچە گۈمبەزنى تېپىپتۇ. ئۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ سارايىنى كۆرۈپتۇ. سارايىنىڭ تۆرىدە نەقىشلىك ئالتۇن تەختنىڭ ئۈستىدە قوياشتەك نۇر چېچىپ بىھۇش ھالەتتە ياتقان بىر قىزنى كۆرۈپتۇ. نۇردىيار دەرھال «ھېلىقى قۇۋاي چۈشىدە كۆرگەن

كۈن شۇمدۇ-يا» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ قىزنىڭ باش تەرىپىدىكى شىشىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى دورىنى قىزنىڭ بۇرنىغا پۇرىتىپتۇ. بىھوش ياتقان قىز كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە نۇردىيارنى كۆرۈپ:

— ئەي يىگىت، سىز كىم بولىسىز؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

نۇردىيار خوتۇنى بەرگەن نامەنى قىزغا سۇنۇپتۇ. قىز مەكتۇبنى كۆرگەندىن كېيىن يىگىتنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنى چۈشىنىپتۇ. ئۇ نۇردىيارغا قاراپ:

— ئەي يىگىت، ئاۋۇ ئىشىكنى ئېچىپ گۆھەرلەردىن ئۆزىڭىز خالىغانچە ئېلىڭ، — دەپتۇ.

نۇردىيار قىز كۆرسەتكەن ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ئۆي خىلمۇخىل گۆھەرلەر بىلەن لىق تولغان ئىكەن. ئۇ بىر خۇرجۇن گۆھەرنى ئاپتۇ ۋە قىزغا رەھمەت ئېيتىپ ئىشىككە قاراپ مېڭىپتۇ. شاھزادە نۇردىيار سارايىنىڭ ئىشىككە يېتىپ بارغاندا قىز:

— ھەي يىگىت، مەندىن نېمىشقا گەپ سورىمايسىز؟ — دەپتۇ.

— كەچۈرۈڭ مەلىكەم، مەن پادىشاھنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلغىلى كەلگەنىدىم. ئۆيدە قالغان ئايالىمنى تەقەززا قىلىشنى خالىمىدىم. ئەگەر سۆزلەپ بېرىشنى خالىسىڭىز كەچۈرمىشلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا تەييارمەن، — دەپتۇ نۇردىيار.

— مەن كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئىدىم. بىر كۈنى مېنى جادىگەر ئېلىپ قېچىپ مۇشۇ سۇنىڭ ئاستىغا بەند قىلىپ قويدى. ئاتام نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كېلىپ جادىگەر بىلەن سوقۇشۇپ، ئاخىرى يېڭىلىپ قالدى. شۇنىدىن بېرى مەن بۇ كۈلپەتكە مۇپتىلا بولدۇم. ئۇن يىلدىن بېرى جادىگەر مېنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئويۇنچۇق قىلىۋالدى. بىر ياققا ماڭسا مېنى بىھوش قىلىپ قويۇپ كېتىدۇ. ئۆزى قايتىپ كېلىپ مېنى ھوشۇمغا كەلتۈرىدۇ. ئاتا-ئانامنى بىر كۆرۈۋېلىپ ئاندىن ئۆلۈپ كەتسەم دەپ ئارمان قىلىمەن. بۇ مۇمكىنمۇ، ئەمەسمۇ بىلمەيمەن ...، — دەپ مەرۋايىتتەك ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلاپتۇ قىز.

مەلىكىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېزىلگەن نۇردىيار قىزغا قاراپ:

— ئەي مەلىكەم، يىغلىماڭ، مەن سىزنى قۇتۇلدۇرىمەن، — دەپتۇ.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، — دەپتۇ قىز، — سىزنىڭ جادىگەرگە كۈچىڭىز يەتمەيدۇ. ئامراق دوستۇمنىڭ ئېرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشنى خالىمايمەن. ئەمدى تېزدىن يولغا چىقىڭ. مەندىن دوستۇمغا سالام.

— ئەي قۇياش مەسەلىك گۈزەل مەلىكەم، — دەپتۇ نۇردىيار، — سەرگۈزەشتىلىرىڭىزنى ئاڭلىمىغان بولسامغۇ مەيلىدى. ئەمدى ئاڭلاپ تۇرۇپ سىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ قانداقمۇ كېتەلەيمەن؟ بۇ قانداقمۇ ئوغۇل باللىق بولسۇن؟ سىزنى قۇتۇلدۇرمىغىچە بۇيەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن.

نۇردىيار گۆھەر قاچىلانغان خۇرجۇننى ئۆيگە ئەپكىرىپ قويۇپ، كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن مەلىكە:

— بولىدۇ، سىز ھەقىقەتەن مېنى قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلىغان بولسىڭىز، مەن ئالدى بىلەن جادىگەردىن گەپ ئېلىپ، ئۇنىڭ جېنىنىڭ زادى نەدىلىكىنى بىلىۋالاي. جادىگەرنىڭ جېنى ئادەتتە ئۆز تېنىدە بولمايدۇ. سىز ھازىرچە بىر دالدىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ.



شۇ ئەسنادا دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن
ئاۋاز بىلەن بىللە، يەر-زېمىندا چاقماقلار
چېقىلغاندەك بوپتۇ ۋە بەتبەشىرە بىر جا-
دىگەر يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بىھوش بولۇپ
يېتىۋالغان مەلىكىگە دورىنى پۈركۈپ
ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۇنى ئالقىنىغا
ئېلىپ ئويناشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە
ئۇنىڭغا ئەركىلەپ تۇرۇپ:

— ئەي خوجام، مەن سىزنىڭ قولـ
ىڭىزغا چۈشكىلى تۇپتوغرا ئون يىل
بولدى. ئەگەر شاراب بولغان بولسا ئىچىپ
بۇ يىلنى ئۇدا تەبرىكلىگەن بولساق تولىمۇ ياخـ
شى بولاتتى، — دەپتۇ. مەلىكىنىڭ ئۆزىگە
بۇنداق ئۇچۇق-يورۇق گەپ قىلغانلىقىنى
بىرىنچى قېتىم كۆرگەن جادىگەر خۇشال
بولۇپ:

— بۇ ئاسان گەپقۇ، — دەپلا قولىنى
بىر شىلتىغان ئىكەن دەرھال يەتتە ئىدىش
شاراب ھازىر بوپتۇ. مەلىكە قولىغا يوغانـ
لىقى ئاپقۇردەك كېلىدىغان بىر جامنى ئېلىپ
جادىگەرگە شاراب قۇيۇشقا باشلاپتۇ. مەلـ
ىكىنىڭ بۇ قىزغىن كەيپىياتىدىن خۇشاللانـ
غان جادىگەر كەينى-كەينىدىن كۆتۈرۈپ،
بىردەمدىلا يەتتە ئىدىش شارابنى پاك-پاكىز
ئىچىپ بوپتۇ ۋە ئوبدانلا تەڭشىلىپ قاپتۇ.

مەلىكە ئەڭ ئاخىرقى بىر قاچا ھاراقـ
نى جادىگەرگە تۇتۇپ تۇرۇپ ناز-كەرەشـ
مە بىلەن:

— ئەي ئامرىقىم، ئىككىمىز بىللە ياشـ
ىغىلى ئون يىل بولدى. ئەمما مېنى ياخـ
شى كۆرىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن ماڭا سىرىڭنى
ئېيتمىدىڭ، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان
جادىگەر دەرھال:

— ئەي مەلىكەم، مەن دۇنيادا سېنىلا
ياخشى كۆرىمەن. بۇنىڭدىنمۇ شەكلىنەمـ

سەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، بۇ گېپىڭگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ قىز.

— قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ جادىگەر.

— سېنىڭ قەسىمىڭگىمۇ ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلسام ئىشىنىسەن؟ — دەپتۇ جادىگەر دەلدەڭشىگەن هالدا.

— ئاشىق دېگەن ئۆز مەشۇقىدىن هەرگىز سىر يوشۇرمايدۇ، — دەپتۇ قىز.

— ئەي مەلىكەم، — دەپتۇ جادىگەر، — نېمىنى بىلگۈڭ كەلسە سورىغىن، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي.

— ئۇنداق بولسا، سېنىڭ جېنىڭ قەيەردە؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جادىگەر تۇرۇپ كېتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ يەردىن ئۈچ ئايلىق يىراقلىقتا بىر چىنار بار. چىنارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە بىر قۇرۇق شاخ بار. قۇرۇق شاخقا بىر قاغا كۈندە ئىككى قېتىم — ئەتىگەندە بىر، كەچتە بىر قونىدۇ. قالغان چاغدا قونمايدۇ. قاغا دەرەخكە قونغان چاغدا ئۇنى ئاتسا، ئوق ئۇنىڭغا دەل تەگسە ئۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشىدۇ. قاغا چۈشكەن يەرنى كولىسا بىر ساندۇق چىقىدۇ. ساندۇقنى ئاچسا توقسەن توققۇز پەلەمپەي بار. شۇ پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشسە بىر يولغا چىقىدۇ. شۇ يول بىلەن مېڭىپ بىر يەرگە بارغاندا بىر تۈپ دەرەخ ئۇچرايدۇ. دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى ناهايىتى كەڭ. ئاشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە، يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىغا بىر تۆمۈر قەپەس ئېسىلغان. قەپەسنىڭ ئىچىدە بىر بۇلبۇلگويا بار. شۇ بۇلبۇلگويانىڭ يۈرىكى مېنىڭ جېنىمدۇر. ئەگەر بۇلبۇلگويانى قەپەستىن ئالمايلا، قولىنى تىقىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىسا مەن ئۆلىمەن. بۇلبۇلگويا قەپەستىن بوشىنىپ چىقىپ ئۇچۇپ كەتسە پۈتۈن جاهاننى سۇ بېسىپ كېتىدۇ.

جادۇگەرنىڭ بارلىق سىرىنى بىلىۋالغان قىز ئۇنىڭغا چاندۇرماي نازلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي جانانىم، مانا ئەمدى بىز هەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلارغا ئوخشىدۇق، — دەپتۇ. ئۇ يەنە:

— ئەي پالۋىنىم، سەن دۇنيادا تەڭداشسىز باتۇر تۇرۇپ، يەنە بىر يەرگە ماڭماقچى بولساڭ مېنى بىهوش قىلىپ قويىدىكەنسەن. سەن يوق چاغدا سېنى پۈراپ ياتالمايدىكەنمەن. شۇڭا بۇ يەردىن ئالتە ئايلىق يىراقلىقتىكى بىر جايدا يالپۇز دەيدىغان بىر خۇش پۇراق گىياھ بار ئىمىش. سەن شۇنى ئېپكېلىپ بىر يەرگە كېتىدىغان چېغىڭدا مەيدەمگە قويۇپ قويساڭ، مەن ئۇنى خۇددى سېنى پۇرىغاندەك پۇراپ ياتسام، — دەپتۇ.

مەلىكىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن كۆڭلى يايراپ كەتكەن جادىگەر مەلىكىنى ئالقىنىغا ئېلىپ خۇددى ئالمىنى ئۇينىغاندەك بىر هازا ئوينىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يالپۇزنى تېپىپ كېلىش هەققىدە ۋەدە بېرىپتۇ، ئاندىن مەلىكىنى هوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يالپۇزنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

جادىگەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شاهزادە نۇردىيار مەلىكىنى دەرهال هوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن قىزدىن جادىگەرنىڭ سىرىنى سوراپتۇ.

— ئەي يىگىت، — دەپتۇ قىز، — بۇ تولىمۇ مۈشكۈل ئىكەن. مەن ئۆز

جىنىمنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈياقىتا تۇرسۇن، سىزنىڭ جىنىڭىزغا زامىن بولۇپ، دوستۇمنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇپ قويىدىغان ئوخشايمەن. سىز چاپسان بۇ يەردىن كېتىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە نۇردىيار:

— كەتسەممۇ كېتەي، لېكىن جادىگەرنىڭ سىرىنى بىلىپ كېتەي، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. مەلىكە ئامالسىزلىقتىن جادىگەرنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى نۇردىيارغا بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ سۇدىن چىقىپتۇ ۋە ھېلىقى ئاق تاشتىن ئۆتۈپ سەكرەپ ئېتىغا مىنىپتۇ. بۇ ئات بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسىدىغان ئات ئىكەن. نۇردىيار ئاتقا مىنىپ ئۈچ ئايلىق يولنى ئۈچ كۈندە بېسىپ جادىگەر ئېيتقان چىنارنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئېتىنى چىنارغا باغلاپ قويۇپ ئۆزى ئوقياسىنى بەتلەپ بىر دالدىغا مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ. بىر چاغدا بىر قارا قاغا ئۇچۇپ كېلىپ قۇرۇق شاخقا قونۇپتۇ ۋە «قاق، قاق» دەپ قاقىلداپتۇ. ئەسلىدە قاغا ئۈچ قېتىم قاقىلدىسا جادىگەر يېتىپ كېلىدىكەن. ئۇ ئەمدىلا ئىككىنچى قېتىم قاقىلدىشىغا نۇردىيارنىڭ ئوقى ئۇنىڭ مېڭىسىگە تېگىپتۇ، قاغا قۇرۇق شاختىن يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. نۇردىيار دەرھال بېرىپ قاغا چۈشكەن يەرنى كولىسا، بىر ساندۇق چىقىپتۇ، ئۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، پەسكە قاراپ چۈشكەن پەلەمپەي كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپتۇ. ئۇيەردىن گىرىمسەن قاراڭغۇ بىر يولغا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ ئاخىرى ھېلىقى كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخنىمۇ تېپىپتۇ. دېگەندەك دەرەخ شاخلىرى ئارىسىغا بىر تۆمۈر قەپەس ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. قەپەستىكى بۇلبۇلگويا قونداقتىن پەسكە، پەستىن قونداققا تىنماي ئۇچۇپ تۇرغۇدەك. شاھزادە نۇردىيار قەپەسكە قولىنى تىقىپلا گاچچىدە بىرلا مىجىپ بۇلبۇلگويانىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. بۇلبۇلگويانىڭ بېشى ئۈزۈلگەن ھامان جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ ۋە دەھشەتلىك بوران چىقىپ كۆزنى ئاچقىلى بولماپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ھاۋا ئېچىلىپ بوران توختاپتۇ. نۇردىيار كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئۆزى بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرغۇدەك. ئۇ «ئەمدى كەلگەن جايىمغا ياناي» دەپ ئويلاپ كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇ خېلى ماڭغان بولسىمۇ ھېلىقى دېڭىزنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئېتىنىڭ مېڭىشىغا بويسۇنۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا بىر قۇمۇشلۇققا كىرىپ قاپتۇ. ئۇ قۇمۇشلۇق ئىچىدە ماڭا-ماڭا بىر يەرگە يېتىپ كەلگەندە، بىر خانىقانى كۆرۈپ قاپتۇ. نۇردىيار كۆڭلىدە: «ھەرنېمە بولسا ئادەم بار يەرگە يېتىپ كەپتىمەن» دەپ، ئويلاپتۇ ئۇ خانىقاغا كىرسە ئۇ يەردىن:

— خوش كېلىپسىز باتۇر يىگىت، — دېگىنچە كوھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى چىقىپ كەپتۇ، — سىزنىڭ سەۋەبىڭىز بىلەن جادىگەرنىڭ تىلسىماتى بىتچىت بولدى. مەنمۇ سېھىردىن ئازاد بولدۇم. سىزگە كۆپ رەھمەت ئاتا-ئانامنى چاقىرىپ سىز بىلەن كۆرۈشتۈرەي.

قىز شۇ سۆزدىن كېيىن بىر تال چېچىنى يۇلۇۋېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. بىردىنىلا لەرزان شامال چىقىپ، بىر توپ كۆك كەپتەر ئۇچۇپ كەپتۇ، ئۇلار خانىقانىڭ ئالدىغا چۈشۈپ پەرىزاتلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئالتۇن تەختىتە ئول-

www.uyghurkitap.com

تۇُرغان ۋە ئەتراپىنى دېۋىلەر ئورىغان
ھالدا قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يېتىپ كەپتۇ.
مەلىكە ئاتا ئانىسى ـ بىلەن قۇُچاقلىشىپ يىغـ
لاپ كۆرۈشۈپتۇ.

— ئەي ئاتا، بۇ يىگىت مىنى قۇتۇلـ
دۇرغان شەپقەتچىم بولىدۇ...، — دەپ يىگىتـ
نى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ، بارلىق ۋەقەلەرنى
سۆزلەپ بېرىپتۇ قىز.

مەلىكىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شاھزادە نۇرـ
دىيارغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن سالام قىـ
لىپتۇ. ۋە:

— ئەي ئادەمزاد، قىزىمىزنى بەندىدىن
خالاس قىلىپ يورۇق دۇنياغا ئېلىپ
چىقىپسىز. بۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن
قىزىمىزنى سىزگە تۇتتۇق، ئۆز ئەمرىڭىزـ
گە ئېلىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، ياخشى كۆڭلىڭىزگە
رەھمەت. مىنىڭ ئۆز جۈپتۈم خوتۇنۇم بار.
مەلىكەمنى ئەمرىمگە ئالالمايمەن، دەپتۇ نۇردىيار.

پەرىزاتلار ئىچىدە نۇردىيارنىڭ ئايالـ
مۇ بىللە كەلگەنىكەن. ئەمما ئۇ ئېرىگە
گەپ قىلىشقا پۇرسەت تاپالماي تۇرغانىكەن. ئۇ
ئېرىنىڭ سەمىمىيلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە
دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي ۋاپادارىم، مەن مەلىكەم بىلەن
تەڭ تۇغۇلغان. ئىككىمىز بىللە ئوينا پ بىللە
چوڭ بولغان. كىچىكىمىزدىلا «چوڭ بولغاندا
ئەرگە تەگسەك ئىككىمىز بىر ئەرگە تېگەيـ
مىز» دەپ ئەھدە قىلىشقانىدۇق. كېيىن
مەلىكەم بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. ھېلىقى
چاغدا مەن سىزنى گۆھەر ئېلىپ كېلىشكە
بۇيرۇغان چېغىمدا گۆھەر ئۆيدىمۇ بار ئىدى.
مەن ئەتەي سىزنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەنىدىم.
مانا ئەمدى ئەھدىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرـ
دىغان ۋاقىت بولدى. مەلىكىنى ئۆز ئەمرىـ
ڭىزگە ئالسىڭىز مەن مۇرادىمغا يەتكەن
بولىمەن، — دەپتۇ ۋە مەلىكە بىلەن قۇچاقـ
لىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار مەلىكىنى ئۆز ئەمرىگە
ئاپتۇ، ھەممەيلەن ئۇلارنى مۇبارەكلىشىپ
تەنتەنە قىلىشىپتۇ. ئاخىرى كۇھىقاپ
پادىشاھى ئۇلارنى كۇھىقاپقا بېرىپ ماكانـ
لىشىشقا تەكلىپ قىپتۇ. نۇردىيار:

— ئەي شاھ ئاتا، مەنمۇ بىر پادىـ
شاھنىڭ ئارزۇلۇق يالغۇز ئوغلى ئىدىم.
بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ بىر بوۋايغا
يولۇقتۇم ۋە ئۇنىڭ چۈشىنى سېتىۋېلىپ،
چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئىزدەپ يولغا چىقتىم.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەرگۈزەشتىلىرىم سىزلەرـ
گە مەلۇم بولدى. مەن ئالدى بىلەن ھەر
كۈنى بىللە ناشتا قىلغان پادىشاھنىڭ قېـ
شىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا گۆھەرلەرنى قوـ
يۇپ ئۇنى رازى قىلاي. ئاندىن كېيىن
كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئەزىز ئاتام ۋە
مېھرىبان ئانامنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ
دۇئاسىنى ئالاي. ئۇلارمۇ كېلىنلىرىنى كۆـ
رۈپ شادلانسۇن، — دەپتۇ.

نۇردىيارنىڭ گېپىنى توغرا تاپقان
كۇھىقاپ پادىشاھى ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىپـ
تۇ. ئۆزى نۇردىيار بىلەن بىللە ئۇلار ماـ
كانلاشقان شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا
بېرىپ پادىشاھنى رازى قىلغاندىن كېيىن
قىزلىرى ۋە كۈيئوغلىنى ئۇزىتىپ قويۇپ
ئاندىن كۇھىقاپقا يانماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار نۇردىيار ماكانلاشقان شەھەرـ
گە كېلىپ نۇردىيارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ.
نۇردىيار ئىككى دانە گۆھەرنى ياغلىقىقا
ئوراپ، قوينىنى گۆھەر بىلەن تولدۇرۇپ
ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. كۇھىقاپ پادىشاـ
ھى ئۇن نەپەر پەرىگە:

— ئەي پەرىلەر، سىلەر ھېچكىمنىڭ
كۆزىگە كۆرۈنمەي نۇردىيار بىلەن بىللە
ئوردىغا كىرىڭلار، ئەگەر كىمىكى شاھزادە
نۇردىيارغا چېقىلىدىكەن، سىلەر ھەرگىز
ئۇنى بوش قويماڭلار، ئەمما باشقىسىغا تەگـ
مەڭلەر، — دەپ يولغا سالپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا ئەدەب بىلەن سالام قىپتۇ. ئاندىن ياغلىقتا ئورالغان ئىككى دانە گۆھەرنى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

ئۇنى كۆرگەن ھېلىقى بەدنىيەت ۋەزىر دەرھاللا:

— ھەي ئوغرى، ئەمدى تۇتۇلدۇڭمۇ؟ پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى تۆت دانە گۆھەرنى ئوغرىلىغان ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن-دە، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئەي ۋەزىر، — دەپتۇ نۇردىيار، — ئەگەر ساڭا يەنە گۆھەر لازىم بولسا ئېلىۋالغىن.

ئۇ بېلىنى يەشكەنىكەن قوينىدىن يەرگە ھېسابسىز گۆھەر تۆكۈلۈپتۇ.

ۋەزىرنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ بۇ كۈنگە قالغىنىغا قاتتىق ئويالغان پادىشاھ، كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي «جاللات» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئاندىن تەييارلىنىپ تۇرغان جاللاتلار دەرھال شاھزادە نۇردىيارغا ئېتىلىپتۇ. ئەمما بىردىنلا ئۇلارنىڭ كاللىسى بىردەك يەرگە دومىلاپ چۈشۈپتۇ. كەينى-كەينىدىن كەلگەن جاللاتلار ھەممىسى ئوخشاش ئاقىۋەتكە ئۇچراپتۇ.

بىردىنلا پادىشاھ ئۆتكەندە قۇرئەندازنىڭ دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئاپتۇ. ئۇ دەرھال تەختتىن چۈشۈپ ئۆزىنى نۇردىيارنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. شاھزادە نۇردىيار بۇ تويىماس پادىشاھنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپ ئۇنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. دىيانەتلىك، تەدبىرلىك بىر ئادەمنى شاھلىققا تەيىنلەپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار ھەممە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ئۆز شەھىرىگە بارماقچى بوپتۇ.

— بالىلىرىم، — دەپتۇ كوھىقاپ پادىشاھى، — بۇندىن كېيىنمۇ بىزنى ئەسلەپ ۋە بەلكى يوقلاپ تۇرۇڭلار. بېشىڭلارغا كۈن چۈشۈپ قالسا چېچىڭلارنى دۇد سالساڭلار بىز دەرھال يېتىپ بارىمىز، — دەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. ئۆزلىرى كوھىقاپقا قاراپ راۋان بوپتۇ.

شاھزادە نۇردىيار ئىككى پەرى بىلەن بىللە ئارغىماقلارغا مىنىشىپ، بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە بېسىپ، يەتتە كۈن بولغاندا ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئوغلىنى ۋە ئىككى كېلىنىنى كۆرگەن نادىر شاھ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى بالىلىرىنى باغرىغا بېسىپ، ماڭلايلىرىغا سۆيۈپتۇ. ئاندىن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ پۈتۈن يۇرتقا ئاش تارتىپتۇ. توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن نادىر شاھ نۇردىيارنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، مەن ياشىنىپ قالدىم، سەنمۇ ئۆز ئورنىڭنى تاپ، — دەپ، نۇردىيارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.

شۇندىن كېيىن شاھزادە نۇردىيار ئوردىدا ئالتۇن تەختتە، ئۆيدە بولسا ئاي بىلەن كۈننىڭ ئوتتۇرىسىدا بەختلىك ياشاپتۇ. تۆھمەتخور ۋەزىر بىلەن ئاچكۆز پادىشاھ چۆل-جەزىرىلەردە سەرگەردان بولۇپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: رەھمەخان خېۋىر

رەتلىگۈچى: پەردە ئىمىن

# ئاجايىپ سەپەر



(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر تالىلا ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئوغلى شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىپتۇ.

شاھزادىنىڭ دائىم بىللە يۈرىدىغان سىرداش بىر دوستى بار ئىكەن. شاھزادە دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن ئاغىنىسى بىلەن كارى يوق بولۇپ قاپتۇ، ئاي - كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرسا ئاغىنىسى كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئاغىنىسىگە قاراپ مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بىچارە، قايسى موھتاجلىق سېنى بۇ يەرگە كېلىشكە مەجبۇر قىلدى، ئېيتقىن ئاڭلاپ باقاي، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئاغىنىسى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىپتۇ ۋە:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھىي ئالەم، سىلىگە [illegible]اق بىر ئىلتىماس بىلەن كەلدىمكى، كونا دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتىدىن پادىشاھلىق تەختىنى ماڭا بەش كۈنلۈك ئۆتۈنۈپ بەرسىلە، مەنمۇ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ باقاي، راۋاقلارغا چىقىپ شەھەرلەرنى تاماشا قىلاي، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئاغىنىسىنىڭ سۆزىگە ئىچىدە كۈلۈپتۇ ۋە: «بۇنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدىكىن، كۆرۈپ باقامدىم. بەش كۈندىن كېيىن شاھلىق تەختى يەنە ئۆزۈمگە قالىدۇغۇ...، — دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.

پادىشاھنىڭ دوستى تەختكە ئولتۇرۇپتۇ، بۇ يىگىت بەش كۈن ئىچىدە خەلققە ھېچقانداق زۇلۇم سالماپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئارزۇسى يۇرتىنى ئادىللىق بىلەن سوراش ئىكەن. بەش كۈندىن كېيىن پادىشاھ كەپتۇ ۋە:

— ئەمدى ۋاقىت توشتىغۇ دەيمەن، — دەپتۇ، ئەمما ئاغىنىسى پادىشاھنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالماپتۇ. بۇ ئىش يۇرت ئىچىگە تارقىلىپتۇ، بۇرۇنقى پادىشاھنىڭ زۇلمىنى يەتكۈچە تارتقان خەلق يېڭى پادىشاھنى قوللاپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ كۆپ ھەسرەت چېكىپتۇ. ئەمما ئورنىغا كەلمەپتۇ، ئامالسىزلىقتىن پادىشاھ بۇ يۇرتتىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ.

پادىشاھ ئالتە ئاتقا ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئوزۇق - تۈلۈك ئارتىپ، خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆ-

تۇپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار بىر باياۋانغا كې-
لىپ قاپتۇ. تەشنالىق ئۇلارنى قىيناپتۇ.
ئۇلار ئاران كېتىۋاتسا بۇ يەرگە بىر توپ
ئادەم كېلىپ قاپتۇ. پادىشاھ ئۇلاردىن سۇ
سوراپتۇ. بىراق ئۇلاردىمۇ سۇ يوق ئىكەن.
ئۇلاردىن بىرسى پادىشاھقا:

— ئالدىمىزدىكى قونالغۇدا سۇ بار. خوتۇنۇڭنى بىزگە قوشۇپ قوي، ئۇنىڭغا سۇ بار يەرنى كۆرسىتىپ قويىمىز، — دەپتۇ. پادىشاھ خوتۇنىغا تولىمۇ ئامراق ئىكەن. لېكىن ئامالسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپتۇ. خوتۇنى مېڭىش ئالدىدا پادىشاھقا:

— مەن ئالتە كۈندە قايتىپ كېلىمەن. ئەگەر كېلەلمىسەم مېنى «ئاجايىپ سەت خوتۇننى ئىزدەيمەن» دەپ ئىزدەڭ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايرىلىپتۇ. ئالتە كۈنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن خوتۇنى قايتىپ كەلمەپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق بىئارام بولۇپتۇ. ئۇ باللىرىغا:

— سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئاناڭلارنى تېپىپ كېلەي، — دەپ تاپىلاپ قويۇپ خوتۇنى كەتكەن تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ.

پادىشاھ شۇ ماڭغىنىچە بىرقانچە كۈن مېڭىپ بىر قونالغۇغا يېتىپ كەپتۇ. بىراق بۇ يەردە ئىنس - جىنمۇ يوق ئىكەن. ئەسلىدە ھېلىقى بىر توپ ئادەملەر قاراقچىلار ئىكەن. پادىشاھ ئىنتايىن پۇشايمان ۋە ئازاب ئىچىدە قايتىپ كەلسە ئىككى باللىسىنىڭ پۇت - قوللىرى باغلاقلىق ياتقۇدەك. ئات - ئۇلاغ، مال - مۈلۈكلىرى يوقمىش. پادىشاھ باللاردىن نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ. قاراقچىلار كېلىپ ھەممە مال - مۈلۈكنى بۇلاپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى ئەنە شۇنداق باغلاپ تاشلاپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ باللار. پادىشاھ بېشىغا كەلگەن بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ زارلىنىپتۇ. ئۇ باللىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى يېشىپ ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ پىيادە يول يۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ دەريانىڭ سۈيى ئىنتايىن ئىتتىك ئاقىدىكەن. پادىشاھ سۇنىڭ چوڭقۇر ياكى تېيىزلىكىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنى ئاستا ئۆتۈپ بېقىشقا بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى دەرياغا چۈشكەنىكەن، يېرىمىغا كەلگەندە سۇ ئۇنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ بۇ دەريادىن ئۆتۈشكە كۆزى يەتمەپتۇ. شۇڭا كىچىك ئوغلى بىلەن دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە كېمە ئىزدەپ مېڭىپتۇ. مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە قېيىق ھەيدىگەن بىر ئادەم ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— بۇ كىچىككىنە قېيىققا ئىككى ئادەم ئولتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا سىلەرنى بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزەي، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. شۇنداق قىلىپ ئالدى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوغلىنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ. كېمىچى پادىشاھنىڭ كىچىك ئوغلىنى ئەپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭغا ھاردۇق يېتىپتۇ. ئۇ كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر ئۆي ئۇچراپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان

يەردە بىر شەھەر بار ئىكەن. ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىغىر كېسەل بولۇپ ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولغۇدەك بىرەر ئوغلىمۇ يوق ئىكەن. شۇ ئاخشىمى پادىشاھنىڭ كېسىلى ئۆزگىرىپ قاپتۇ. پادىشاھ دۆلەت قۇشنى قولىغا قوندۇرۇپ كۆرۈپ ئايالىغا:

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ قۇشنى قويۇپ بېرىڭلار. قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇنى پادىشاھ قىلىڭلار، — دەپتۇ ـ دە، كۆز يۇمۇپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپتۇ.

ھارغانلىقتىن خارابە ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇخلاپ قالغان پادىشاھ ئەتىگىنى چاي ۋاقتى بىلەن ئويغىنىپتۇ. ئۇ سىرتقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، كىشىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي شەھەر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقۇدەك. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ كېتىۋاتقانلاردىن:

— نەگە ماڭىدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز تېخى بىخەۋەر ئوخشايسىز. ئاخشام پادىشاھ قازا قىپتۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ دۆلەت قۇشنى قويۇپ بېرىدىكەن. مېڭىڭ، سىزمۇ بىز بىلەن بىللە بېرىڭ. دۆلەت قۇشى سىزنىڭ بېشىڭىزغا قونۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇلارغا بەخت تىلەپتۇ ۋە:

— مېنىڭ پادىشاھلىقتىن تەمەيىم يوق، — دەپتۇ، چۈش ۋاقتىدا شەھەر ئىچىدىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاڭلىنىپتۇ ۋە ئاۋاز بارا ـ بارا يېقىنلاپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ قارىسا كىشىلەر يېقىنلاپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇلار ئاسمانغا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتقۇدەك. پادىشاھمۇ ھەيران بولۇپ ئاسمانغا قارىسا چىرايلىق بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك. پادىشاھ تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرغانىكەن.

ھېلىقى قۇش ئۇيان ئۇچۇپ، بۇيان ئۇچۇپ ئاخىرى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر قىقاس ـ چۇقان بىلەن بۇ سەرگەردان پادىشاھنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى چىرايلىق بىر ئاتقا مىندۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بىر شەھەرگە يەنە پادىشاھ بولۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار يىللارغا ئۇلىشىپتۇ. قانچە قىش، قانچە باھارلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئېسىگە خوتۇن بالىلىرى كېلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز يېشى قىلىپتۇ. ۋەزىرلىرىدىن بىرسى كېلىپ پادىشاھقا ئۆيلىنىش توغرۇلۇق مەسلىھەت بەرگەنىكەن ئۇ بۇنى رەت قىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پادىشاھنىڭ سۇدا ئېقىپ كەتكەن ئوغلىدىن ئاڭلايلى:

پادىشاھنىڭ سۇدا ئېقىپ كەتكەن چوڭ ئوغلىنى بىر بېلىقچى سۇدىن سۈزۈۋېلىپ ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋاپتۇ. كېمىچى ئېپ قېچىپ كەتكەن كىچىك ئوغلىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ خىزمەتكار قىلىپ ئىشلىتىپتۇ.

يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى كېمىچى: «بۇ بالا بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى مەن بۇنى سېتىۋېتەي» دەپ ئويلاپ بالىنى ساتماق بولۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. شۇ كۈنى ئوردىنىڭ ئىككى خادىمى قول سېتىۋالماقچى بولۇپ كوچىغا چىققانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزى ھېلىقى كېمىچى ساتماقچى بولغان قولغا چۈشۈپتۇ. دەل شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ 6 ـ 7 بالىسىنى باقالماي مۇھتاجلىقتا قالغان بېلىقچى بوۋايمۇ ھېلىقى ئوغۇلنى ساتماقچى بولۇپ شەھەرگە ئېلىپ

كىرگەنىكەن. بۇ ئوغۇلمۇ ئوردا خادىملىرىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپتۇ ۋە خادىملار ھەر ئىككىلا بالىنى سېتىۋېلىپ ئوردىغا ئېلىپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ۋەزىرى پادىشاھقا كۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي كىبرەملىك شاھىم، كۈنلەرنى بۇنداق ئۆتكۈزۈۋەرمىسلە، شەھىرىمىزدىكى چىرايلىق قىزلاردىن كۆڭۈللىرىگە ياققىنىنى تاللاپ ئەمرىلىرىگە ئالسىلا، بىز شۇ چاغدىلا خاتىرجەم بولىمىز.

پادىشاھ ۋەزىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزۇن ئويلاپتۇ. ئاخىرى ئۇ: مەن ئالىدىغان ئايال «ئاجايىپ سەت» بولسۇن، — دەپتۇ.

بۇ گەپ ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى پادىشاھنىڭ خوتۇنىدىن ئاڭلايلى:

پادىشاھنىڭ خوتۇنىنى قاراقچىلار بۇلاپ ئۆزلىرى تۇرغان يەرگە ئەكىلىۋاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئايالى ناھايىتى چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئايال تۇرغان ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يەتمەك بولۇپ بەزى پەسكەش قىلىقلارنى قىلىپتۇ. ئايالمۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. ئاخىرى ئايالنىڭ قاراقچىغا كۈچى يەتمەسلىكىگە كۆزى يېتىپتۇ. ئۇ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئەي تەڭرىم، مۇشۇ قاراقچىلارنى توڭگۇز قىلىۋەتسەڭكەن، — دەپ تەڭرىگە نالە قىلىپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى بىردىنلا توڭگۇزغا ئۆزگىرىپ خورتۇلدىغىنىچە ئايالنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا قاراقچىلار قورقۇپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپتۇ. قاراقچىلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە ئايالدىن كەچۈرۈم سوراپتۇ. ئايال ئۇلارنى كەچۈرۈپتۇ. قاراقچىلار ئۇنىڭ ئېرىنى تېپىپ بەرمەكچى بولۇپ تەرەپ-تەرەپكە چېپىشىپتۇ. ئەمما تاپالماپتۇ. نەچچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئايال قاراقچىلاردىن بىرىنى چاقىرىپ:

— مېنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىۋېتىڭلار، ساتقاندا «ئاجايىپ سەت» دەپ سېتىڭلار، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار ئايالنى بىر ساندۇققا سولاپ ئاغزىنى چىڭ مىخلاپتۇ ۋە ئاتقا ئارتىپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئۇلار پات-پات: «ئاجايىپ سەت» دەپ توۋلاپ قويىدىكەن. بۇ كۈن دەل ۋەزىرنىڭ پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە «ئاجايىپ سەت» سېتىۋالماقچى بولۇپ كوچىغا چىققان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قول بازىرىغا بېرىپ «ئاجايىپ سەت قول ساتىمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپتۇ. ۋەزىر ئۇدۇل شۇ ياققا بېرىپ قول ساتقۇچىلاردىن:

— ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى ئەرمۇ-ئايالمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئايال، — دەپتۇ قول ساتقۇچى.

شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر باھانى توختىتىپ ساندۇقنى خىزمەتكارلارغا كۆتەرتىپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپتۇ ۋە بۇنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپتۇ. پادىشاھ ساندۇق كۆتۈرۈپ كەلگەن ئىككى خىزمەتكارنى چاقىرتىپتۇ ھەم ئۇلارغا:

— مەن چىققۇچە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچماي قاراپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئاچىدىكەنسىلەر كاللاڭلارنى ئالىمەن، — دەپتۇ.

قۇللار ساندۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولـ
تۇرۇپتۇ. بۇلار ئىككىسى بىر يەردە تۇرۇ-
ۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تۇزۇكرەك سۆزلىشىپ
باقمىغانىكەن. ئۇلار بۈگۈن پاراڭلاشقاچ
ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار بىر-بىرىگە:
— هەي، سەن قايسى يۇرتتىن، قاچان
بۇ يەرگە كېلىپ قالغان؟ — دەپتۇ.
ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىدىن قاند
داق ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن باشلاپ، ئاتا-
ئانىسى ۋە ئۇكىسىدىن جۇدا بولغانلىقى؛
بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى تارتقان جەبىر-
جاپالار ۋە قۇل قىلىپ سېتىلغانغا قەدەر
بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى
بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.
چوڭ قۇلنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن
تەڭ كىچىك قۇل ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى
ئېتىپ: — جېنىم ئاكا، سېنىمۇ كۆرىدىغان
كۈن باركەنغۇ، — دەپ يىغلاپتۇ. چوڭ قۇل
ئوبدان سەپسېلىپ قارىسا، ئالدىدا تۇرغان
ئۆزىنىڭ ئۇكىسى ئىكەن. ئۇلار ئىنتايىن خۇشال
بولۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ساندۇق ئىچىدىن:
— بالىلىرىم، دېگەن يىغا ئارىلاش



ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بالىلار بۇنىڭغا هەيران
بولۇپتۇ. ئۇلار ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچماقـ
چى بولۇپتۇ. لېكىن پادىشاھدىن قورقۇپتۇ.
ئۇلار ساندۇق ئىچىدىن چىقىۋاتقان يىغا
ئاۋازغا يېقىن كېلىپ قۇلاق سالغۇدەك بولـ
سا بۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازىغا
ئوخشاۋاتقۇدەك. ئۇلار نېمە بولسا مەيلى،
بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەيلى، — دەپ سانـ
دۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. ساندۇقتىن راسـ
تىنلا ئۇلارنىڭ ئۆز ئانىسى چىقىپتۇ. ئانا-
بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار شۇنـ
داق قىزغىن كۆرۈشۈۋاتقان چاغدا پادىشاھ
چىقىپ قاپتۇ ۋە ساندۇقنىڭ ئاغزى ئېچىـ
ۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ «جاللات» دەپ
ۋارقىراپتۇ. جاللاتلا يېتىپ كەپتۇ. پادىـ
شاھ يېقىن كېلىپ ئايالغا قاراپتۇ. ئايال
ئىككى بالىنى قۇچاقلاپ تۇرغانىكەن. پادىـ
شاھ بالىلارغا قاراپتۇ. پادىشاھ تا بۈگۈنگە
قەدەر بۇ ئىككى قۇلغا تۈزۈكرەك قاراپ
باقماپتىكەن. بالىلارمۇ پادىشاھنىڭ چىرا-
يىغا بىرەر قېتىممۇ تىكىلىپ قارىماپتىكەن.
ئۇلار ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرىپ بىر بىرى
بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، يىغلىشىپتۇ،
كۈلۈشۈپتۇ. پادىشاھ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ ۋە يۇرتنى
ئادىللىق بىلەن سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى ئۇچتۇرپاندىن: م.روزى

# چىمىم - چىمىم ئوغۇل

ناھايىتى قەدىم زاماندا كەلپىن قىپلىن جاڭگاللىق ئىكەن. بۇ يەردە ئورمانلار شۇنداق قويۇق ئۆسكەن ئىكەنكى، يەر يۈزىگە يىل بويى كۈن نۇرى چۈشمەيدىكەن. جاڭگاللىقتا ھەر خىل ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار بەھۇزۇر قىيغىتىپ ياشايدىكەن. ئادەمزات ناھايىتى ئاز بولۇپ، ساناقلىقلا ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەرگە تاشچوماق دېگەن بىر ئۇۋچى پەيدا بولۇپتۇ. ئۇنىڭ تاشتىن ياسىۋالغان بىر چوماقى بولۇپ، ھەر قانداق ھايۋاننى شۇ چوماقى بىلەن ئۇۋلىيالايدىكەن. خەلق ئۇنىڭ بۇ خىل ماھارىتىگە قايىل بولۇپ، مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. شۇنىدىن باشلاپ ئۇ جاڭگاللىقتا كەپە ياساپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. تاشچوماق ئۆيلىنىپ، ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ ئوغۇلنى ئىنتايىن ئەركە بېقىپتۇ. ئۇنىڭغا تۇپا - چاڭ قوندۇرماي، نېمىنە تەلەپ قىلسا رايىنى قايتۇرماي، پەپىلەپ بالاغەتكە يەتكۈزۈپتۇ. ئوغلى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۇۋچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشنى ئېيتىپتۇ. ئوغلى ئۆگەنگىلى ئۇنىماپتۇ. باشقا ھۈنەرگە بېرىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ ئوغلى قوبۇل قىلماپتۇ. جاڭگالدا ئۇزۇق - تۈلۈك تېپىپ يېيىشنى ئۆگىنىۋالغىن دېسىمۇ خۇشياقماپتۇ. ئاتا - ئانا ئىلاجىسىز قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئەركىلىتىپ مەيلىگە قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇ بالا ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىس بولماي، تەييارغا ھەييار بولۇپ ئۆگىنىپ قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى قاتتىق كەلكۈن كېلىپ، جاڭگال سايلاردا سۇ ئادەم بويىدىن ئېگىز ئېقىپتۇ. تاشچوماق بىلەن ئايالى ئۇۋىغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئوغلى بىر دەرەخقە چىقىۋاپتۇ. كەلكۈن بىر - ئىككى كۈن ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئەمما تاشچوماق بىلەن ئايالى قايتىپ كەلمەپتۇ. ئاتا - ئانىسىغا تايىنىپ ئۆگىنىپ قالغان ئوغۇلنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇلارنى كۈتۈپتۇ. ئاخىرى بولماي ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولۇپ، جاڭگال ئارىلاپ مېڭىپتۇ. بىر يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تاغ كۆرۈنۈپتۇ. بالا تاغ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزى كەلگەن جاڭگال تەرەپكە قاراپ، ئاتا - ئانىسىنى چاقىرىپ تووۋلاپتۇ، يىغلاپتۇ، ۋارقىراپتۇ، ئاخىرى ئاۋازى پۈتۈپتۇ، كۆزىنىڭ يېشى قۇرۇپتۇ. كۆزى تېلىپ چىمىلدايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇ ۋارقىرىغانچە تاغدىن چۈشمەپتۇ. ئاتىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالمىغاچقا ئاچلىقتىن دەرماندىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بىر پەرىشتە كېلىپ، بالىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ. بالا يەنە كۆزىنى چىمىلدىتىپ قاراپ تۇ-

رۇپتۇ. پەرىشتە ئۇنىڭغا: «ئىسمىڭىز چىم-
چىم ئوغۇل بولسۇن، ئورنىڭىز كەپە بول-
سۇن، جىسمىڭىز مۇشۇ تاغدا تاشقا ئايلان-
سۇن، ئاتا - ئانىسىغا ۋارىسلىق قىلمىغانلار
سىزدىن ئىبرەت ئېلىپ، كىچىكىدىن باش-
لاپ چىۋەر، ئەقىللىق، ئىشچان، ھۈنەرۋەن
بولسۇن، ئامىن.» دەپتۇ - دە، كۆزدىن غا-
يىب بولۇپتۇ. پەرىشتىنىڭ دۇئاسى تامام
بولۇشى بىلەنلا ئىجابەت بوپتۇ. «چىم -
چىم ئوغۇل» شۇ سائەتتىن باشلاپ تاشقا
ئايلىنىپ، تاغ ئۈستىدە قېتىپ قاپتۇ. ھې-
لىقى كىشلەر ئۇنىڭ تاشقا ئايلانغان جىس-
مىنى «چىم - چىم ئوغۇل»، بەزىلىرى
«چىم - چىم ئوغلام» دەپ ئاتىشىدۇ. كەل-
پىنىنىڭ قايسى يېزىسىدىكىلەر بولسۇن بۇ
چىم - چىم ئوغۇلنى يىراقتىن كۆرەلەيدۇ.
ئېيتىشلارغا قارىغاندا «چىم - چىم ئوغۇل»
ھېلىقى ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان-
لىقىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلارمىش، كېچە-
كۈندۈز كىرپىك قاقماي كۆزىنى چىمىل-
دىتىپ ئاتا - ئانىسىنى كۈتۈپ تۇرارمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خەلىچەمخان

رەتلىگۈچى: ئابدۇساتتار ھامىدىن

* *

## مۇنازىرە

ئۇلۇغ پارس شائىرى شەيخ سەئدى
ئىلىم ھېكمەتتە شۇنچە تونۇشقان يېتۈك
ئالىم بولسىمۇ، بىراق ئۇ كىشىنىڭ ھۆسنى
ئانچە چىرايلىق بولمىغاچقا، ئىلىم ئەھلى
ئارىسىدا نام - شۆھرەتكە ئىگە بولالمايتۇ.
بەزمە سورۇنلارغا بارسا گەپ - سۆز، پىكىر
بايان قىلىش پۇرسەتلىرىمۇ تەگمەي، تۆۋ-
ۋەن ئورۇندا ئولتۇرۇپ قالىدىكەن. ئەمما
بىر قىسىم بىلىمسىز تۆۋەن قارى، ئەلەم،
مۇپتى ۋە ئاخۇنلار تۆردە ئولتۇرۇپ قۇرۇق
گەپ تالىشىپ ئۆزلىرى بىلگەنچە ھەممە
ئىشقا پەتىۋا چىقىرىشىدىكەن. بۇ ئىشلارنى
ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان شەيخ سەئدىنىڭ
تىت - تىت بولۇپ ئىچى پۇشىدىكەن.

شەيخ سەئدى ئەلەم، مۇپتىلا بىلەن
بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا
بۇ سورۇنغا شۇ يۇرتنىڭ قازى كالانى كى-
رىپ كەپتۇ ۋە ئەڭ تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ.
قازى شەيخ سەئدىنىڭ كۆرۈمسىز ئەپتى
سىياقىغا قاراپلا ئۆي ئىگىسىنى چاقىرىپتۇ:

— بۇ كىشى ئۆزى ئولتۇرغان جايغا
مۇناسىپ ئەمەستۇر، — دەپتۇ ئۇ ئۆي ئىگى-
سىگە، — ئۇ يا بۇ سورۇندىن چىقىپ كەتسۇن
ياكى ئۆز لايىقىدا جايىنى تېپىپ ئولتۇرسۇن.

ئۆي ئىگىسى قازى كالانىڭ رايىغا
مۇخالىپ ئىش قىلىپ گۇناھكار بولۇشىدىن
ئەنسىرەپ:

— بۇ دېگەن ئەھلى ئىلىملارنىڭ ۋە
مەرتىۋىلىك كىشلەرنىڭ ئورنى. سىزمۇ ئۆ-
زىڭىزگە لايىق ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇڭ،—
دەپتۇ. بۇ گەپ شەيخ سەئدىگە تولىمۇ
ھار كەپتۇ. شۇڭا ئۇ، سورۇندىكى قازى،
ئەلەم مۇپتى، ئاخۇنلار بىلەن ئىلمىي مۇنا-
زىرىگە چۈشۈپتۇ. شەيخ سەئدى بىر تە-
رەپ، قازى باشلىق پۈتۈن سورۇن ئەھلى
بىر تەرەپ بولۇپ مۇنازىرە قىپتۇ. مۇنازىرە
شۇنداق ئەۋجىگە چىقىپتۇكى، ئۇلار ھېلى
يوتىلىرىغا، شىرەلەرگە مۇشتلىسا، ھېلى
دەستارلىرىنى تاشلاپ چۇۋۇپ، يەرگە ئېتى-
شىپتۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇنازىرىدىن كې-
يىن، ئاخىر شەيخ سەئدى ئۈستۈن چى-
قىپتۇ. ئىلىم - ھېكمەت ۋە پەتىۋادا قازى
كالانلارنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. مۇنازىرىگە
چۈشكەن قازىلار دەرھال شەيخ سەئدىنىڭ

ئالدىغا كېلىپ، دەستارلىرىنى، پەرىجىلىرىنى
ئۇنىڭ ئۇستىگە يېپىشقا ئۇرۇنۇپتۇ ۋە تۇ-
ۋەنچىلىك بىلەن ئىخلاسمەنلىك بىلدۇرۇپ-
تۇ. بىراق شەيخ سەئىدى ئۇلارنىڭ تەك-
لىپ، ئىلتىپاتلىرىنى قوبۇل قىلماي سورۇن-
دىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شەيخ سەئى-
دى: «بۇ زاماندا بىر كىشىنىڭ بىلىمى
قانچىلىك يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما ھۆسنى-
جامالى، قەددى - قامىتى چىرايلىق بولمىسا،
ئۇنىڭ ئېتىبارى بولمايدىكەن» دېگەنلەرنى
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ناھايىتى خاپا بولۇپتۇ.

## سەئدى بىلەن پادىچى

شەيخ سەئىدى جاھان كېزىپ بىر
سەھراغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يەردە پادا بې-
قىۋاتقان بىر بوۋايغا يولۇقۇپ قاپتۇ. بوۋاي
گەرچە ئاددىي پادىچى بولسىمۇ بىراق، ئۇ-
نىڭ قەددى - قامىتى شۇنچە قاملاشقان، تې-
مەن، يۈز - كۆزلىرىدىن نۇر ياغار ئىكەن.
ئاپئاق ساقاللىرى كۆكسىنى يېپىپ تۇرى-
دىكەن. پەقەت ئۇستىبېشى كىر، كىيىم-
لىرى جۇل - جۇل ئىكەن. شەيخ سەئىدى
ئۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆھبەت-
لىشىپ باقماقچى بولۇپتۇ.

— سىزمۇ ئەھلى ئىلىممۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ سەئىدى سالام بەرگەندىن كېيىن.
بوۋاي:

— ياق، تەقسىر، مەن ئېلىپىنىڭ سو-
نۇقىنىمۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

— ھەي ئاتا، مەن سىزنى يېمەك-ئىچ-
مەك، كىيىم - كېچەكتىن بىھاجەت قىلسام،
سىز كالا باقماي مەن بىلەن شەھەرمۇ شە-
ھەر ئارىلاپ يۈرۈشنى خالامسىز؟ — دەپتۇ.

بوۋاي شەيخ سەئىدىنىڭ ئىلتىماسىنى
قوبۇل قىپتۇ. شەيخ سەئىدى پادىچى بوۋايغا:

— بۈگۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ
ئۇستازىم بولۇسىز، مەن سىزنىڭ شاگىرتى-
ڭىز بولىمەن. سىز دائىم بەزمە، سورۇن

مۇنازىرىلەردە شۇ سۆلىتىڭىز بىلەن تۆردىن
ئورۇن ئالىسىز. ھەر جاي ھەر يەرلەردە
ھۆرمىتىڭىز ئۇلۇغ، دۆلىتىڭىز زىيادە بولى-
دۇ. سىز دائىم قازى كالان، مۇپتى، ئەلەم-
لەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرىسىز. لېكىن زىيادە
سۆز قىلمايسىز. ئۇلار سىزگە: «ئەي ئۇس-
تاز ئەمىر - مەرۇپ، ئىلىم - ھېكمەتتىن
بىر ئاز بايان قىلىپ بەرسىلە» دېسە، سىز
ئەرەبى تىلدا «شاگىرتىم بايان قىلىپ بەر-
سۇن» دەيسىز. مەن بۇ سۆزنى بىرنەچ-
چە كۈن سىز بىلەن بىللە كالا بېقىپ
ئۆگىتىمەن، — دەپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ شەيخ سەئىدى
بوۋايغا «مېنىڭ شاگىرتىم ئىلىم ھېكمەت
بايان قىلىپ بەرسۇن» دېگەن سۆزنى ئەرە-
بى تىلدا ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن
يېشى چوڭىيىپ، تىلى قېتىپ قالغان بىر
پادىچىغا بۇ بىر جۈملە ئەرەبچە سۆزنى ئۆ-
گىنىش تولىمۇ مۈشكۈل كەپتۇ. بوۋاي
ئۈچ كۈندە بۇ سۆزنى ئېسىدە تۇتۇۋاپتۇ.
كېيىنكى تۆت كۈندە بولسا بىر يانچۇققا
قوينىڭ مايىقىنى لىق تۇشقۇزۇۋېلىپ ئاشۇ
بىر جۈملە سۆزنى توغرا تەلەپپۇز بىلەن
ئوقۇسا، بىر ماياقنى بوش يانچۇققا يۆتكەپ،
كۈنىگە نەچچە مىڭ قېتىم تەكرارلاپتۇ.
ئاخىر بۇ جۈملىنى ئەرەبى تىلدا شۇنچە
توغرا، يېقىملىق ھەم پاساھەتلىك قىلىپ
سۆزلەيدىغان بولۇپتۇ. شۇندىن كېيىن
شەيخ سەئىدى پادىچىغا «سىز ئەمدى كا-
لىلارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇۋېتىڭ، بىز سەپەرگە
چىقايلى» دەپ بۇيرۇپتۇ. شەيخ سەئىدى
ئۆز يېنىدىن پۇل سەرپ قىلىپ، پادىچىغا
بىر يۈرۈش تون، سەللە، مەيسە - كالاچ
كىيدۈرۈپتۇ. شۇ ھالەتتە پادىچىغا ھەرقان-
داق بىر كىشى قارىسا ئەيمەنگۈدەك بىر
خىل كاتتا پازىل سۈپەت كىرىپتۇ. ئاندىن
كېيىن سېرىق زەربابتىن ياغلىق تەييار
قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە بىر پارچە خىشنى

ئوراپتوُ. ئوُنی بوغقوُچ بىلەن باغلاپ پادىـ
چىنىڭ قولتوُقىغا قىستوُروُپتوُ.

ـــ ئەگەر كىمكى «بوُ قانداق كىتاب»
دەپ سورىسا، «كىتابوُل خىشت» دەپ جاـ
ۋاب بېرىسىز، ـــ دەپ جېكىلەپتوُ.

سەئىدى بىلەن پادىچى بوۋاينىڭ تەيـ
يارلىقلىرى پوُتوُپ يولغا چىقىپتوُ. ئوُزوُن
يول يوُروُپ بىر شەھەرگە بېرىپتوُ. ئوُلارـ
نىڭ سوُلتىگە قاراپ شەھەر چوڭلىرىدىن
بىرى ئوُلارنى مېھمانغا چاقىرىپتوُ. شەيخ
سەئىدى بىلەن پادىچى تەكلىپ قىلىنغان
جايغا يېتىپ بېرىش بىلەنلا قازى، موُپتى،
ئوُلىمالار شەيخ سەئىدىنىڭ يېنىدا ئاجايىپ
سوُلەت ۋە ھەشەمەت بىلەن كېلىۋاتقان
پازىل سوُپەت كىشىنى كوُروُپ ئوُلارغا ئاجاـ
يىپ ئىلتىپاتلار كوُرسىتىپ سوروُنغا باشـ
لاپتوُ. پادىچىنى سوروُننىڭ ئەڭ توُرىگە
تەكلىپ قىپتوُ. شوُ چاغدا پوُتكوُل سوروُن
ئەھلى پادىچىنىڭ ئاجايىپ گوُزەل قەددىـ
قامىتى، نوُرلوُق چېھرىسىگە قاراپ ھەيران
بولوُشوُپ «پاھ ـ پاھ، ئاجايىپ تولغان ئالىم
كىشى ئىكەن» دېيىشىپتوُ. شەيخ سەئىدى
سوروُننىڭ بىر چېتىگە ئوروُنلىشىپتوُ.
پوُتكوُل سوروُن ئەھلى پادىچىنىڭ ئاجايىپ
جەزىبىلىك قىياپىتى، نوُر چاقناپ توُرغان
كوُزلىرىدىن ئەيمىنىپ بىرھازاغىچە ئوُنـ
زوُۋان چىقارماي ئولتوُروُشوُپ كېتىپتوُ.
ئاخىر ئوُلاردىن بىرى بوُ جىمجىتلىقنى
بوُزوُشقا جوُرئەت قىلىپ پادىچىغا:

جانابلىرى، بىزگە ئەمىر ـ مەروُپ، ئىلـ
مىي ـ ھېكمەت بايان قىلىپ بەرسىلە، ـــ دەپ
توُۋەنچىلىك بىلەن ئېگىلىپ تەكلىپ قويوُپتوُ.

شوُ چاغ پادىچى كوُزىنى يېرىم يوُـ
موُپ، ئەرەب تىلى بىلەن گوُزەل ھەم پاساـ
ھەتلىك تەلەپپوُزدا:

ـــ مېنىڭ شاگىرتىم سىلەرگە ئەمىرـ
مەروُپ، ئىلمى ـ ھېكمەت بايان قىلىپ بەرـ
سوُن، ـــ دەپتوُ.

شوُنىڭ بىلەن شەيخ سەئىدى پاساھەت
ۋە بالاغەت بىلەن ناھايىتى نوُرغوُن ئىلىمـ
ھېكمەت بايان قىپتوُ. ئوُنىڭ شوُنچە چوڭـ
قوُر ۋە كەڭ ئىلمىدىن شەھەرنىڭ قازى
ئەلەملىرى ۋە پوُتكوُل سوروُن ئەھلى ھەيـ
رانوُ ـ ھەس قىلىشىپتوُ. شوُ سوروُندا ئولـ
توُروُشقان ئالىملار ھېچقايسىسى شەيخ سەئىدىـ
نىڭ سوُزلىرىدىن قىلچە ئەيىب نوُقسان
تاپالماپتوُ، بەلكى سوروُندىكى بارلىق ئەھـ
لى ئىلمىي كىشىلەر ئوُنىڭدىن نوُرغوُن بىـ
لىمگە ئىگە بولوُشوُپتوُ. شوُ چاغ بارلىق
سوروُن ئەھلى بىر ـ بىرىگە: «بوُ ئوُستازـ
نىڭ شاگىرتى بوُنچىلىك يېتىلگەن ئالىم بولـ
سا، ئوُستازنىڭ ئوُزى قانچىلىك بولوُپ كەتـ
كەندوُ. دوُنيادا ئىلمىي ـ ھېكمەتكە بوُنداقـ
موُ تولوُق ئادەملەر بولىدىكەن» دېيىشىپ
ھەيران قېلىشىپتوُ. لېكىن بوُ جەرياندا
پادىچى بىر ئېغىزموُ سوُز ئاچماپتوُ. شەيخ
سەئىدىنىڭ ئەمىر ـ مەروُپلىرى ئاخىرلاشقان
پوُرسەتتە بىر ئالىم كىشى پادىچىغا ئېگىلىپ:

ـــ تەقسىرىم، قولتوُقلىرىدىكى نېمە كىـ
تاب ئىكەن؟ ـــ دەپ سوراپتوُ. پادىچى:

ـــ كىتابوُل خىشت، ـــ دەپ جاۋاب
بېرىپتوُ پادىچى كوُزىنى يوُموُپ. شوُ چاغدا
پوُتكوُل سوروُن ئەھلى: «بوُ ھېچقايسىمىز
كوُرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغان ئاجايىپ كىتاب
ئىكەن» دەپ ئوُنى ئېچىگە چوُشوُپ كېتىپتوُ.

شەيخ سەئىدى شوُنداق قىلىپ ئوُزىـ
نىڭ ئېچكى ئىلىم ھېكمەت بايلىقىنى پوُتـ
كوُل جاھانغا يايغانىكەن.

رەتلىگوُچى: ئېلى ئىسمايىل

ئېيتىپ بەرگوُچى: تاھىر ەەخسوُم

* *

ئىككى ئادەم ئاتلىرىنى ھارۋىغا قىتىپ، يىراق بىر جايغا سەپەرگە چىقىپتۇ. لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ يىزىسىدىن چىقا-چىقمايلا ھارۋىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.



ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ، يەنە ئۆزى چىققان يىزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ يولۇچىلار ئويغانغان چاغدا ئاتلار ھارۋىنى سۆرەپ ئاللىقاچان قايتىپ كەپ بولغانىكەن. ئۇلاردىن بىرى ئۆز ھويلىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە:

— ھوي، قارىغىنا، بۇ جايدىمۇ مېنىڭ ھويلامغا ئوپمۇئوخشاش بىر ھويلا بار ئىكەن، — دەپتۇ.

يەنە بىرى سۇغا كېتىۋاتقان ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى كۆرۈپ:

— قاراپ باقە، ئاۋۇ ئايال مېنىڭ خوتۇنۇمغا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدىكىنا، — دەپتۇ.

* *

قۇرۇق پاراڭنى ياخشى كۆرىدىغان بىر خوتۇن ئېشى پىشماي تۇرۇپلا ئېرىگە:

— دادىسى، مەن قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە چىقىپ بىر مىنۇتتىلا قايتىپ كىرىمەن. سىز قازانغا قاراپ قويۇڭ. قازاندىكىنى ھەر يېرىم سائەتتە بىر ئارىلاشتۇرۇپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، — دەپتۇ.

* *

ئىككى كونا دوست يولدا ئۇچرىشىپ، ئۆز قايغۇلىرىنى ئورتاقلىشىپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

— ئوتتۇز يىل بىللە ياشىغان ئېرىم قازا تاپتى. ئەمدى قانداقمۇ ياشارمەن، — دەپ دەرد تۆكۈپتۇ.

— سېنىڭ قايغۇ-ئەلىمىڭ ئانچە يېنىك ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ يەنە بىرسى سۆز قىستۇرۇپ، — مانا مېنىڭ دەرد-ئەلىمىمۇ سېنىڭكىدىن ئۆتە ئېغىر. قانداق ئېغىر دېمەمسەن، تېخى ئۆتكەن يىلى سېتىۋالغان ياغلىقىمنى ئونلاق چايناۋەتتى ئەمەسمۇ. بەك ئىسراپ بولدى. ئىنتايىن ئىچىم پۇشتى.

* *

گۈلخان يەڭگە بىر ئىش بىلەن قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىكەن، قوشنىسى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي چايغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇ چاي ئىچىش ئۈچۈن چىنىنى قولىغا ئېلىشىغا، چىنە قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، چېقىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۆي ئىگىسى گۈلخان يەڭگىگە ئالىيىپ قاراپتۇ.



ــ ئالايماق،ــ دەپتۇ گۈلخان يەڭگە،ــ ئەيىب مەندە ئەمەس، ئۆزىڭىزدە، چايغا زورلىماسلىق كېرەك ئىدى- دە.

* *

ئەكمەلنىڭ كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە دائىم «مەنمۇ؟» دەپ سوراپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئاغرىپ قېلىپ تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

تېۋىپ ئۇنىڭدىن:

ــ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، ئەكمەل ئۆز ئادىتى بويىچە:

ــ مەنمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ سەن ئەمەس، مەن،ــ دەپتۇ تېۋىپ ئۇنىڭغا كايىپ.

ئەكمەل تېۋىپنىڭ تەققى- تۇرقىغا قاراپ، ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ ئېھتىمال قىرىق ياشلاردا بولۇشۇڭ مۇمكىن،ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

* *

ــ شۇنداق ئىتلارمۇ بولىدۇكى، ئۇلار ئىگىسىدىنمۇ ئەقىللىق.

ــ ماڭغىنا، يوق گەپنى قىلىدىكەنسەن. ئىتنىڭ ئادەمدىن ئەقىللىق بولغىنى نەدە بار؟

ــ ھەي توختاپ تۇرە، مېنىڭ بىر ئىتىم بار ئىدى...

ــ ھە، بولدى، بولدى، ئۇنداق بولسا ئىشىنىمەن.

* *

بىر يېزىدا ئىككى لاپچى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى تىككۈچى ئىكەن. بىر كۈنى تىككۈچىنىڭ ئۆيىگە قوشنىسىنىڭ ياش باللىرى كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. تىككۈچى ئۇلارغا:

ــ مەن سەيپۇڭلۇق قىلغان يېزىنىڭ توخۇلىرى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، يۇلتۇزلارنى چوقۇلايتتى. بىر ئاخشىمى ئايىنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، چوقۇلاپ- چوقۇلاپ، كوچا بويلاپ سۆرەپ ماڭدى،ــ دەپتۇ.

ياشلار يەنە بىر لاپچىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئاشۇ سۆزلەر راستمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئۇغۇ دۇنيانى ئارىلىغان ئادەم، يوق گەپنى قىلمايدۇ،ــ دەپتۇ ئۇ لاپچىمۇ گەپ قىستۇرۇپ،ــ بىراق جاھاندا ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ ئىشلار بار. مېنىڭ بىر كۆلنى ئارغامچا بىلەن ئاسمانغا ئېسىپ قويغان چاغلىرىممۇ بولغان. ئۆزۈم تېگىدە خېلى ۋاقىتقىچە قاراپ تۇردۇم. بېلىقلار قورقىنىدىن كۆلنىڭ چېتىگە سەكرەپ، يىقىلىپ چۈشۈشتى.

* *

ھىندىستانغا بېرىپ قايتىپ كەلگەن بىر كىشىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن دوستلىرى ئالدىغا چىقىپتۇ. ئۇ كىشى دوستلىرىغا ھىندىستاندا كۆرگەنلىرىنى ھەدەپ كۆپتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

— ھىندىستاننىڭ تەرخەمىكى تاغدەك چوڭلۇقتا بولىدىكەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى سۆز ئارىسىدا.

ئۇنىڭ ئاتقان پوللىرىغا چىدىمىغان بىر دوستى:

— سەن ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندە يۇرتىمىزدا بىر كۆۋرۈك ياسىدۇق. ئۇ سىرلىق كۆرۈك، — دەپتۇ.

— قانداق سىرى بار؟

بۇ كۆۋرۈك يالغان سۆزلىگەن كىشىنى قىسىپ ئۆلتۈرىدۇ.

— بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمىسە بولمامدۇ؟

باشقا كۆۋرۈك يوق ئەمەسمۇ، مانا كەپمۇ قالاي دېدۇق. كۆۋرۈك ئەنە كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

— ئۇ تەرخەمەك، — دەپتۇ يالغانچى كىشى، — تاغدەك چوڭ بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۆيدەك بار.

ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار كۆۋرۈككە تېخىمۇ يېقىنلىشىپتۇ. يالغانچى يەنە گەپ باشلاپتۇ:

— ئۇ تەرخەمەك ئۆيدەك بولمىغاندىمۇ، ئىچىگە بىر ئادەم كىرىپ ياتقۇدەك بار.

— بولسا بولار، — دەپتۇ دوستى، — ئەڭ توغرىسىنى مانا ماۋۇ كۆۋرۈك ئېيتىپ بېرىدۇ.

كۆۋرۈككە دەسسەش ئالدىدا يالغانچى ئالدىراپ:

— دوستۇم، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ھىندىستاننىڭ تەرخەمىكىمۇ بىزنىڭ تەرخەمەكچىلىك چوڭلۇقتا بولىدىكەن، — دەپتۇ.

* *

يېزا ياشلىرى دائىم باشقىلارنى ئالداپ يۈرىدىغان بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپتۇ.

— ئەينۇللا ئاكا، — دەپتۇ ياشلار ئۇ ئادەمگە سۆركىشىپ، — قېنى بىزنى بىر ئالداپ بېقىڭا.

ئۇ كىشى:

— ھازىر ۋاقتىم يوق بالىلار. قوشنا يېزىدا ناھايىتى ئەرزان باھادا گۆش سېتىپتۇ. شۇنى ئېلىشقا ئالدىراۋاتىمەن. قىشقا سوقۇم بولىدۇ، — دەپلا يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ياشلار: «بۇ ھەقىقەتەن ياخشى مەسلىھەت بولىدى» دەپ، ئۆيلىرىدىن پۇل ئېلىپ، قوشنا يېزىغا قاراپ يۈگرەپتۇ. بارسا، ھېچقانداق گۆشنىڭ خەۋىرى يوق. ئۇلار بۇ ئىشقا قاتتىق خاپا بولۇشۇپ، ئەينۇللا ئاكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇلار:

— قوشنا يېزىدا ھېچكىم گۆش ساتماپتۇغۇ. نېمىشقا بىزنى ئالدىدىڭ، — دەپ كايىغان ئىكەن ئەينۇللا ئاكا ئۇلارغا:

— تەلەپ بويىچە، — دەپتۇ.

* *

ئىككى قۇدا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

بىزنىڭ يېزىدا كىم ياخشى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئويلاپ باقايلى، — دەپتۇ يەنە بىرسى.

ئۇلار پۈتۈن يېزىدىكى ئادەمنى بىر قۇر تاسقاپ چىقىپتۇ. يېزىدىكىلەرنىڭ بىر مۇنچىلىرىنى بەڭگى، بىر مۇنچىلىرىنى زەڭگى دەپتۇ، بىر مۇنچىلىرىنى قوشنىلىرى بىلەن چىقىشالمايدۇ. يەنە بىر مۇنچىلىرىنى

ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى بىلەن پېتىشالمايدۇ،
دەپتۇ. بىرمۇنچىلىرىنى قولى ئەگرى،
دېسە، يەنە بىرمۇنچىلىرىنى غەيۋەتچى،
دەپتۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ ھەممە ئادەم-
نىڭ بىر - ئىككىدىن ئەيىبلىرىنى تېپىشىپتۇ.
ئۇلارنىڭ بىرى:



— ھەممىسىنىمۇ دېدۇق، راستىن
ئېيتقاندا بۇ يېزىدا سەن بىلەن مەنلا
ياخشى،— دەپتۇ.

* *

بىر ئادەم ئىشىك ئالدىدا تۇرغان
قويىنى تېپىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىرى:
— نېمىشقا گۇناھسىز ھايۋانغا ئازار
بېرىسەن؟— دەپتۇ.
— بۇمۇ مېنىڭ خوتۇنۇمغا ئوخشاش
پەقەت ماڭىلا قاراپ ۋارقىرايدىكەن،—
دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

* *

قاتتىق ئاغرىپ ياتقان باي خوتۇنىغا
ۋەسىيەت قىلىپ:
— ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۆ-
زىمىزنىڭ چاكىرى ھەمدۇلغا ياتلىق بول-
ساڭ مۇۋاپىق بولار،— دەپتۇ.
— ماقۇل،— دەپتۇ ئايالى،— ئۆزۈممۇ
شۇنداق قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

* *

بىر بوۋاي ئۆيىگە قايتىپلا خوتۇنىغا
دەرد تۆكۈپ:
— ھېلىقى سەمىتۇللا دېگەن بىر
نېمە بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم، ئۇ: سېنىڭ
ئاتاڭ ئۆمۈر بويى ئوغرىلىق قىلغان» دەي-
دۇ. تېخى،— دەپتۇ.
— سەن گەپ قىلمىدىڭمۇ؟— دەپتۇ
خوتۇنى تېخىمۇ ئېچىنىپ،— ئۇنى «ھەسەن
شېرىك»، «لاتا باش» دەپ تىللىساڭ بول-
ماسمىدى.
— توختا، خوتۇن،— دەپتۇ ئېرى
ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،— تاماقنىڭ تەييار
بولغۇچە مەن شۇ گەپلەرنى دەپ قويۇپ
قايتاي.
بوۋاي شۇنداق دېگىنىچە يۇلقۇنۇپ
چىقىپ كېتىپتۇ.

* *

بىر ئادەم رامىزان ئېيىدا ئامبارغا
كىرىپتۇ-دە، ئىشىكنى ئېتىۋېلىپ، روزى-
سىنى بۇزۇپ نان يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇنى
كىچىك ئوغلى كۆرۈپ قېلىپ:
— ئۇ يەردە كىم بار؟— دەپ ۋار-
قىراپتۇ.
— ۋارقىرىما، ئوغلۇم، ئاۋازىڭنى
بوش قىل، ئاتاڭ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ نېنىنى
ئۆزى ئوغرىلاپ يەۋاتىدۇ،— دەپتۇ ئاتىسى.
ئوغلى:
— نېمىشقا؟— دەپ سوراپتۇ. ئاتىسى
جاۋاب بېرىپ:
— چۈنكى ئاتاڭ خۇدادىنمۇ بەكرەك
تەڭرىدىن قورقىدۇ،— دەپتۇ.

* *

قېيىن ئانىسى:
— ئاشنى كۆپ ئەتمە، قىزىم، «بىسى-

مىللا» دېسەڭلا، يېتىدۇ،— دەپتۇ.

— ئۇنداقتا،— دەپتۇ كىيىنى،— ئاش كۆپ بولسا، بىسمىللانىڭ ئەھمىيىتى قالمايدىكەن-دە.

* *

بىر ئادەم بېشىغا ھەددىدىن تاشقىرى يوغان سەللە يۆگىگەن موللامدىن سوراپتۇ:

— موللام، سەللىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىنىڭ نېمە مەنىسى بار؟

— مەنىسى شۇكى،— دەپتۇ موللام،— سەللە ئادەمنىڭ بېشىدىكى ئەقىلنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەقلى كۆپ ئادەملەرنىڭ سەللىسى چوڭ بولىدۇ...

— ھە، شۇنداقمۇ؟— دەپتۇ ئۇ ئادەم موللامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ،— مەنغۇ بۇنىڭ مەنىسى سېلى ئېيتقانىڭ دەل ئەكسىچىمىكىن دەيمەن.

* *

بىر مەسچىتكە يېڭىدىن كەلگەن ئىمام مەزىندىن سوراپتۇ:

— مەزىن ئاكا، بەك قېرىپ كېتىپسىز، قېنى ئېيتىڭا، ئۆز ئۆمرىڭىزدە نەچچە ئىمامنى قەبرىگە قويدىڭىز؟

— سىز بىلەن تۆت بولىدۇ، تەقسىر،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەزىن.

* *

بىر كىيىم تىككۈچى ئۇستام كىملا رەخت ئەكەلسە، ئۇنىڭ كىيىملىكىدىن ئازراق رەختىنى قاقتى-سوقتى قىلىدىكەن. بىر موللام ئۇنىڭغا:

— ئوغرىلىق قىلما، ئوغرىلىغان رەختلىرىڭنى بايراق قىلىپ، گەجگەڭگە تاقاپ، سېنى ئازابلايدۇ،— دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئۇستا بۇنىدىن كېيىن ئوغرىلىماسلىققا ۋەدە بېرىپ تۆۋا قىپتۇ. بىر كۈنى بىر ئادەم كىيىم تىككۈزۈش ئۈچۈن چىرايلىق، گۈللۈك ۋە باھاسى قىممەت رەخت ئەكەپتۇ. ئۇستام ئۇنىڭدىن ئازراق ئېلىپ قاپتۇ. بۇنى شاگىرتى كۆرۈپ قېلىپ:

— تۆۋا قىلغانىدىڭىز، نېمىشقا يەنە ئوغرىلايسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— بۇنداق چىرايلىق رەختتىن قىلىنغان بايراقنى كۆتۈرۈپ يۈرسەممۇ يارىشىدۇ،— دەپتۇ.

* *

بىر يۇرتلۇق ئىككى ئاغىنىسى ياقا يۇرتقا ساياھەتكە چىقىپتۇ. يول ئۈستىدە ئۇلاردىن بىرسى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ھەمراھى يۇرتقا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. ئاغرىق دوستى ئۇنىڭغا ئامانەت سۆزلىرىنى جېكىلەشكە باشلاپتۇ.

— ئۆيۈمگە بېرىپ ئېيتقىن،— ئاتاڭنىڭ بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ. نەپىسى قىسىلىدۇ. قوللىرى قاتقان، پۇتلىرى دەرمانسىز. كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ قالغان، پېيى تارتىشقان، بېلى ئاغرىيدۇ. مەيدىسى تاشتەك قاتقان، قەددى پۈكۈلگەن، گۆشلىرى سىزىپ قۇرۇق ئۇستىخىنىلا قېپقالغان، كۆزىدىن ياش توختىمايدۇ. يۈرىكى سوقمايدۇ. تىنىقى.....

— بولىدى، بولىدى،— دەپتۇ ھەمراھى،— كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرماي، سېنى ئۆلدى دەپ قويساملا بولمامدىمۇ.

* *

بىر ئولتۇرۇشتا تۇيۇقسىز چىراغ ئۆچۈپ قاپتۇ. ئۆي ئىگىسى خېلى ئۇزۇنغىچە سەرەڭگە تاپماي، مېھمانلار قاراڭغۇدا قاپتۇ. مېھمانلاردىن بىرى ئەنسىز ئاۋازدا ھەدەپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشلى تۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— بۇرادەر،— دەپتۇ ئۇنىڭ يېنىدا
ئولتۇرغان يەنە بىر مېھمان،— ئۆزىڭىزنى
ئۆزىڭىز چاقىرغىلى تۇردىڭىزغۇ، قارا
بېسىپ قالمىغانسىز؟

ئۇ كىشى جاۋابەن:

— قارا باسقىنى يوق، قاراڭغۇ
بېسىۋالدى، قاراڭغۇدا ئۆزۈمنى يوتتىۋـ
رۇپ قويدۇم،— دەپتۇ.

* *

بىر يېزىدا بىر رەمبال موللا
بىلەن بىر چاچراتقۇ سالدىغان موماي
بار ئىكەن، ئۇلار كىشىلەرنى ئالداپ،
پۇلىنى كۆپرەك تېپىش ئۈچۈن، تىلىنى
بىر قىلىۋالغانىكەن. بىر كۈنى مۇخپۇل
دېگەن دېھقانىنىڭ بىر تورۇق ئېتى ئاغرىپ
يىقىلىپ قاپتۇ. مۇخپۇل رەمبالنىڭ ئالدىغا
بېرىپ كىتاب ئاچتۇرغانىكەن رەمبال
ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، خاتىرجەم بول، ئېتىڭ
ساقىيىدۇ، ئېتىڭغا بىرى قەست قىلغان
ئوخشايدۇ. ئالدى بىلەن بىر چاچراتقۇ
سالدۇرۇپ كۆرۈپ باق، ئاندىن مېنىڭ
يېنىمغا كەل،— دەپتۇ.

مۇخپۇل چاچراتقۇ سالدۇرۇپ ئۆيگە
قايتىپ بارسا، ئاتنىڭ ھالى ناھايىتى
خاراب بولۇپ، پىچاققا ئارانلا ئۈلگۈرۈپتۇ.
دېھقان ئاتنى سويۇپ، قولۇم - قوشنىلىرىغا
خامتاراش قىلىپ بېرىپتۇ. تېرىسىنى تېرە
ئاشلىغۇچىغا بېرىپتۇ.

شۇ كۈنى مۇخپۇل پىشىن نامىزىدىن
قايتقاندا، رەمبال ئۇنىڭدىن:

— مۇخپۇل ئوغلۇم، چاچراتقۇ سالـ
دۇردۇڭمۇ؟ چاچراتقۇ نەدىن چىقتى؟—
دەپ سوراپتۇ.

— سالدۇردۇم تەقسىر،— دەپتۇ مۇخـ
پۇل،— چاچراتقۇ چاچراتقۇلۇقتىن چىقتى،
ئاتنىڭ بوينىمۇ ئاجراتقۇلۇقتىن چىقتى،
گۆشى پارچىلاتقۇلۇقتىن چىقتى. ئۇستىدـ
خىنى ئىتلارغا تاشلاتقۇلۇقتىن چىقتى،
تېرىسى ئاشلاتقۇلۇقتىن چىقتى.

* *

پادىشاھ بىكارچىلىقتىن پۈتۈن شەھەرـ
دىكى خەلققە بىردىن ھاسا ياساشنى
بۇيرۇپتۇ ۋە «كىمنىڭ ھاسىسى كۆڭلۈمگە
يارىسا كاتتا ئىنئام بېرىمەن» دەپ جاكار
قىلدۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە
پادىشاھ خەلقنىڭ ھەرىكىتىنى بايقاپ
بېقىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپتۇ. ئۇ بازارـ
دىن ئۆتۈپ شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ.
پادىشاھقا ئۇ يەردە بىر چوڭ جىگدىلىك
ئۇچراپتۇ. ئۇ يەردە بىر بوۋاي تەنھا
ئولتۇرۇپ، كېسىلگەن جىگدە ياغىچىنى
ئېگىۋاتقۇدەك.

— تاغا، نېمە قىلىۋاتىسىز؟— دەپتۇ
پادىشاھ بوۋايغا قىزىقىپ.

بوۋاي جاۋابەن:

— بىزنىڭ سارالڭ پادىشاھىنىڭ چۈشـ
گە ھاسا كىرىپ قېلىۋىدىمىكىن، ئەلنىڭ
ھەممىسىگە ھاسا ياساشنى بۇيرۇپتۇ، مەنمۇ
قاتاردىن قالماي دەپ ھاسا ياساۋاتىمەن،—
دەپتۇ.

پادىشاھ بوۋايىنى گەپكە سېلىش
ئۈچۈن:

— خەقلەر نى - نى ئېسىل ھاسىلارنى
ياساۋېتىپتۇ. سىزنىڭ بۇ ھاسىڭىز پادىـ
شاھقا يارارمۇ، ئىنئامنى ئالالارسىزمۇ؟—
دەپتۇ.

— يارىسا يارار،— دەپتۇ بوۋاي شۇ ھاـ
مان،— يارىمىسا، ئىنئامنى ئۆزىنىڭ يەتـ

مىش پۇشتىغا بىرەر.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. ھەممە ئادەم ئۆزى ياسىغان ھاسىلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېلىقى بوۋايمۇ بار ئىكەن. پادىشاھ بۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كۆچۈرۈپ كېلىپ بوۋاينى تونۇپ قاپتۇ.

— ھە، بوۋاي،— دەپتۇ پادىشاھ،— بۇ ھاسىڭىز پادىشاھقا يارامدۇ؟

— يارىسا يارار،— دەپتۇ بوۋاي ئەيمەنمەستىن،— يارىمىسا، گەپ جىگدىلىكتىكىدەك...

پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئىنئامىنى بوۋايغا بېرىپتۇ.

* *

بىر كىشى دىنىي ئىلىمدىن خەۋىرى بار بىر قوشنىسىدىن:

— قوشنام، ئاخۇنۇم مەسچىتتە دائىملا: «ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا» دەپ سۆزلەيدۇ. ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقى زادى قانچىلىك باردۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

قوشنىسى سوئال سورىغان ئادەمنىڭ ئالدىدىكى يەرنى پۇتى بىلەن سىزىپ بەلگە قىلىپتۇ - دە، ئۆزى ئۇدۇل مەھەللە ئايىغىدىكى مازارلىققا قاراپ قەدەم ساناپ مېڭىپتۇ.

— ھەي قوشنام، نەگە ماڭىسىز،— دەپتۇ سوئال سورىغان كىشى ھەيران بولۇپ.

قوشنىسى:

— ئۇ دۇنيا بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەپ كېلىپ بىر نەرسە دەي،— دەپتۇ.

* *

بىر كىشى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. مەھەللىدىكى جامائەت ئۇنى يوقلاپ كىرىپتۇ. جامائەتنىڭ بىرى ئاغرىقنىڭ باش تەرىپىدە ئېسىقلىق تۇرغان دۇتا - تەمبۇرنى كۆرۈپ:



— بۇرادەر، دۇتار، تەمبۇر بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسىز؟— دەپتۇ.

— پەرىشتە كىرمىسە بۇمۇ بولىدىغان ئىشكەن،— دەپتۇ ئاغرىق كىشى،— مەن ئۆلۈپ كەتسەم گۆرۈمگە دۇتار، تەمبۇرنى ئەكىرىپ قويۇپ ئاندىن مېنى كۆمۈڭلار. سوئال - سوراقتىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم ياتاي.

رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىر قەدەم مۇھەممەتئىمىنيازوۋ




ئېلىۋالدى گۈل شېخى،
چاپىنىمنىڭ يېڭىنى.
ئېلىپ كەتتى ئاپئاق قىز،
يۈرىكىمنىڭ تېگىنى.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ،
تۇتتۇق شاراب تولدۇرۇپ.
مۇڭلۇق تەنها بېشىمغا،
بەخت قۇشى قوندۇرۇپ.

قىزىل ئالما يۈزىڭىز،
شېرىن، يىللىق سۆزىڭىز.
كۈندۈز قىلغان كېچەمنى،
بىر جۈپ شەھلا كۆزىڭىز.

گۈلگە قوندى كېپىنەك،
گۈل تەۋرەندى، سۆيۈندى.
كۆلدۈك قاراپ لەپپىدە،
ئاي كۈلگەندەك كۆرۈندى.

كۈندۈزى كۈن ئۇڭ يۈزۈڭ،
كېچىسى ئاي سول يۈزۈڭ.
مۇھەببەتلىك ئۆمرۈمنىڭ،
چىرىغى سەن بىر ئۆزۈڭ.

گۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ،
ئاي يۈزۈڭنى مارايمەن.
قامىتىڭنى گۈل بىلىپ،
ھىدلىرىڭنى پۇرايمەن.

چىمەن دوپپام بېشىمدا،
چىرايلىقىم قېشىمدا.
يېتىشتىم بۇ ئامەتكە،
يىگىرمە بىر يېشىمدا.

ئات مىنسەڭ ئايغىر تاللا،
يول يىراق بىلىنمەس.
يار بىلەن تېپىشقاندا،
كۆزگە ئۇيقۇ ئىلىنمەس.

ئۈستەڭنىڭ سۈيى تاشتى،
قىردىن ھالقىدى ـ ئاشتى.
كۆرۈپ سېنى لال بولدۇم،
ئوتۇڭ ماڭا تۇتاشتى.

بېغىڭدىكى گۈللەردىن،
چېكەمگە قىسىپ ئالسام.
سۈرىتىڭنى سىزدۇرۇپ،
تېمىمغا ئېسىۋالسام.

ئاق كەپتىرىم ئەمەسمۇ،
باللىرىغا دەم بەرگەن،
سەن ئەمەسمۇ قارا كۆز،
بۇ ئۆمرۈمگە تەم بەرگەن.

زەپ دىمىق بولدى ھاۋا،
ياز ئاخشىمى ــ چىللىدە.
«كۆيدۈم ساڭا» دېۋىدىم،
بىر قىزارديك ۋىللىدە.

سەنمۇ ماڭا مېھرىبان،
مەنمۇ ساڭا مېھرىبان.
سولاشمايدۇ مۇھەببەت،
گۈللىرىمىز ھېچقاچان.

تال قويدۇم، چۆنەك ئۈيدۇم،
كۆكلەپ يېشىل بولسۇن دەپ.
يارىمغا سالام يازدىم،
مېنى ئەسلەپ قويسۇن دەپ.

پىچاقنىمۇ چاقلايمەن،
پالتىنىمۇ چاقلايمەن.
ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى،
ئىشەن جەزمەن ئاقلايمەن.

شامال گۈلنى سۆيگەندە،
خۇش بۇي چېچىلىپ كەتتى.
كۆرۈپ ئالتۇن بويۇڭنى،
كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى.

پەنجىرەمدىن ئۆيۈمگە،
ئاينىڭ شولىسى چۈشتى.
سېغىنغان يۈرەكىمگە،
يارنىڭ شولىسى چۈشتى.

دۇتارىڭدا تارىڭمەن،
ساتارىڭدا تارىڭمەن.
ئىشقىڭ ئوتى قەلبىمدە،
مەڭگۈ سادىق يارىڭمەن.

يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ،
كېچىلىرى ياتمايمەن.
ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈنسەڭ،
بۇ ئالەمگە پاتمايمەن.

باراڭغا چىقاي دەيمەن،
يات شاخنى پۇتاي دەيمەن.

مېھرىڭنى قىلىپ شەربەت،
يارىمغا تۇتاي دەيمەن.

جاراڭلايدۇ يېقىملىق،
دۇتارىمنىڭ تارىسى.
قىلىقى ئۈز نىگارىم،
يۈرىكىمنىڭ تارىسى.

مېھرىڭنى بۇلاق دەيمەن،
ۋەدەڭنى چىراغ دەيمەن.
ئاي يۈزۈڭگە ھەر باقسام،
غەم دىلدىن يىراق دەيمەن.

*　　*

بۇلبۇل ئامراق گۈللۈككە،
توشقان ئامراق چۆللۈككە.
كەڭ قورساقلىق مەنبەدۇر،
ئىناقلىققا ـ ئۆملۈككە.

بوي تارتىپ ئۆسەر تاللار،
يېنىدا بۇلاق بولسا.
مۇشكۈللەر بوي ئېگىدۇ،
دوستلار ئىتتىپاق بولسا.

بىلىق سۇدىن ئايرىلماس،
ياپراق شولدىن ئايرىلماس.
دوستلۇق ئەلگە قاناتتۇر،
مەڭگۈ تالماس، قايرىلماس.

گۈلنىڭ يۈزى ئېچىلغۇر،
تاڭنىڭ شامىلى ئەسسە.
پۇختا بولىدۇ ھەر ئىش،
يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسسە.

كۆلگە كېلىپ قويۇلدى،
تارام ـ تارام ئېقىنلار.
ياشار غەمسىز، بەختلىك،
قەلبى تۇتاش ـــ يېقىنلار.

لاچىن ئېگىز ئۇچالماس،
قانىتىنى كەرمىسە.
دوستلار ئىناق ئۆتەلمەس،
راست گېپىنى بەرمىسە.

قاتتىق شامال چىققاندا،
بۇغداينى سەن سورىما.
ئىناقلىقنى ئىزدىسەڭ،
يامانلارنى دورىما.

* *

تاغقا چىقساڭ دۇلدۇل سەن،
باغقا كىرسەڭ بۇلبۇل سەن.
ئىش قايىنىغان ئېتىزدا،
ئېچىلغان قىزىلگۈل سەن.

پاختا تەردۇق ئېتىزدا،
بەس-بەس بىلەن سول ئېلىپ.
چىقىپ كەلدى ئالدىمغا،
يارىم قىزىل گۈل ئېلىپ.

بەشكېرەمنىڭ بېغىدا،
ئالما، ئانار، گىلاس بار.
ئەمگەك سۆيگەن يارىمغا،
يۈرىكىمدە ئىخلاس بار.

يول ماڭساڭ ماڭ تۈز يولدا،
يول ئازابى كۆرمەيسەن.
يار تۇتساڭ تۇت ئىشچانىنى،
خارلىنىپمۇ يۈرمەيسەن.

تاغ سۇلىرى شاۋقۇنلۇق،
ئېقىپ كېلەر دولقۇنلۇق.
ئىشچان يارنىڭ ئىشقى بار،
يۈرىكىمدە دولقۇنلۇق.

باھار بىلەن كەڭ دالا،
پۈركەندى گۈل-چېچەككە.
ئىشچان يارنىڭ شەپقىتى،
چىڭ ئورناشتى يۈرەككە.

گۈلنىڭ ئېسىلى رەنا،
پۇراق چاچار يېقىملىق.
غۇنچە بوي بىر يارىم بار،
ئۆزى ئىشچان ئەقىللىق.

مېۋە بەردى تۆككەن تەر،
كۆڭۈللەرنى شاد ئېتىپ.
سۆيۈنىدۇ يۈرىكىم،
ئاشۇ يارنى ياد ئېتىپ.

يېزىمىزنىڭ بېغى كەڭ،
گۈللىرى بار رەڭمۇرەڭ.
كۆڭلۈم ئېچىلۇر مېنىڭ،
يارىم بىلەن ماڭسام تەڭ.

يىغىۋالدۇق كۆكىدىن،
ئايرىپ تاتلىق سەۋزىنى.
تېگىشمەيمەن ئالتۇنغا،
ئىشچان يارنىڭ لەۋزىنى.

* *

يامغۇر يېغىپ پۈتتى،
مۆلدۈرمۇ يېغىپ پۈتتى.
تەلمۈرۈپ جامالىڭغا،
يېشىممۇ ئېقىپ پۈتتى.

«راۋابىڭنى ئال»، — دەيدۇ،
«زەخمەك ئۇرۇپ، چال»، — دەيدۇ.
ئىشق ئوتىدا كۆيمىگەن،
يار قەدرىنى بىلمەيدۇ.

ياغدۇرالمىدىم يامغۇر،
ھەيدەپ كېلىپ بۇلۇتنى.
ئۆچۈرەلمىدىم ئەسلا،
يار سېلىپ قويغان ئوتنى.

ئۆستەڭ بويىدا كۆكات،
سۇغا باش ئىگىپ قاپتۇ.
بىلمىدىم نىمە بولدى،
يارغا هال تىگىپ قاپتۇ.

جۈپ قولۇمدا جۈپ ئالما،
دەرياغا ئاتاي دەيمەن.
كەلمەي كەلمەي بىر كەلدىڭ.
مۇڭلىنىپ ئاقاي دەيمەن.

بويۇڭ بىلەن تەڭ ئىكەن،
دىردزەڭنىڭ تو‌غرىسى.
هەممىدىن يامان ئىكەن،
بۇ كۆڭۈلنىڭ ئوغرىسى.

ئارتۇقتۇق بىدىشقا،
رەتلىك ئۈزۈم باراڭنى.
بولۇپ قالدى ئالتە ئاي،
كۆرەلمىدىم قاراڭنى.

زەرگەر بىلۇر مىس بىلەن،
جىلىك ئالتۇننىڭ پەرقىنى.
ئۆلچەپ بولماس پۇل بىلەن،
مۇهەببەتنىڭ نەرخىنى.

لاچىن كۆكنى بويلايدۇ،
بىلىق سۇدا ئوينايدۇ.
بىلەلمىدىم، قارا كۆز،
زادى كىمنى ئويلايدۇ.

پاشاخان دەپ ئىپتى بار،
هەممە ئىشتا ئىپى بار.
كەچتە ئىشتىن يانغاندا،
ئىپىتار شىرىن گىپى بار.

يالغۇزلۇقۇم بىلىندى،
كۆزگە ئويقۇ ئىلىندى.

كۆردۈم سىزنى چۈشۈمدە،
كۆڭلۈم بەكمۇ سۆيۈندى.

ئۇ مەلەڭگە بارايمۇ،
بۇ مەلەڭگە بارايمۇ.
ئىشەنمىسەڭ ۋەدەمگە،
يۈرىكىمنى يارايمۇ.

بۇلبۇل سايرار قەپەستە،
تورغاي سايرار قەپەستە.
بولدى مايىل يار كۆڭلى،
ئەجەب ماڭا بەك تەستە.

كىرىپ گۈلزار بىغىڭغا،
ئۈزەلمىدىم بىر گۈلنى.
تەسكەن قايتۇرۇپ ئالماق،
ساڭا بەرگەن كۆڭۈلنى.

سوقتى كۆزنىڭ شامىلى،
گۈلنىڭ بەرگى ئۈزۈلدى.
ۋاپادارىدىن ئايرىلىپ،
كۆڭلۈم بەكمۇ بۇزۇلدى.

يار بولسا تۈزۈك بولسا،
گەپ ـ سۆزى چۈچۈك بولسا،
كۆڭلىمۇ جامالىدەك،
ئاق بولسا، سۈزۈك بولسا.

هۆل ئوتۇنغا ئوت ياقسام،
كۈش ـ كۈش قىلىپ يانمىدى.
سۆيگۈنۈم چىرايلىقتا،
باغرىم ئەجەپ قانمىدى،

ئۈرۈكچا چىقىپ، مىغىزدىن،
ئىتىپ قويدۇم ئون تىزىق.
باشتا سۆيدۈم دەپ قويۇپ،
ئىشقۇالغىننىڭ قىزىق.

سۇغا چىقساڭ ئاۋايلا،
كىيىمىڭنى ھۆل قىلما.
ئايدا كۆرۈنۈپ قويۇپ،
مېنى مۇنداق گول قىلما.

ئاق چاينىمۇ ئىچمەيمەن،
كۆك چاينىمۇ ئىچمەيمەن.
كەچسەم كېچمەن جاندىن،
ياردىن ئەسلا كەچمەيمەن.

يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ،
كېچىلىرى ياتمايمەن.
ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈنسەڭ،
بۇ ئالەمگە پاتمايمەن.

ياز پەسلىدە قار بولماس،
كاللەك يىپتا تار بولماس.
يات يەرلەرگە يۈگۈرمەڭ،
كىشى يارى يار بولماس.

يامغۇر كۆپلەپ ياغسىمۇ،
بولمايدىكەن قۇملۇق نەم.
بارمىكىن تاڭ ئالەمدە،
جۇدالىقتىن ئېغىر غەم.

چىقىۋېلىپ ئۆگزىگە،
تارتىمۋەتتىڭ شوتىنى.
سېلىپ قويۇپ كارىڭ يوق،
ماڭا كۆيۈك ئوتىنى.

شاپتۇل يايدىم ئۆگزىگە،
ئاپتاپ چۈشۈپ قاق بولدى،
قارارىڭدا كەلمىدىڭ،
تاقىتىم بەك تاق بولدى.

چىقتىم سېپىل بېشىغا،
باقتىم ئىچى ـ تېشىغا.
قىلچە پەرۋا قىلمىدىڭ،
مەن غېرىبىنىڭ بېشىغا.

قۇمال تاغنىڭ ئۈستىدىن،
بۇلۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ.
دەردتە كۆيمىگەن ئاشىق،
يار قەدرىگە يەتمەيدۇ.

تۈزلىمەك زەپ تەس ئىكەن،
ئىرغاي شېخى ئېگىلسە.
ئاۋۇندۇرماق تەس ئىكەن،
كۆڭۈل دېگەن چىگىلسە.

يايلىقىمىز كەڭ دالا،
ئۇندا يايلا قوي، كالا.
مېنى مۇنداق زار قىلما،
ئاي يۈزۈڭگە ئەي بالا.

ھەسەل يىغار تىنماستىن،
ئىشلەپ ھەسەل ھەرىسى.
ۋەدىسىدە تۇرسا كىم،
شۇ پەرىنىڭ پەرىسى.

* *

سۆيگۈنۈم بودەك،
تۇرقىدۇر ئۆردەك.
ئاچچىقى كەلسە،
چاقىدۇ دۆدەك.

ئاسمىنىڭدا ئاي،
پىيالەڭدە چاي.
ساڭا دىل بەرگەن،
ھالىمغا مىڭ ۋاي!

گۈللۈكتە كەپتەر،
قولۇڭدا دەپتەر.
جاندىنمۇ ئۆتتى،
سەن قىلغان گەپلەر.

ئاسماندا يۇلتۇز،
قىرلاردا يالپۇز.
كەتتىڭغۇ تاشلاپ،
مەن قالدىم يالغۇز.

ئالمىمۇ ئالدىم،
بېھىمۇ ئالدىم.
تەلمۈرۈپ ساڭا،
تەنھالا قالدىم.

قاغىلار ئۇچتى،
خامانغا چۈشتى.
دەردىڭدە يۈرەك،
زەردابقا تولۇشتى.

ئالتۇننى دەيمۇ،
كۈمۈشنى دەيمۇ.
ئوتتۇڭدا كۆيۈپ،
قاخشاپ ئۆلەيمۇ؟

باغدا قىزىلگۈل،
سايرايدۇ بۇلبۇل.
ئەقلىمنى ئالدى،
ساچلىرى سۇمبۇل.

ئوچاقتا ئوتۇن،
چىقاردى تۈتۈن.
ئالداپ كەتتى يار،
ئۆرتەندىم پۈتۈن.

باشىم ئۆزرە غەم،
پۈتەلمەس قەلەم.
قىلدى مېنى خار،
يار قىلغان ئەلەم.

تۈتۈلدى ھاۋا،
بۇلبۇل بىناۋا.
كۆيگەن يۈرەككە،
يوقكەن بىر داۋا.

سايدا تولا تاش،
مېڭىپ قاتتى باش.
قىلدىڭ كۆپ ئۇۋال،
ماڭا قارا قاش.

* *

بارارىممۇ يوق مېنىڭ،
يانارىممۇ يوق مېنىڭ.
سەندەك بىۋاپا ياردىن،
تەمەيىممۇ يوق مېنىڭ.

نار تۆگىنى قاقشاتقان،
ئاغزىدىكى چۆم ئۈكەن.
ۋاپاسىزنىڭ يۈرىكى،
سۇغا قانماس قۇم ئۈكەن.

چالماي تۇرۇپ ئۈزۈلدى،
دۇتارىمنىڭ تارىسى.
بىۋاپاغا تەلمۈرۈپ،
ئاقتى كۆزۈم قارىسى.

ھەسرەتتىنمۇ يازارمەن،
كۈلپەتتىنمۇ يازارمەن.
ۋەدىسىگە تۇرمىغان،
ۋاپاسىزدىن بىزارمەن.

ئۆتمىدى بۇ گال پالتاڭ،
تاغدا ئوتۇن كەسىلسەم.
قولۇم ئىشقا بارمىدى،
قىلغىنىڭنى ئەسلىسەم.

مىنگەن ئېتىم شاش جەدە،
چالغان سازىم نىم پەدە.
ئۆزى ئاق كۆڭلى قارا،
قىلغان ۋەدىڭىز نەدە؟

www.uyghurkitap.com

ھىل ـ ھىل ياغلىق بېشىدا،
سۇرمە كۆزى ـ قېشىدا.
سۇرىتىگە كۆيمەڭ سىز،
زەھىرى بار ئېشىدا.

ئەجەبمۇ بىر بالىكەن،
ئەقلى ـ ھوشى چالىكەن.
كۆيۈپتىمەن بىلمەستىن،
كۆڭلى بەكمۇ ئالىكەن.

يۇرتتىن ئايرىلىپ چىققاچ،
غەم ـ ھەسرىتىم تاغ بولدى.
ۋاپاسىزنىڭ قىلمىشى،
بۇ يۈرەكتە داغ بولدى.

ئاناركۆل① نىڭ ئىچىدە،
ئۆردەك بىلەن غاز تولا،
ۋاپاسى يوق ئايخاندا،
قۇرۇق ۋەدە ناز، تولا.

لالە توزۇپ باغ قالدى،
بىز ئوينىغان چاغ قالدى.
تاشلاپ كەتتىڭ يىراققا،
ياش يۈرەكتە داغ قالدى.

ئەتىگەندە ئىچىلىپ،
كەچتە قالدىڭ سولىشىپ،
قىلغان ۋەدەڭ شۇمىدى،
قالدىڭ كىمگە سۇۋۇشۇپ؟

قىمارۋازنىڭ ئادىتى،
مال ئوغرىلاپ، پۇل ئۇتماق.
ۋاپاسىزنىڭ ئادىتى،
يار ئۈستىگە يار تۇتماق.

بوش تۇرسام سوئال قىلدىڭ،
چىڭ تۇرسام مالال قىلدىڭ.

ئايلاندۇرۇپ بېشىمنى،
سەن زەپمۇ ئۇۋال قىلدىڭ.

ئالتۇن تارتقان تارازا،
كۈمۈش تارتقان تارازا.
ۋەدىسىگە تۇرمىغان،
ئەقلى قىسقا دارازا.

دۇتارىمدا تارىم يوق،
كۆڭلۈمدىكى يارىم يوق.
مەخسۇم مىجەز لۆم ـ لۆمگە،
قىلچىلىكمۇ رايىم يوق.

ئۆڭدى يايسام ئاپتاپقا،
دەرپەردىلىك رەختىمنى.
كۆكۆل كەينىگە كىرىپ،
خازان قىلدىم بەختىمنى.

تاقتىم بەك تاق بولدى،
كۆن ئۆتۈپ قارارىڭدىن.
قەلبىڭ ئاقلىقى خوپكەن،
ئاققىنە چىرايىڭدىن.

چەللەمگە قاراپ باقساڭ،
قۇرۇپ قالغان بېدە بار.
ۋاپاسىزنىڭ دەردىدىن،
يۈرىكىمدە زېدە بار.

كىيىك، توشقان ئۇۋۇلتىڭ،
لاچىن قۇشىڭىز بولسا.
جىگدە سالماڭ بۆكەمگە،
ئەقلى ـ ھوشىڭىز بولسا.

سۇ چىقمىغان چۆللۈكتە،
ئالما، ئانار، ئۈزۈم يوق.
سەندەك بىۋاپا يارغا،
قارايدىغان كۆزۈم يوق.

① ئاناركۆل — جاي ئىسمى.

قوغۇن تېرىدىم ئېشلەپ،
پەلەك تاشلىدى سويما.
ۋەدەڭدىن يېنىۋېلىپ،
ھەسرەت ئوتىغا قويما.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
كىرگىنىمنى سەزمىدىڭ.
باغرىڭ تاشكەن، كۆڭلۈمنى،
بەرگىنىمنى سەزمىدىڭ.

شۇمبۇيىنى چۆنەكتىن،
يۇلۇۋەتسەڭ بولمامدۇ.
ئالا كۆڭۈل بولغىچە،
ئۆلۈپ كەتسەڭ بولمامدۇ.

كېسىپ شەمشاد شېخىنى،
ساپ ياسىدىم بازغانغا.
كۆڭلۈم ئەسلا يوق مېنىڭ،
سەندەك يولدىن ئازغانغا.

قەلەم قېشىڭ چىرايلىق،
يەنە ئەتمە قاشلىقنى.
شاختىن ـ شاخلارغا قونۇپ،
خاراب قىلما ياشلىقنى.

مۇڭ ئېيتقىلى مۇڭداش يوق،
گەپلەشكىلى بولمىدى.
ئالا كۆڭۈل يار بىلەن،
ئەپلەشكىلى بولمىدى.

چاتقاللىققا كىرمەيمەن،
چاتقاللىقتا يىلان بار.
ۋىجدانسىزغا كۆيمەيمەن،
يۈرىكىدە چايان بار.

كۆل سۈيىدىن چېلەككە،
ئېلىۋالدىم تولدۇرۇپ.
سەن يامانمۇ ياكى مەن؟
ئوبىلان ئوبدان ئولتۇرۇپ.

سىنچاي تۇتسام خالىماي،
دۇغ سۇ ئىچىپ قاندىڭمۇ؟
باشتا كۆيدۈم دەپ قويۇپ،
ئەمدى مەندىن تاندىڭمۇ؟

سۆزۈك سۇنى لېيىتىپ،
كۆلگە توپا ـ تاش ئاتما.
ئەل ـ ئالەمدىن نومۇس قىل،
كۆرۈنگەنگە قاش ئاتما.

ئاۋايلا گۈل شېخىنى،
ئۇشتۇۋەتسەڭ ئوبدانمۇ؟
تېگىۋالسەن پۇلدارغا،
پۇل ئەلامۇ، ۋىجدانمۇ؟

ئۆزۈۋېلىپ تاشلىما،
باغدىن غۇنچە ـ پورەكنى.
پۇلى يوق دەپ پەس كۆرۈپ،
يارا قىلما يۈرەكنى.

قولنىڭ كىرى پۇل دېگەن،
ھەركىم تاپار تۆكسە تەر.
پۇلى بىلەن ئۆلچەنمەس،
پاك، سەممىي، سادىق ئەر.

بېلىق تۇتتۇم تور يېيىپ،
دەريا بويىغا بېرىپ.
يامانلاپسەن مېنىڭدىن،
بار ئىشنى ئۆزۈڭ تېرىپ.

ئېگىز ئۇچار، پەس ئۇچار،
چۆلنىڭ ئەركە تورغىيى.
بولۇپ قالماڭ نادان قىز،
ساختىپەزنىڭ قۇرغىيى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ۋاھىتجان غوپۇر

www.uyghurkitap.com

# چاغاتايچە لۇغەت

## «ر»

تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت

رەئىيە [رعيه] (ئە) «رەئىيەت» قاراڭ:

تەزۋىر بىرلە بىرنى ئىكى، ئوننى يۈز پۈتۈپ،
سالىسە رەئىيەلەرغە دەما ـ دەم تۈمەن ئەزاب.
— سەبۇرى.

رەئىيەت [رعيت] (ئە) 1› پۇخرا، خەلق:

ئەي مەلىك، سورغىل رەئىيەت ھالىنى،
ئىنىسۇ ئۇلفەت بىر بەرلە ھەم دادىنى.
— خەراباتى.

2› بىرەر چارۋىدارنىڭ ئىلكىدىكى مال ـ ۋارانلار.

رەئىييەت [رەعيت] (ئە) [كۆپلۈكى: رەئايا] «رەئىيەت» كە قاراڭ.

رەئىيەتنەۋاز [رعيت نواز] (ئە + پ) خەلقپەرۋەر، پۇقراپەرۋەر، ئەل سۆيەر:

ئۆزى ئادىل ئېردى رەئىيەتنەۋاز،
ئانىڭ لۇتفى بىرلە ئۇلۇس سەرفەراز.
— ئا. نىزارى.

رەئيى [رأى] (ئە) ئوي، پىكىر، خىيال؛ ئەندىشە؛ تەدبىر:

نېچە مەقدۇر بار، نېچە ئانىڭ رەئيىچە بارغايسەن،
نېچە بارغانچە سەن ئۆزۈڭنى بىمىقدار تاپغايسەن.
— بابىر.

رەياسەت [رياست] (ئە) 1› رەئىسلىك، يېتەكچىلىك، رىياسەت؛ 2› ئەمەل پەرەسلىك.

رەياسەت مەسنەدى ـ ھۆكۈمرانلىق تەختى.

رەياھىن [رياحين] (پ) [بىرلىكى: رەيھان] رەيھانلار، خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر، گۈللەر، گىياھلار.

رەيب [ريب] (ئە) شۈبھە، گۇمان، شەك:

مېنىڭ تەيىيىبلىكىمدىن كۆپدۇر ئەيىبىم،
بۇ سۆزگە يوق ئېرۇر ھىچ شەك ۋە رەيبىم.

**رەيهان** [ريحان] (ئە) «رەياھىن» غا قاراڭ:

بىنەپشە، سۇمبۇلۇ رەيهان دېسەڭ بار،
گۇلى ئەبباس، نا پەرمان دېسەڭ بار.

— خىرقەتى.

**رەيهانە** [ريحانه] (ئە) رەيهانزار، گۇلزار.

**رەيهانى** [ريحانى] (ئە) 1 › رەيهان ھىدلىق، خۇشبۇي ھىد تارقاتقۇچى؛ 2 › رەيهان رەڭلىك.

**رو** [رو] (پ) 1 › يۈز، بەت، بەشرە، چېھرە؛ «رۇي» غا قاراڭ:

ئانىڭ بىرلە مۇندا كىرەر ئېردى سۇ،
يېتەردى يۈيۇرغە ئىلىك بىرلە رو.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 › توغرىسىدا، ھەققىدە، قارىتا؛
رو قىلماق – مايىل قىلماق، قىزىقتۇرماق.
پەرى رو – پەرى يۈزلۈك، گۈزەل:

ئىستەسەم گەرچە پەرى رولار تەمامىن دەھر ئارا،
بارچەسى خەرمۇھرە، بۇ بىر گەۋھەرى ۋالا يىگىت.

— ئەرشى.

**روب** [روب] (پ) سۆز تەركىبىدە «كەتكۈزگۈچى، يوق قىلغۇچى؛ يۇيۇپ، سۈپۈرۈپ تاشلىغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

تاش ئۆزرە قىلىپ تەنىنى سەركوب،
مۇژگانىنى ئەيلەبان زەمىن روب.

— نەۋائى.

ئەمنىيەت روب–تىنچلىقنى كەتكۈزگۈچى، بۇزغۇچى؛تىنچسىزلاندۇرغۇچى؛
خىرەد روب – ئەقىلنى ئالغۇچى، ئەقلىدىن ئازدۇرغۇچى؛
سەلامەت روب – تىنچسىزلاندۇرغۇچى، تىنچلىقنى بۇزغۇچى.

**روباب** [رباب] (پ) راۋاب (چالغۇ ئەسۋابى)، «رەباب» قا قاراڭ:

مەن چەڭ كەبى ئىككى قات ئولۇپ،
نەۋھە قىلۇرەم روباب ئىچىندە.

— نەسىمى.

**روباھ** [روباه] (پ) تۈلكە:

بەبرىگە جۇنۇن بىشەسىدىن ئەربەدە قىلدى،
روباھ سىفەت ئەقل قىلىپدۇر ھەزەر ئىشق.

— زەلىلى.

**روبەراھ** [روبراه] (پ) «روبەرەھ» كە قاراڭ:

جەزايىرنى تا فەتھ قىلغۇنچە شاھ،
ھىسابىن ھەكىم ئەيلەبان روبەراھ.

— نەۋائى.

**روبەرەھ** [روبره] (پ) يولغا چىقىش، سەپەرگە ئاتلىنىش:

روبەرەھ قىلماق ـ سەپەرگە چىقماق:

بولغىل نەۋائى روبەرەھ، قىلغىل فەنا كويىن پەناھ،
تەرك ئەيلە زۇھدۇ خانەقەھ، قىل دەير پىرى خىزمەتىن.

— نەۋائى.

**رو بەرو** [روبرو] (پ) يۈزمۇ يۈز، روبىرو، مۇقابىل، ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل؛ قارشى، قارىمۇ قارشى:

فەرەڭ شاھى شاھ بەندەرنى كەلتۈرۈپ روبەرو قىلماقچى بولغانىدا،
بەرەھمەن تەئەررۇز قىلىپ پادىشاھنىڭ قاشىدىن چىققانى ...

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

روبەرو ئەيلەمەك ـ مۇقابىل قىلماق، كۆرۈشتۈرمەك، يۈزلەشتۈرمەك:

رەسۇلى خۇدا ئارزۇ ئەيلەدى،
كى رۇھۇل ـ ئەمىن روبە رو ئەيلەدى.

— ئا. نىزارى.

روبەرو قىلماق ـ «روبە رو ئەيلەمەك» گە قاراڭ:

بەرەھمەنغە سۇلتان قىلىپ گۇفتىگۇ،
ئالىپ كەلسۇن ئانى قىلاي رو بەرو.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رو بەروي** [روبروى] (پ) «روبەرو» غا قاراڭ:

ئاغزىنە رو بەروي قىلۇر لۇتفىغە مىنى،
يوق يەردە نىچە بولغاي ئۇل ئاينىڭ ھەۋالەسى.

— لۇتفى.

**روپوش** [روپوش] (پ) يۈزى يېپىقلىق، شەرم ـ ھايالىق؛ يۈزىنى ياپقان:

بەرگى ياپراغى بىلەن تا گۇلنى روپۇش ئەيلەمىش،
بۇلبۇلانى باغىنى گوياكى خامۇش ئەيلەمىش.

— زەلىلى.

**روتازە** [روتازە] (پ) تازا، پاكىزە يۈز (چىراي)؛ گۈزەل، چىرايلىق.

**رود** [رود] (پ) ئېرىق، ئۆستەڭ؛ دەريا؛ جىلغا؛ «رۇد» قا قاراڭ:

گاھ ئايتۇر بىنەۋا يانە سۇرۇدى،
گاھ ئاقىزار سىرىشكى بىرلە رودى.

— لۇتفى.

رود ئولماق ـ ئېقىن بولماق، ئاقماق:

نەۋائى نالەئى نەي بىرلە بىردەم ھەم سۇرۇد ئولدۇم،
كى تۇفانى سىرىشكىم، چەشمە ـ چەشمە بولدى رود ئولدۇم.

— زەلىلى.

رودى جەيھۇن ـ جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىنىڭ ئېقىنى:

ئارادە بۇلبۇلۇ سەۋسەن جىگەر خۇن،
ئاقىزىپ كۆزلەرىندىن رودى جەيھۇن.

— لۇتفى.

رودە [رودە] (پ) ئىچ ـ قارىن، ئۈچەي ـ باغىر؛
قۇي رودەسى ـ قوي ئۈچىيى، قويننىڭ ئىچ ـ قارنى، ئۈچەي ـ باغرى:

تېشىپ بەھەد تەنى ئاسۇدەسىنى،
كەباب ئەتكەن كەبى قوي رودەسىنى.

— نەۋائى.

رود باد [رودباد] سۇ بويى، سۇ ئېقىپ تۇرغان جاي:

ئاندا كەتتىمكى يەتتىم رودباد،
يەتمەدى گەردىگە ئانىڭ گەردباد.

— زەلىلى.

رود بار [رودبار] (پ) 1› ئاقار سۇ؛ دەريا؛ 2› جىلغا، قانال؛ 3› دېڭىز، دېڭىز قىرغىقى؛ «رۇدبار» غا قاراڭ.

رودخانە [رودخانە] (پ) دەريا؛ ئېرىق؛ ساي، جىلغا، قانال؛ «رۇدخانە»گە قاراڭ.

روز [روز] (پ) كۈن؛ كۈندۈز:

يۈرۈپ سال ئارا چۈن قىرىق روز ـ شەب،
بۇ مۇددەتدە يەتمەي ئاڭا ھىچ تەئەب.

— ئا. نىزارى.

روز ئەفزۇن ـ كۈنسايىن ئارتىماق، كۆپەيمەك:

گەنج بەخشكىم، روز ئەفزۇن جەناب ئىسمىدىن كىشۋەر كۈشالىق سىككەسىنىڭ مىرئاتى بەھبۇدى نەقشىن زاھىر ئەتتى.

— قىدىرخان يەركەندى.

روز چەند ـ نەچچە كۈن:

قىلىپ ئېردىم ئانى كى زىندانغە بەند،
خەبەر ئالغانىم يوق ئۆتۈپ روزچەند.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

روزۇ شەب ـ كېچە ۋە كۈندۈز؛ ھەمىشە، ھەر دائىم:

شاھى كەنئان ئىشقىدا ھەمچۇن زىلەيخا نەچچە يىل،
يۇسۇفىم دەپ روزۇ شەب قان يىغلابان بىداردۇر.

— شەۋقى.

روزى ئەزەل ـ ئەزەل كۈنى، ئەڭ دەسلەپكى كۈن:

روزى ئەزەل كۆي دىدى، كۆيدۈم ـ ياندىم كۈل بولدۇم،
يولدا ياتقان خار ئېردىم، نەزەر تاپتىم گۈل بولدۇم.

— مەشرەپ.

روزى رەخشان ـ كۈندۈز كۈن، يورۇق كۈن، پارلاق كۈن:

تونۇماس خۇشرۇي بىلەن بەدرۇيىنى سوفىئى شەھر،
ئەئماغە تۈندىن نە مېھنەت روزى رەخشاندىن نەھەز.

— مەشھۇرى.

روزى رەقەم ـ ئەزەل كۈندىكى تەقسىمات خېتى، قىسمەت:

كۆرۈپ بىرنى غەنى ئۆزنى فەقىر، قىلماغىل ھەسەدخورلۇق،
بىرىگە كۆپ، بىرىگە ئاز ئەتا روزى رەقەمدىندۇر.
— مەشھۇرى.

روزى مەھشەر — قىيامەت كۈنى:
كىمسە گەر ئىشكىڭنى ياستانماقدىن ئولمىشتۇر مەلۇل،
ھەجر ئىلە تا روزى مەھشەر قىلما ھىرماندىن خەلاس.
— ئەرشى.

روزى نەۋرۇز — باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى، نورۇز كۈنى:
يېڭى يىلنىڭ باشىندە روزى نەۋرۇز،
سەدەفدىن چىقتى بىر دۇررى شەب ئەفروز.
— لۇتفى.

روزى ھەشر — «روزى مەھشەر» گە قاراڭ:
خۇسرەۋۇ فەرھادۇ مەجنۇن باش كۆتەرمەس روزى ھەشر،
بۇ جەھاندا چۈنكى ئىشقىم شەئنە ئەلۋانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

تىيرە روز — قارا كۈنگە قالغان، قايغۇلۇق:
نىگە ۋەسلىڭ فۇرقەتىدىن مىنى قىلغۇڭ تىيرە روز،
كىم شىئار ئەيلەپ ئۆزۈڭگە مۇنچە ئىستىغنا يىگىت.
— ئەرشى.

نىم روز — يېرىم كۈن:
شەۋق بىلەن زەۋق بىلەن نىم روز،
قۇشتەك ئۇچۇبان يېتىبان تارىبوغۇز.
— زەلىلى.

روزانه [روزانه] 1› كۈندۈزى، كۈن بويى، ھەر كۈنى:
ھەي-ھەي، نى گۇناھكار زەلىلىدۇرمەن،
شەب مەست، سەھەر بەڭگىۋۇ روزانە جۇنۇب.
— زەلىلى.
2› رىزىق، ئۇزۇق-تۈلۈك؛ كۈندىلىك تىرىكچىلىك كىرىمى:
بەھىشتىن چىقاردى نىچە دانەنى،
تىرىپ ئەيلەگىل رىزقى روزانەنى.
— غەرىبى.
تىلەمچى گەدالارغە روزانەئى،
تويۇپ شادلىق بىرلە مەستانەئى.
— غەرىبى.

روزه [روزه] روزا، رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش:
يېتىشتى بەيرەمۇ رەفئ ئەتتى روزە قايغۇسىن،
ھىلال مۇسقىلى يورۇتتى بادە كۆزگۈسىن.
— نەۋائى.

روزه ئەلەست ــ ئەزەل كۈنى، ئەڭ بۇرۇنقى كۈن، قىسمەت كۈنى:
زەلىلىدىن رەمۇزى مەئىنىي لاۋۇ نەئەم سورماڭ،
كى مەن دىۋانەئى لائىقلى روزه ئەلەست ئۇلدۇم.
ــ زەلىلى.

**روزه دار** [روزەدار] روزا تۇتقۇچى، روزا تۇتقان كىشى:
ئەقل ئىلە شۇرب ئەيلەمەگەي روزەدار،
لىك ئىككىنچىگە بۇدۇر ئېئتىبار.
ــ نەۋائى.

**روز ئەفزون** [روزافزون] (پ) كۈندىن كۈنگە ئارتىپ بارغۇچى، كۈنسايىن كۆپەيگۈچى؛

**روزگار** [روزكار] (پ) 1 › تۇرمۇش، هايات، تىرىكچىلىك؛ شارائىت:
مېنىڭكى روزگارىمغە ئەجەل چاڭگالىنى ئاچتى،
كى غۇنچە ئاچىلۇر ۋەقتىدە ئەزرائىل ئۇزۇپ قاچتى.
ــ موللا سالىھ.

مۇنىڭ بىرلە ئۆتتۇپ روزگارى،
بولۇپ مەقبۇل قىلغان ئاهۇ زارى.
ــ ناقىس.

2 › تەقدىر، قىسمەت؛ تەلەي، بەخت:
كۆزۈمنىڭ نۇرى هۇسنۇڭ شەمئى ئېردى،
جۇدا بولدۇم، قارادۇر روزگارىم.
ــ خىرقەتى.

3 › دەۋر، زامان:
بولماسا نامۇ نىشانىم، ئەيب قىلماڭىم، فىراق،
روزگار ئەۋراقىدە نامۇ نىشانىم ئۆرتەدى.
ــ نەۋائى.

روزگار ئەهلى ــ دەۋر، زامان كىشىلىرى؛
روزگار هاۋادىساتى ــ دەۋر هادىسىلىرى، هايات هاۋادىساتى:
تا روزگار هەۋادىساتى بىرلە ئول شاهاندا سەلتەنەتى ئاسا-
سىن بەرهەم ئۇردى، ...
ــ قىدىرخان يەركەندى.

روزگار ئېلتمەك ــ ۋاقىت ئۆتكۈزمەك، ۋاقىتنى سوزماق؛ هاياتنى ئۇزارتماق؛

روزگارى كۇهەن ــ قەدىمدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان هايات، قېرى دەۋر:
زەمان ئىنقىلابىغە قىلدى سۇخەن،
گۇزەر ئەيلەگەي روزگارى كۇهەن.
ــ ئا. نىزارى.

تىيره روزگار ــ يامان تۇرمۇش؛ قارا كۈن؛ جاپالىق شارائىت:
نىگە يادىدا، ئەرشى، روزگارىڭ بولماسۇن تىيره،
زىبەسىكىم دەهر ئارا ئانداق كۆزۈ قاشى قارا يوقتۇر.
ــ ئەرشى.

**روزنامه** [روزنامه] (پ) كۈندۈلۈك دەپتەر (خاتىرە):
مىرزام دەۋلەت بىلە دېۋاندا ئولتۇرغاندا، ھەر ئىشكىم ۋاقىئە بولۇر
قەلەمىي قىلىپ، روزنامەدە سەبت قىلدىلسە.
— نەۋائى.

**روزى** [روزى] (پ) رىزىق، نەسىۋە؛ «رۇزى» غا قاراڭ:
ئاقار ياش كۆزىدىن ئۈنىڭ دەم بەدەم،
بېرىپ روزى كۆرگەن كىشىلەر دەرەم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
روزى ئەيلەمەك — «روزى قىلماق» قا قاراڭ؛
روزى بولماق — نىسىپ بولماق، نەسىۋىگە مۇيەسسەر بولماق، (بىرەر نەرسىگە) ئېرىشمەك؛
روزى قىلماق — نىسىپ قىلماق، ئېرىشتۈرمەك؛
روزى ئولماق — «روزى بولماق» قا قاراڭ.

**روسىياه** [روسياه] گۇناھكار؛ قارا يۈز:
تىترەتىپ ئەرزۇ سەمانى بىر باقىپ ئول نامۋەر،
ئولدى خالىس دەرگەھىگە كەلسە يۈز مىڭ روسىياھ.
— ئەرشى.

**روسىيەھ** [روسيه] «روسىياھ» قا قاراڭ:
گۇناھىم زەڭگى بىرلەن روسىيەھ شەرمەندە قۇلدۇرمەن،
ئۇمىدىم روزى مەھشەردە يۈزۈم بولغاي قەمەر يەڭلىغ.
— شەۋقى.

**روشىناس** [روشناس] 1) رەممال، مۇنەججىم؛ 2) مەشھۇر، داڭدار؛ تونۇلغان، كۆزگە كۆرۈنگەن:
لۇتفىنى گۇمنامنى ئالەمدە قىلغان روشىناس،
داغى ئىشقىڭدۇركى دەۋلەتلىق نىشان دەرلەر ئانى.
— لۇتفى.

**روفتە** [روفته] (پ) سۈپۈرۈلگەن، پاكىزلانغان، تازىلانغان؛ ئىشقىلانغان:
روفتە قىلماق — سۈپۈرمەك، پاكىزلىماق، تازىلىماق.

**روكەش** [روكش] (پ) 1) قاپلىما، ياسىما، ساختا، باشقا نەرسە ئارىلاقىقان:
مىسدۇر ئالتۇن بىلە روكەش، تاشى خۇشنەما
ۋە ئىچى ناخۇش.
— نەۋائى.
2) ئۇياتلىق، شەرمەندىلىك:
جەزم ئېدىلەركى تەختى گەردۇنۋەش،
ئايدۇر، ئەمما كۇنەش بىلە روكەش.
— نەۋائى.

**روگەردان** [روكردان] (پ) يۈز ئۆرىگەن، تەتۈر قارىۋالغان، قارشىلاشقان؛
روگەردان بولماق — يۈز ئۆرىمەك، قارشىلاشماق.

روي [روی] (پ) 1 ) يۈز، بەت، چىراي، چېھرە؛ «رو» غا قاراڭ:
رويۇڭ بىلەن قاشىڭغە تەشبىھ ئەيلەسەم مەن،
دېسەم مۇنى خاتادۇر شەمسۇ قەمەر مىسالىڭ.
— خۇشھال غەرىبى.
2 ) قوغۇشۇن ۋە قەلەي ئارىلاش مېتال قېتىشمىسى:
ئىچىندە نەمۇدار ئانداق تىلسىم،
كىم ئول ھۇفرە كۈنجىدە بىر روي جىسىم.
— نەۋائى.
رويى ئانار — ئانار يۈزلۈك، يۈزى ئاناردەك قىزىل:
بەختى قاچقان بولماسام ھەم تالئىم شۇم بولماسا،
بولغاي ئىردىممۇ بۇ كۈن رويى ئانارىمدىن جۇدا.
— موللا بىلال.
رويى ئەندۇد — قاپلىما، ساختا؛ سىرتى باشقا، ئىچى باشقا؛
رويى تەۋەككۈل — تەۋەككۈل قىلىش، تەۋەككۈل ساھەسى:
قوپتى قەلەندەرلەر تاماشا قىلىپ،
رويى تەۋەككۈلنى بە مەۋلا قىلىپ.
— زەلىلى.
رويى خاك — يەر يۈزى، زېمىن يۈزى:
بولۇپ سۇبھىنىڭ سىينەسى ئەمدى چاك،
ھەمە مەستى خاب ئىردىلەر رويى خاك.
— موللا شاكىر.
رويى رەخشان — نۇرلۇق يۈز، چىراي:
ھۇسنىڭىم ئول ئايدادۇر مەڭزىگە كىمنى مەڭىز ئېيتەي،
كۈندۈز ئۆزنى كېچە كۆردى رويى رەخشانىن كۆرۈپ.
— مەشھۇرى.
رويى رىيا — رىياكارلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، سەممىيەتسىز:
مۇرادىم بولمادى ھاسىل، قەلەندەر، بۇ جەھان ئىچرە،
مەگەركىم تەڭرىمە مەن تائەتى رويى رىيا قىلدىم.
— قەلەندەر.
رويى زەرد — چىرايى سېرىق:
رويى زەردۇ ئاھى سەردىم كىمگە تەقدىر ئەيلەيىن،
ئۆزىدە بۇ سۈرەت ئۇلغاچ رازدارىمدۇر چىلىم.
— ئەرشى.
رويى زەمىن — يەر يۈزى:
ھېچ رويى زەمىندە يوق بۇ گىياھ،
دارۇلار پادىشاھىدۇر كۆك چاي.
— ئەرشى.
رويى سىياھ — قارا يۈز، گۇناھكار؛ يارىماس؛ بەختسىز، بەختى قاچقان:

رەھمەتلىك ئىشكىن ئاچىپ قەھر ئەتمەي ئەمدى، ئەيلەكىم
قىلغان ئۇشبۇ جۇرمدىن رويى سىياھىمنى كەرەم.
— ئەرسى.

رويى لالە ئەھمەر — چىرايى قىزىل لالىدەك، قىزىل يۈزلۈك:
شەھلا كۆزى، رويى لالە ئەھمەر،
سەرۋ قەد ئول سىيمىن بەدەن يوق.
— موللا سالىھ.

رويى نىگار — يار جامالى:
چەھار چىزكى دىل مىبەرەد بەۋەقتى بەھار،
شەرابى سەبزەئى ئابى رەۋان رويى نىگار.
— ئا. نىزارى.

پاك روي — تازا، توغرا، نومۇسچان؛
پەرى روي — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل؛
تازە روي — پاك، غۇبارسىز:
مەئانى گۈلىن ئەيلەگىل تازە روي،
خىرەد غۇنچەسىغە بېرىپ رەڭگۇ بۇي.
— ئا. نىزارى.

زىشت روي — خۇنۇك چىراي:
كۆردى كىم ئالەمدە مۇنداق قاتىلى يەكتا ساۋۇق،
زىشت رويۇ تۇند خو سەخت بەھەمتا ساۋۇق.
— ئەرشى.

سىياھ روي — «رويى سىياھ» قا قاراڭ؛
گۈل روي — گۈل يۈزلۈك، گۈزەل چېھرىلىك:
بىر سەرۋ ئېرۇر بويۇڭ، سەرۋ ئۈزرە گۈل رويۇڭ،
لەئلىڭنى خەيال ئەتتىم، گۈل شاخىدىكى بۇلبۇل.
— گۇمنام.

**رويكەش** [روی‌کش] (پ) «روكەش» كە قاراڭ.

**رويىنتەن** [روین‌تن] (پ) «شاھنامە» دە تەسۋىرلەنگەن قەھرىمانلاردىن ئىسپەندىيانىڭ لەقىمى؛ تۆمۈر تەنلىك:
قېنى دارا داغى قېنى بەھمەن،
قېنى ئىسفەندىيارى رويىنتەن.
— نەۋائى.
كۆك تۆمۈردىن ساۋۇت كىيگەن، ئۆتكۈر قىلىچ ئويناتقۇچى، رويىنتەندەك توققۇز مىڭ بەش يۈز پالۋاننى ...... شەھەر سىرتىغا ئورۇنلاشتۇردى.
— «ئىسكەندەرنامە».

**رۇبائ** [رباع] (ئە) تۆتتىن، تۆت دانىدىن.

**روبائىي** [رباعی] (ئە) تۆتلۈك (بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى مىسرالىرى ياكى

www.uyghurkitap.com

ھەممە مىسراسى قاپىيەداش بولغان بىر خىل شېئىر تۈرى):

تىزغاندا لۇئالىئى رۇبائىي،
مىڭلارچە فۇزۇلىيۇ نەۋائىي.
— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

**رۇبائىيات** [رباعيات] (ئە) تۆتلۈكلەر:

سالدى شەرھى رۇبائىيات ئاندىن،
رۇبئى مەسكۇن ئارا ھەيات ئاندىن.
— نەۋائى.

**رۇبائىييە** [رباعيه] (ئە) رۇبائىي بەھرىدە ئېيتىلغان شېئىر پارچىسى، تۆتلۈك، «رۇبائىي» غا قاراڭ.

**رۇبئ** [ربع] (ئە) تۆتتىن بىر، چارەك:

**رۇبئى مەسكۇن** — يەر يۈزىنىڭ ئىنسان ياشايدىغان، ئاۋات قىسمى؛ يەر يۈزى، قۇرۇقلۇق:

بۇ رۇبئى مەسكۇن خەلايىقى فەراغەت مەسكەنىدە مۇشەر-
رىفۇل - ھال ئۆز ئەمنىيەت مەئمەنىدە فارىغۇل - بال بولۇپ، ...
— قىدىرخان يەركەندى.

بولۇپ كۆڭلى ئارا بۇ نەۋئى پىندار،
كى بولمىش رۇبئى مەسكۇنغە جەھاندار.
— ناقىس.

**رۇتەب I** [رطب] (ئە) 1› ھۆل، نەم؛ 2› يېڭى پىشقان مېۋە، ھۆل مېۋە:

لەئلىڭ ئالسا چاكلىك بىمار كۆڭلۈمنى نېتاڭ،
ئەي مەلاھەت نەخلى، چۈنكىم خەستەسىز بولماس رۇتەب.
— نەۋائى.

**رۇتەب II** [رتب] (ئە) «رۇتبە» گە قاراڭ.

**رۇتبە** [رتبه] (ئە) [كۆپلۈكى: رۇتەب] ئۇنۋان، مەرتىۋە، دەرىجە:

دېمەگىل شەھلەرچە يوقتۇر سۆز ئېلىنىڭ رۇتبەسى،
بولسە مۇشكىل سۆز ئەگەر سەن سەددى ئىسكەندەر دېگىل.
— قەلەندەر.

**رۇتبەئى ئەئلا** — يۇقىرى ئورۇن، ئالىي مەرتىۋە:

نېتەي، نەيلەي، مۇسۇلمانلار كېتىپدۇر ئول شەھى ئەئلا،
دەرىغ، ئول خۇلقى شىرىنۇ دەرىغ، ئول رۇتبەئى ئەئلا.
— ئەرشى.

**رۇتۇبەت** [رطوبت] ھۆل، نەم؛ نەملىك، ھۆللۈك:

نەفەس يولىغە قىلدى كۆزگۇنى سەد،
چۇ كۆزگۇ يۈزىگە رۇتۇبەت رەسەد.
— ئا. نىزارى.

**رۇجۇلىييەت** [رجوليت] (ئە) ئەرلىك، ئەركەكلىك؛ باتۇر، قەيسەر.

رۇجۇئ [جوع] (ئە) 1 › قايتىش:

خەلايىق ئۆيىگە رۇجۇئ ئەيلەدى،
رۇجۇئ ئەيلەمەككە شۇرۇئ ئەيلەدى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 › مۇراجەت قىلماق؛ يۆكلىمەك، تاپشۇرماق:
رۇجۇئ ئەتمەك — «رۇجۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛
رۇجۇئ ئەيلەمەك — 1 › قايتماق:

يەنە شاھ پەرىغە قىلىپ شەفقەتى،
رۇجۇئ ئەيلەمەككە بېرىپ رۇخسەتى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2 › مۇراجەت قىلماق؛ يۆكلىمەك، تاپشۇرماق؛
رۇجۇئ قىلماق — «رۇجۇئ ئەيلەمەك» كە قاراڭ:

شەۋقى، ھالىڭغە رۇجۇئ قىل بولماغىل ئەفسانە گۇي،
ئىشق بىرلە زىكرى ھەقدىن ئۆزگەسى پۇركار ئەمەس.
— شەۋقى.

رۇخ I [رخ] (پ) 1 › يۈز، بەت، بەشرە، چىراي، «رو» غا قاراڭ:

باقىبان ئەل سارى جانا يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
رۇخۇڭنى چۇن مەھى ئەنۋەر تەجەللىئى خۇدا دەرلەر.
— زەلىلى.

رۇخى تابان — تاۋلىنىپ تۇرغان يۈز، نۇرلۇق يۈز؛ ئىللىق چىراي:

ھىجران تۈنى كۆزگە نەچە بىھەد قارا بولسا،
چۇن سۇبھە ئۇمىدىم رۇخى تابانىڭ ئۇچۇندۇر.
— گۇمنام.

رۇخى زەرد — سېرىق يۈز، يۈزى سارغايغان:

ئەغيار ئىلە جۇفت بەرمە فەردىم بار،
كىم فۇرقەتى زەئفىدە رۇخى زەردىم بار.
— نەۋائى.

ئايىنە رۇخ — چىراي ئەينىكى، يۈز، چىراي، بەت:

فەخر ئېتەرمەن ۋەسف ئول ئايىنە رۇخدىن ھەر سارى،
ۋەسف ئېتەرگە گەرچە يۈز مىڭ تۇتىئى گويىاسى بار.
— ئەرشى.

پەرى رۇخ — پەرى يۈزلۈك؛ گۈزەل، چىرايلىق:

ئىدىم ناگەھ ئوشۇل ئەيۋاندا تەنھا،
ھەرەمدىن بىر پەرى رۇخ بولدى پەيدا.
— ناقىس.

گۇلرۇخ — گۈل يۈزلۈك، گۈزەل.

2 › ئەپسانىۋى بىر خىل قۇش

رۇخ II [رخ] (ئە) شاھمات ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى:

خۇبلارنى رۇخ بىلە قىل ماتكىم،
شاھ كۆرمەيدۇر سىيىنگدەك بۇ بىسات.
— نەۋائى.

رۇخام [رخام] (ئە) مەمەرتاش:
بارچە ياشمۇ سەماغ ئىزارە،
لىيك فەرشى رۇخام يەكپارە.
— نەۋائى.

رۇخەس [رخص] (ئە) [بىرلىكى: رۇخسەت] رۇخسەتلەر، ئىجازەتلەر، «رۇخسەت» كە قاراڭ:
تەۋقىئى ئىشق ئارا چۇ ئەزىمەت تىلەر كۆڭۈل،
ئەۋۋەل كېرەككى، بىر تەرەف ئەتسەڭ بارى رۇخەس.
— نەۋائى.

رۇخرۇخ [روخروخ] ۋاي-ۋۇي! (ئۈندەش):
سوردۇم مەگەر بۇ دۇرجى دەھەندۇر دېدىم، دېدى:
رۇخرۇخ دەۋايى دەردى نىھانىڭ ئېرۇر سىيىنىڭ.
— مەشھۇرى.

رۇخسار [رخسار] (پ) 1› يۈز، بەت، چېھرە:
ئول ئاي رۇخسارىغا مەي ئەرغەۋانى خۇب ياراشىبدۇر،
ئانىڭ تەئسىرىدىن كۆن چەشمەسىگە ئوت تۇتاشىبدۇر.
— گۇمنام.
قامەتىڭ كۆرگۈزمەدى تا قىلمادى مەۋزۇن خىرام،
جۈز تەكەللۇم فەھم ئولماس ئاڭا رۇخسار ئىچرە فەم.
— ئەرشى.
2› گۈزەل، جانان:
ئاي يۈزىنى كۆرگەلى قويماسكى ئول ئەغيارلار،
ئاي بۇلۇتقا بولدى پىنھان زۇلف رۇخسار ئالدىدا.
— نەۋبەتى.
رۇخسارى ئاتەش — يۈزى ئوت، يۈزى چوغدەك:
دېدىكىم گۈلغە: «ئەي رۇخسارى ئاتەش،
باشىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئەي نۇقتە دىلكەش.»
— خىرقەتى.
رۇخسارى ئال — چىرايى، مەڭزى قىزىل؛ چىرايلىق يۈز، گۈزەل جامال:
گۈل ياقا چاك ئەيلەدى رۇخسارى ئالىڭنى كۆرۈپ،
سەرۋى ئەرئەر تىترەدى نازۇك نىھالىڭنى كۆرۈپ.
— مەھزۇن.
رۇخسارى تابان — تاۋلىنىپ تۇرغان يۈز، نۇرلۇق چىراي:
قايسى بەزم ئولمىش مۇنەۋۋەر بەر قەدىدىڭدەك شەمئىدىن،
قايسى شەمئىنىڭ شۇئلەسى رۇخسارى تابانىڭچە بار؟
— گۇمنام.

**رۇخسارى تابدار** — «رۇخسارى تابان» غا قاراڭ:
كەباب قىلدى مېنى ئاتەشىن ئۇزار بىلە،
جانىمنى ئۇردى ئۇ رۇخسارى تابدار بىلە.
— مەشھۇرى.

**رۇخسارى زۇلف** — چاچ ۋە يۈز:
كۆرسەتىپ رۇخسارى زۇلفىن ئول پەرى پەيكەر ماڭا،
جانۇ كۆڭلۈمنى قىلىپدۇر نالەۋۇ شەيدا يەنە.
— بابىر.

**رۇخسارى زىبىا** — چىرايلىق يۈز، گۈزەل چېھرە:
كەلگىل، ئەي رۇخسارى زىبىا.
كىم بولۇرمەن ناشكىبا.
— نەۋائى.

**رۇخسارى گۈل بەرگ** — گۈل بەرگىدەك يۈز، گۈزەل رۇخسار:
شوخلۇغىدىن ئول پەرى رۇخسارى گۈل بەرگىم دېدى،
ھېچبىر ئاغرىنمۇ، ئايا نادان، گەدا سۇلتانىدىن.
— زەلىلى.

**رۇخسارى ماھ** — ئاي يۈزلۈك، گۈزەل:
يېتەلمەي كۆرگەنى رۇخسارى ماھغە،
يىقىلدى يۈگرۈبان پاي ئۇزرە چاھغە.
— سەيفى سەرايى.

**رۇخسارى ھۇر** — ھۇر يۈزلۈك، ھۇر سۈپەت؛ گۈزەل:
بولۇپدۇركى شەھغە كەنىزەك زەرۇر،
ئۇزى سەرۋى قەد بولسا رۇخسارى ھۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**پەرى رۇخسار** — «پەرى رۇخ» غا قاراڭ:
گەرچە كۆپدۇر بۇ چەمەندە جىلۋەئى ھۇرى - پەرى،
بولسە دائىم كۆلبەم ئىچرە بىر پەرى رۇخسار بەس.
— ئەرشى.

**پەرى رۇخسارلىق** — «پەرى رۇخ» قا قاراڭ:
ناگەھان چىقتى ھەرەمدىن بىر پەرى رۇخسارلىق،
جىلۋە ئەيلەپ كۆڭلۈم ئالدى كافىرى زۇننارلىق.
— نەۋبەتى.

**گۈل رۇخسار** — «گۈل رۇخ» قا قاراڭ:
كۆرمەدىم سەندەك جەھاندا مەھۋەشى دىلدارنى،
دىلبەرى شىرىن زەبانۇ شوخ گۈل رۇخسارنى.
— قەلەندەر.

**گۈلى رۇخسار** — گۈلدەك چىراي، گۈزەل چېھرە:
گۈلى رۇخسارىغە يەتكەچ ھەرارەت،

هەرارەتكە تۇتالماي تابۇ تاقەت.
— ناقىس.

لالە رۇخسار — لالە يۈزلۈك، گۈزەل:
ئەلا، ئەي سەرۋى بويلۇق لالە رۇخسار،
كۆزۈڭ جەيرەن، مەڭىڭدۇر مۇشكى تاتار.
— سەييد ئەھمەد.

**رۇخسارە** [رخساره] (پ) «رۇخسار» غا قاراڭ:
جان سۇجۇدى ئەيلەر كۆرۈبان ئافتابى ئارەزىن،
جىلۋەگەر رۇخسارەسىدە نۇرى لىللاھدۇر مەگەر.
— ئەرشى.
نېتەي بىچارەئى نەمكىن قىلىپدۇر دەرد ئىلە ھىجران،
سارىغ رۇخسارە ھەجرىڭ ئوتىدىن بەرگى خەزان بولدۇم.
— فىراقى.

رۇخسارەئى زىبا — گۈزەل چىراي، چىرايلىق رۇخسار:
جانىمە ئوت سالدى ئول رۇخسارەئى زىبا يەنە،
كۆڭلىمە ئول زۇلفى بولدى مايەئى سەۋدا يەنە.
— بابىر.

رۇخسارەئى نىكۇ — گۈزەل يۈز، چىرايلىق رۇخسار:
زار كۆڭلۈم سايرار ئول رۇخسارەئى نىكۇ كۆرۈپ،
ئەندەلىبى خوش نەۋا يەڭلىغ گۈلى خۇشبۇي كۆرۈپ.
— مەشھۇرى.

گۈلى رۇخسارە — «گۈلى رۇخسار» غا قاراڭ:
نە ئەنبەر بۇي خەتدۇر ئول گۈلى رۇخسارە ياستانمىش،
كى دۇدى ئاھى ئاشىقلار مەھى ئەنۋارە ياستانمىش.
— ئەرشى.

**رۇخسەت** [رخصت] (ئە) ئىجازەت، رۇخسەت، «رۇخسەس» كە قاراڭ:
تامام قىلدى ئايىتىپ ئەرز سۆزىنى گۇمنام،
بۇدۇر: بىرىڭ رۇخسەت، بولماسا كېرەكمم.
— گۇمنام.
سەبا ئول دەمدە گۈلدىن رۇخسەت ئالدى،
قوپۇپ ۋەقتى سەھەردە يولنى ئالدى.
— خىرقەتى.

**رۇخۇت** [رخوت] (ئە) [بىرلىكى: رەخت] رەختلەر، «رەخت» كە قاراڭ.

**رۇد** [رود] (پ) 1) مۇزىكا ئەسۋابى، بىر خىل چالغۇ:
گاھى مەجالىسدە تۈزۈپ چاڭى رۇد،
گاھى مۇغەننىيلەر بىلەن ئەيلە رۇد.
— زەللى.
2) ئېرىق؛ دەريا؛ ساي، جىلغا، «رود» قا قاراڭ:

www.uyghurkitap.com

فەزاسىدە كۆپ چەشمەيۇ رۇد بار،
بارى يۇب كۆڭۇل كۆزگۇسىدىن غۇبار.
— نەۋائى.

رۇد ئاقىزماق — «رۇد تۆكمەك» كە قاراڭ؛
بۇ سۆز بىلە كۆزىدىن ئاقىزىپ رۇد،
دېۋانەسى بىرلە قىلدى پەدرۇد.
— نەۋائى.

رۇد تۆكمەك — كۆز يېشى قىلماق:
تۆكۇپ ئەشكىدىن بارچە يۇزلەرغە رۇد،
دېدىلەر ئانىڭ جانىغە كۆپ دۇرۇد.
— نەۋائى.

رۇدۇجام — دولقۇنلۇق دەريا، دەريا (قەلبىنىڭ) مەۋج ئۇرۇشى:
بۇرۇنراق كىشىكىم چوزۇپ رۇدۇ جام،
جەھاندارلىق تەختىن ئەتتى مەقام.
— نەۋائى.

رۇدۇ راھ — نەغمە بىلەن راھەتلىنىش؛

رۇدى سىند — سىند دەرياسى:
شىمالىدا بۇ بېشەنىڭ رۇدى سىند،
جەنۇبىدا زاھىر بولۇپ شەھرى ھىند.
— نەۋائى.

رۇدبار [رودبار] (پ) ئاقارسۇ، «رودبار» غا قاراڭ:
يەنە يۇزدىن ئارتۇق ئېرۇر رۇدبار،
كى ئالۇر ئۇلاردىن ئۇلۇس ئېئتىبار.
— نەۋائى.

رۇدخانە [رودخانە] دەريا، ئېرىق، ساي، «رودخانە» گە قاراڭ.

رۇست [رست] (پ) مەھكەم، قاتتىق، مۇستەھكەم، پۇختا:
تۇتۇپ ئەمرىنى مەن قويۇپ ئانچە چۇست،
كى زەررىن قەدەھنى ئالىپ قولغە رۇست.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇست ئەتمەك — «رۇست قىلماق» قا قاراڭ:
كى رۇست ئەتتى ئاتنى كېلىپ كوھكەن،
قىلىپ شۇستۇشۇ پاك ئەيلەپ بەدەن.
— ئا. نىزارى.

رۇست ئەيلەمەك — «رۇست قىلماق» قا قاراڭ؛

رۇست قىلماق — مۇستەھكەم قىلماق؛

رۇست گام — قاتتىق، پۇختا قەدەم، تەۋرەنمەس قەدەم؛ دادىل:
ھەر بىرىگە بىر ۋەزىرى رۇست گام،
يانە بىر فەرزىنۇ لېكىن كاج خىرام.
— نەۋائى.

**رۇستاخىز** [رستاخيز] (پ) ‹1 غەۋغا، توپىلاڭ، قوزغىلاڭ؛ ‹2 قىيامەت، مەھشەر؛ «رۇستەخىز» گە قاراڭ.

**رۇستائىي** [روستائى] (پ) «رۇستايى» غا قاراڭ:

ئايا رۇستائىيكى سەھرا نىشىن،
نىدىن مۇنچە سۆزلەرگە بولدۇڭ قەرىن.
— غەرىبى.

**رۇستايى** [روستايى] (پ) قىشلاق؛ قىشلاقتا ياشىغۇچى، سەھرالىق.

**رۇستەخىز** [روستخيز] (پ) «رۇستاخىز» غا قاراڭ:

نەزەر قىلدى خاجە مۇڭا تىز ـ تىز،
تىگىپ ئىشق ئوتى بولۇپ رۇستەخىز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رۇستەخىز سالماق** ـ غەۋغا سالماق، توپىلاڭ قىلماق:

چۇ دىھقان كى سۆزدىن بولۇپ دانە رىز،
ئايتماقتا فەزلىن سالىپ رۇستەخىز.
— غەرىبى.

**رۇستەم** [رستم] «شاهنامە» دە بايان قىلىنغان مەشھۇر شەخس:

بىرىنى ئەيلەدى رۇستەم، بىرىنى نۇشىرۋان،
بىرىنى ئەيلەدى ھاتەم، بىرىنى لۇقمان چەرخ.
— شەۋقى.

**رۇستەمى داستان** ـ «رۇستەم» گە قاراڭ:

ئەگەر بولسە كىم رۇستەمى داستان،
بۇ يەڭلىغ قىلا ئالماغاي پەھلەۋان.
— ئا. نىزارى.

**رۇستەمى زامان** ـ زامانىنىڭ رۇستىمى، ئۆز دەۋرىنىڭ پەھلىۋانى:

مەشرىقى، مەغرىبى، جەنۇب بولسۇن شىمالىدە ئەيان،
كەلدى بالالاغە چىچەك ئافەتى رۇستەمى زەمان.
— موللا سالىھ.

**رۇستەم ئاسا** [رستم آسا] رۇستەمگە ئوخشاش، رۇستەمدەك، رۇستەم كەبى:

رۇستەم ئاسا سالغۇسى خۇنغارەلەردە ئىزىترار،
قانىمىزنى ئالماغۇنچە بولماغايلار بەرقەرار.
— ئەرشى.

**رۇستەملىق** [رستم ليق] قەھرىمانلىق، پالۋانلىق (رۇستەم كەبى).

**رۇستخىز** [روستخيز] (پ) «رۇستەخىز» گە قاراڭ:

غەزەل ئەھلىغە ئەۋۋەل ئەيلەب سىتىز،
جەھان ئىچرە سالدىم ئەجەب رۇستخىز.
— نەۋائى.

**رۇسۇخ** [رسوخ] (ئە) مەھكەم تۇرۇش؛ مەھكەملىك، بەرقارارلىق، ئىخشماسلىق:
رۇسۇخ تاپماق ـ ئورناشماق، بەرقارار بولماق.

**رۇسۇل** [رسل] ئەلچىلەر، پەيغەمبەرلەر؛ «رەسۇل» غا قاراڭ:
**رۇسۇل پەيغامى** — پەيغەمبەرلەر خەۋىرى، دېرىكى.

**رۇسۇم** [رسوم] (ئە) [بىرلىكى: رەسىم] ئادەتلەر، قائىدىلەر، ئۇدۇملار، تەرتىپلەر:

ئەي، كاشكى ئول ئەدىبى دانا،
تەرك ئەتسە رۇسۇمى ئەھلى دۇنيا.
— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.

**رۇسۇن ئايىنى** — ئۆرپ-ئادەت، رەسىم-قائىدە:

مۇڭا خوب كۆرۈنمىش فەرەڭلەر دىنى،
داغى مەرغۇب ئولمىش رۇسۇم ئايىنى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رۇسۇم بولماق** — ئادەت بولماق، ئۇدۇم بولماق:

چىقىپ ئوترۇ خاقانغە ئەيلەپ ھۇجۇم،
ئانىڭدەككى ئول چاغدا بولغاي رۇسۇم.
— نەۋائى.

**رۇسۇمى مىزبانلىق** — مېھمان كۈتۈش قائىدىلىرى، ئادەتلىرى:

قىلىپ تۈرلۈك رۇسۇمى مىزبانلىق،
ئانامدىن ياخشى قىلدى مېھربانلىق.
— ناقىس.

**رۇسى** [روسه] سەھرايى:

كۈندۈز ساڭا بىر گەدايى رۇسى،
خۇرشىددىن ئىگىندە كەدۇسى.
— نەۋائى.

**رۇشد** [رشد] (ئە) 1) توغرا يول تېپىش، توغرا يولغا چۈشۈش؛ 2) يېتىلىش؛ يېتۈكلۈك:
**رۇشد ئاسارى** — يېتۈكلۈك بەلگىلىرى؛
**رۇشد تاپماق** — يول تاپماق، يېتىلمەك.

**رۇفۇ** [رفو] (پ) ياماش، توقۇش، توقۇپ يامان:
**رۇفۇ قىلماق** — توقۇپ ياماق، ياماق سالماق.

**رۇفەقا** [رفقا] (پ) [بىرلىكى: رەفىق] «رەفىق» كە قاراڭ.

**رۇقئە** [رقعه] (ئە) 1) خەت، مەكتۇپ:

ئاتاسى دېدى: «ئەي قىزىم مەرھەبا،
ئوقۇپ رۇقئەنى ئاندا چەكتىڭ نەۋا.»
— ئا. نىزارى.

پۈتۈپ رۇقئە بەردىم قولىغە ئەمەل،
كىشى بەرمەيىن ھېچ سۆزۈمگە خەلەل.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

2) ياماق:

چۇ شەيخ خىرقەسىغە رۇقئە تىكتى، جىسمى تۇتاشتى،

سەمۇم ھۇللەسىدەك كۆڭلەكىم يىرۇنىمۇ ئېركىن؟
— نەۋائى.

**رۇقئە ھامىلى** — خەت، مەكتۇب كەلتۈرگەن كىشى؛

**رۇقئەيى نامە** — خەت، پۈتۈك، مەكتۇپ:

بۇ مۇنشى يازىپ رۇقئەيى نامەنى،
ئىشىتسۇن دېدى ئوقۇيىن نامەنى.
— موللا شاكىر.

**رۇقئەيى نىياز** — ھاجەت سورالغان خەت، ئىلتىماس نامە.

**رۇقئەئى** [رقعه] (ئە) خەت، مەكتۇب يېزىش ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان؛ «رۇقئە» گە قاراڭ:

ئەكابىرلارىدىن ئالىپ رۇقئەئى،
ئېرۇركىم خۇراسان ئۇلۇغ بۇقئەئى.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رۇقۇم** [رقوم] (ئە) [بىرلىكى: رەقەم] يېزىقلار، رەقەملەر، سىفىرلار:

بىرى مەنتىق رۇسۇمىدە رەقەمكەش،
بىرى ھەيئەت رۇقۇمىغە قەلەمكەش.
— نەۋائى.

**رۇكن** [ركن] (ئە) [كۆپلۈكى: ئەركان] ئۇستۇن؛ ئاساس، تايانچ؛ «ئەركان» غا قاراڭ.

**رۇكناباد** [روكناباد] جاي ئىسمى (ئىراننىڭ شىراز ۋىلايىتىدە)؛

**ئابى رۇكناباد** — ئىراننىڭ شىراز ۋىلايىتىدە «رۇكناباد» دېگەن جاينىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريا:

ئابى رۇكناباد، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،
خۇلدىدىن ئەفزۇن تۇمەن مىڭ لالە زارى كاشغەر.
— گۇمنام.

**رۇكۇئ** [ركوع] (ئە) پۈكۈلۈش، نامازدا پۈكۈلۈپ تۇرۇش:

قەئدەئى ئىشقىڭدە ئوترۇ كۆزلەرىم نەززارەسى،
نې قىيامۇ نې رۇكۇئ، يوق ئوڭۇ سولغە باقماغىم.
— گۇمنام.

**رۇكۇئ ئولماق** — ئېگىلمەك، پۈكۈلمەك.

**رۇم** [روم] قەدىمكى رىم:

ئىسفەندىيارى رۇم چىقىپ تىكتىسە ئەلەم،
بولدى كۆرۈپ ھەزىمەت، ئانى شام لەشكەرى.
— سەيفى سەرايى.

سەندىن يەنە تاپمايىن جەھاندا،
كىردىم يەنە رۇم ئىلە يەمەن، يوق.
— موللا سالىھ.

**رۇم سىپاھى** — رۇم لەشكىرى، رۇم قوشۇنى:

مەگەر ئەلچى كەلدى ياقا شەھردىن،
ئەمەس رۇم سىپاھى يانا شەھردىن.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رۇمۇ ئىراق — رۇم ۋە ئىراق:
ساقى، بول مەي تۇتقىلۇ ئەي گۇلرۇخان رۇمۇ ئىراق،
بەزم ئەيلەپ تۆزگىلۇ يۈز مىڭ ئەجايىب تۇمتەراق.
— موللا سالىھ.

رۇمى شەھۋار — رۇمنىڭ يىرىك (چوڭ) گۆھىرى:
پىلەك ئىچرە ياتار خەرۋار — خەرۋار،
كى سۇرەت بىرلە بەندى رۇمى شەھۋار.
— زەلىلى.

رۇم ئەھلى [روم اهلی] 1 › ئاق تەنلىك؛ رۇم ئەھلى:
بولۇپ ئەمرىم ئىچرە ھەمە ئەھلى رۇم،
سىپەھلەر قاشىمدا تۈزۈپ چۈن نۇجۇم.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
2 › شەترەنج (شاھمات) نىڭ ئورۇقلىرى.

رۇممان [رمان] (ئە) ئانار:
غۇنچەئى نىھالىدا ئىككى مېۋەنى كۆردۇم،
ياكى ساڭگۇلاچ ئالما، ياكى ئىككى رۇممان قىز.
— نەۋبەتى.
لەئلى رۇممان — ئاناردەك ياقۇت لەۋ، قىپقىزىل لەۋ:
لەئلى رۇممان، ساچى سۇمبۇل، قەددى شەمشادى جەھان،
زەئفىران ئەنبەرى ئەشھەب گۇلى رەيھان يەڭلىغ.
— شەۋقى.

رۇممانىي [رمانی](پ) ئانار رەڭ، قىپقىزىل، توق قىزىل؛
لەئلى رۇممانىي — قىپقىزىل ياقۇت، ئانار دانىلىرىدەك، ئاناردەك ياقۇت:
زەھمىلىق كۆڭلۈم لەبىڭ شەۋقىدە بولمىش قان ئارا،
لەئلى رۇممانىي بىلە ياقۇتى ئەھمەر كۆڭلىدە.
— نەۋائى.

رۇمھ [رمح] (ئە) نەيزە:
«ھا» لەر ئۇچى قەتل ئىشىدە تېز ئولۇپ،
رۇمھ ئۇچىدەك ھەر بىرى خۇنرىز ئولۇپ.
— نەۋائى.

رۇمۇز [رموز] (ئە) [بىرلىكى: رەمز] شەرەتلەر، ئىما-ئىشارەتلەر؛
رۇمۇزى ئىشق — ئىشق سىرلىرى؛ ئۆزئارا بىلىشىدىغان شەرەت،
يوشۇرۇن بەلگىلەر:
تۆشۈپدۈر باشىمە سەۋدا، رۇمۇزى ئىشقىدىن دەۋغا،
ئۆزگە ئەبلەدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.
— مەشرەپ.

رۇمىي [رومى] رۇملۇق؛
رۇمىي چىھرە ـــ ئاق يۈزلۈك.

رۇھ [روح] (ئە) 1 › ئەرۋاھ؛ خاتىرە:
تاپىپ ئىشقىم كەمال ئانداغكى رۇھى ۋامىقۇ فەرھاد،
كېلىپ پەرۋانە يەڭلىغ ئۈيرۈلۈر شەمئى مەزارىمنى.
— ئەرشى.

2 › تەبىئەت، مىجەز؛ ئەھۋال؛
رۇھۇمغەكى مەيدىن ئېردى ھەر لەھزە فۇتۇھ،
ناسىھ تىلى نېشى قىلدى ئانى مەجرۇھ.
— نەۋائى.

3 › جان، نەپەس؛
رۇھ تاپماق ـــ تىرىلمەك:
ۋىسالى لەززەتىدىن رۇھ تاپماقلىق ئېرۇر دۇشۋار،
فىراقى شىددەتىدە يوقسە جان بەرمەكلىك ئاساندۇر.
— بابىر.

رۇھ كۆزگۈسى ـــ دىل، كۆڭۈل ئەينىكى؛
رۇھۇ كۆڭۈل ـــ جان ۋە كۆڭۈل:
بولدى فىدايى رۇھۇ كۆڭۈللەر مۇفەررىھى،
كۆركلى سىفاتلارىڭ بىلە دىۋانۇ دەفتەرى.
— سەيفى سەرايى.

رۇھى پەيغەمبەر ـــ پەيغەمبەرنىڭ رۇھى، ئەرۋاھى:
شەھىنشاھىم ساڭاكى شاد بولغاي رۇھى پەيغەمبەر،
جەۋاھىر خىرمەنىدە دۇررى يەكتا يادىگارى سەن.
— قەرارى.

رۇھى رەۋان ـــ تىرىك جان، ھەرىكەتلىنىپ تۇرغۇچى رۇھ:
دۇدنى تارتىپ ئانى رەد قىلماسام يوقتۇر ئەجەب،
قۇتى دىل ھەم قۇۋۋەتى رۇھى رەۋانىمدۇر چىلىم.
— ئەرشى.

ئەي رەياھىن راھىمۇ رۇھى رەۋانىم، لۇتف ئىلە،
سەر فەرازىم، سەركەشىم، شوخۇ سەئادەت ئەختەرىم.
— نەسىمىي.

رۇھىغە قۇت بولماق ـــ روھلاندۇرماق، شادلىق كەلتۈرمەك:
ھۇسنىدىن ئالەم ئەھلى رۇھىغە قۇت،
يۈزى خۇرشىدى ئالەمى بەرقۇت.
— نەۋائى.

رۇھى قۇدسىي ـــ ئىلاھىي روھ، مۇقەددەس رۇھ:
ھەيرەت ئىلە رۇھى قۇدسىي سۇرەتى قىلدىم خەيال،
نەقشى زىبباسى بىلەن سەرۋى خىرامانىن كۆرۈپ.
— مەشھۇرى.

روُهی مۇجەسسەم ــ کونکرېت، جىسىمغا ئىگە بولغان روُھ:

هەم روُهی مۇسەۋۋەرسەنۇ هەم روُهی مۇجەسسەم،
بۇ لۇتڧ ئىلە سەن ڧىتنەئی دەۋران يېتىلىپسەن.
ــ لۇتڧی.

روُهی مۇسەۋۋەر ــ تەسەۋۋۇردىكی روُھ، مەرهۇم روُھ؛

روُهی نەۋائي ــ نەۋائىنىڭ روهىناتی، ئەرۋاهی:

بىنەۋا ئەرشی تىلەر روُهی نەۋائىيدىن ڧۇتۇھ،
مۇرغىزاری نەزم ئارا مۇرغی خۇش ئەلهانىن كۆرۈپ.
ــ ئەرشی.

روُھ ئاسا [روح آسا] (پ) روُهنی كۆتۈرگۈچی، روُهلاندۇرغۇچی؛ كۆڭۈل ئاچقۇچی:

روزی ئەيتی ئەلگە روُھ ئاسا شەمىم،
كىم شەجەرغە ئاپتی جان ئەزمی رەمىم.
ــ نەۋائی.

روُهانە [روحانه] (ئە) روهلۇق، روھ بىلەن، روهقا ئىگە:

تا ئانی ئىچكەچ نەۋائىيغە ئاچىلغاي گۇلىستان،
گەر سەبۇك روُهانە كىرسە ئۇتغە ئانداقكىم خەلىل.
ــ نەۋائی.

روُهانىي [روحانی] (ئە) روهقا مەنسۇپ؛ دىندار، دىنىي ئەرباب:

تەئالەللاھ، زىهی سۇرەت، زىهی مەهبۇبی روُهانىي،
كىم ئانىڭ هۇسنی شەۋقىدىن كۆڭۈللەر بولدی نۇرانىي.
ــ سەيڧی سەرايی.

روُهانىيەت [روحانیت] (ئە) «روُهانىييەت» كە قاراڭ.

روُهانىييەت [روحانیت] (ئە) روهانىيلىق، روهقا مەنسۇپلۇق.

روُھ ئەڧزا [روح افزا] (ئە + پ) روهلاندۇرغۇچی، جانلاندۇرغۇچی، تىرىلدۈرگۈچی:

نە راهەت سەير گۇلشەنىنىڭ هەۋاسی،
نە روُھ ئەڧزا مۇغەننىلەر نەۋاسی.
ــ خىرقەتی.

سەهنی گۇلشەن يا تەجەللی يا مەگەر ئەينی جەمال،
مەشئەلی خۇلدی بەرىن يا مىهر روُھ ئەڧزامۇدۇر.
ــ ئەرشی.

روُھ ئەڧزاي [روح افزای] (ئە + پ) «روُھ ئەڧزا» غا قاراڭ:

دەهر ئارا گۇل چىهرەۋۇ ئىيساۋۇ روُھ ئەڧزايسەن،
نىپ بولۇر بەرسەڭ ئۆلۈك جىسمىمگە سەن جان كاشكی.
ــ قەلەندەر.

روُهبان [رهبان] (ئە) «راهىب» قا قاراڭ.

روُھ بەخش [روح بخش] (ئە + پ) روھ بەرگۈچی، روهلاندۇرغۇچی، جان كىرگۈزگۈچی:

كۆرگۈزۈبان بەرق بۇلۇتدىن دەرەخش،
قەترە خىزر چەشمەسىدەك روُھ بەخش.
ــ نەۋائی.

**رۇھپەرۋەر** [روح پرور] (ئە + پ) روھلاندۇرغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى؛ يېقىملىق:

مەلاھەتدە جەھان خوبانلارىكىم خوشە چىنىدۇر،
نەسىمىي رۇھپەرۋەردىن ئاچىلغان خىرمەنى گۈل سەن.

— زەلىلى.

**رۇھ گۇستەر** [روح گستر] روھ بەرگۈچى، جان كىرگۈزگۈچى:

مەئانىي سەرۋى گۇللارى بىلە رۇھپەرۋەر ۋە مەقاسىدى
شەمشاد سۇنبۇللەرى بىلە رۇھ گۇستەر.

— نەۋائى.

**رۇھۇل - ئەمىن** [روح الامين] (ئە) پەرىشتە جىبرائىلنىڭ لەقىمى:

مەقدەمى سۇرەت بىلە بەزمىگەكىم قويدۇڭ قەدەم،
شەھپەرى رۇھۇل - ئەمىن ھەم لال ئولۇپ ھەمدەم ئەمەس.

— ئەرشى.

**رۇھۇل - قۇدس** [روح القدس] (ئە) ئاللانىڭ روھى، ئىلاھىي روھ، مۇقەددەس روھ:

سۇبھ ئاندىن خىلۋەتىمغە نەفھەئى رۇھۇل - قۇدس،
شام مۇندىن كۇنجى فەقرىم رەۋزەئى دارۇس - سەلام.

— نەۋائى.

**رۇھۇللاھ** [روح الله] (ئە) ئاللانىڭ روھى؛ ئىسا پەيغەمبەرنىڭ لەقىمى:

ئەمەس بۇت بۇ ئىشدىن ئەگەر ئەگاھى،
يېتەر دادىمە ئىيسا رۇھۇللاھى.

— ئا. نىزارى، ن. رىيائى.

**رۇئۇنەت** [رعونت] تەنتەكلىك، يەڭگىللىك، يېنىكلىك؛ «رۇئۇنەت» كە قاراڭ:

شۇھرەت تونى كىيمەگىنىڭ رۇئۇنەتدىندۇر،
كىي خىرقەئى فەقرۇ خاتىرىڭنى

— نەۋائى.

**رۇئۇنەت** [رعونت] (ئە) تەنتەكلىك، يەڭگىللىك، يېنىكلىك؛ سەبرسىزلىك، سەبر - تاقەتسىزلىك، «رۇئۇنەت» كە قاراڭ.

**رۇئيا** [رؤيا] (ئە) چۈش، چۈش كۆرۈش (ئۇيقىدا كۆرگەن غايىپ نەرسىلەر):

دىيدىم: ئىشق ئالەمى خۇب جىلۋەلى بىر ئالەمدە،
دىيدى: مەن بولماسەم ئىشق ئالەمى بىر رۇئيادۇر.

— نەسىمىي.

**رۇئيەت** [رؤيت] (ئە) كۆرۈش، قاراش؛ كۆزدىن كەچۈرۈش:

تۇرى ھەقۇ كىتاب مەستۇرى ئول،
رۇئيەتۇ مەئرىفەتىلە ئايت مەئلۇم.

— تەجەللى.

**رىھ** [ريح] (ئە) يەل؛ شامال؛ ھىد:

سەندەل ئاسا شەمىمۇ رىھ ئاندا،
ئەلگە بارىپ دەمى مەسىھ ئاندا.

— نەۋائى.

**رېھلەت** [رحلت] (ئە) 1› كۆچۈش، كېتىش؛ يولغا چىقىش، سەپەرگە ئاتلىنىش؛ 2› ئۆلۈش، ۋاپات بولۇش؛

**رېھلەت سەھابى** — كۆچۈش بولۇتى:

غەم تۇنى رېھلەت سەھابى جالەسىدۇر، يا ئېرۇر،

ماتەمىمغە چەرخ ئەنجۇم جەۋھەرىدىن ئەشكرېز.

— نەۋائى.

**رېھلەت كوسىن چالماق** — ئۇ دۇنياغا كەتمەك، ۋاپات بولماق، ئۆلمەك.

**رۇئيەتۇل - قەمەر** — ئاينى كۆرۈش.

**رىئايەت** [رعايت] (ئە) 1› ئېتىبارغا ئېلىش، ھۆرمەتلەش، رېئايە:

يەنە بىرى بۇ كىم، ھەر ھەرف غەزەلىياتى ئۇل پۈتكەن غەزەل بىرلە غەزەللەر ئاراسىدا ئۇسلۇب خاسىيەتىدىن رىئايەت قىلمايىن تۇرۇرلار، ...

— قىدىرخان يەركەندى.

2› ئەندىشە؛ ساقلاش، ساقلىنىش:

بۇ تائىفەنىڭ شەرىئەت رىئايەتى ۋە سۈننەت

مۇتابەئەتىدىن ئۇلۇغراق ئىشلەرى يوقتۇر.

— نەۋائى.

**رىئايەت ئەتمەك** — «رىئايەت ئەيلەمەك» كە قاراڭ؛

**رىئايەت ئەيلەمەك** — 1› ھۆرمەتلىمەك، ئېتىبارغا ئالماق، نەزەردە تۇتماق، رىئايە قىلماق؛ 2› ساقلانماق:

خوجە مەيدىن رىئايەت ئەيلەب ئىدى،

ئېھتىياتىن بەغايەت ئەيلەب ئىدى.

— نەۋائى.

**رىبقە** [ربقه] (ئە) سىرتماق.

**رىجال** [رجال] (ئە) [بىرلىكى: رەجۇل] ئەرلەر، ئەركەكلەر:

بۇ دەئۋا بىرلە چىققمىش بىر تەرەفدىن،

خاتۇنلار كەلتۈرۈپ ھەلقە رىجال شەيخ.

— شەۋقى.

**رىجائ** [رجاع] قايتىش، بۇرۇلۇش، يېنىش:

بەندە ئاجىز دائىما خەۋفۇ رىجانىڭ ئۈستىدە،

ھەق بىلۇر، مەن بىلمەگەيمەن ئاقىبەت كارىمغە ئەرزە

— شەۋقى.

**رىجائ ئەتمەك** — قايتماق، يانماق، بۇرۇلماق:

تارىخىنى بەئدە رېجائ ئەت دېدىم،

ھەيف مۇبارەك يۈزىنى كۆرمەدىم.

— زەلىلى.

**رىجائ سۈلكى** — قايتىش يولى، يانىدىغان يول:

شەۋقى مەستانەنى گەھ قورقۇتۇبان خەۋف ئىلە بىيم،

كى ئۇمىد بىرلە رىجائ سۇلكىدە قىلسۇن نە ئىلاج.
— شەۋقى.

**رىدا** [ردا] (ئە) ئۇست كىيىم، يېپىنچا؛ شەيخلەر ۋە دەرۋىشلەر كىيىمى ئۇستىدىن يېپىپ يۈرۈيدىغان يەكتىز تون:

رىداغە تارىنى بەرمەم كۆرۈپ تەننازى تەرسانى،
ئاسىپتۇر ئىشق زۇننارىن بويۇنغە شەيخى سەنئانىم.
— مەشھۇرى.

ھەۋايى سۇنبۇلى ئەزبەس كۆڭۈل كويىغە بەند ئولمىش،
نە ھاجەت ئول سەنەمنىڭ تارى زۇلفىدىن رىدا بولماق.
— ئەرشى.

**رىز** [ريز] (پ) 1) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «تۆككۈچى، چاچقۇچى؛ ئاققۇزغۇچى» قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

قايانكىم مەيل ئېتەر جانان مۇھەببەت ئەھلى رىز ئەيلەپ،
كۆڭۈل ئىچرە نىھانراق ئانى جاندىن ئاسرا غىل، يا رەب.
— ئەرشى.

چۇ دېھقان كى سۆزدىن بولۇپ دانە رېز،
ئېيتماقتا پەزلىن سالىپ رۇستەخىز.
— خەربىي.

2) پارچە، ئۇۋاق:

ئەگەر تاشلاسە ئەل بىرەر رېزە نان،
ۋەيا ئاش ئىلە سۇ ۋەيا ئۇستىخان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رىز ئەتمەك — تۆكمەك:

بۇ كۆڭۈل ئايىنەسىنى گەرچە تۇتسە زەڭگۇ غەم،
بادە سافىن رىز ئېتىپ ئول نەۋئىكىم پاك ئەيلەمىش.
— ئەرشى.

ئەرەق رىز — تەر تۆككۈچى؛
ئەشك رىز — ياش تۆككۈچى:

كىيمە يۈردى يىلدام بوراندىنمۇ تىز،
چۆمۈپ سۇ ئىچىدە قىلىپ ئەشك رىز.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

بەرگ رىز — بەرگ، يوپۇرماق تۆككۈچى، چاچقۇچى؛ كۈز:

بۇ كۈن باغى گۇلىستان گۇللارى خۇش بەرگ رىز ئولدى،
سەھەر ھۇيى چېكەردە سەرسەرى ئاھىم خەزان ئەتكەچ.
— زەلىلى.

خار- رىز ئەتمەك — تاش پارچىلىماق.

**رىزان** [ريزان] چېچىلغۇچى، تۆكۈلگۈچى:

گۇلشەنغە خەزان بولۇپ ستىزان،

ئەشجارىغە سالدى بەرگ رىزان.
— نەۋائى.

**رىزە** [ريزە] (پ) «رىز» غا قاراڭ:
ئانىڭ زەربىدە ساچراغان رىزە تاش،
چىقىپ ئەيلەگەي چەرخ جىسمىن خەراش.
— ئا. نىزارى.

**رىزەچىن** [ريزەچين] (پ) پارچە - پۇرات نەرسىلەرنى، قالدۇق نەرسىلەرنى تەرگۈچى:
بىز فەقىرلەركىم، بۇ جەمائەتنىڭ رىزە چىنى خانى ۋە
خۇشەچىنى خىرمەنى تۇتەربىز.
— نەۋائى.

**رىزە - رىزە** [ريزە ريزە] (پ) «رىز - رىز» غا قاراڭ:
گۇفتارغە كەلدى ناگاھ ئۇچۇپ لەئلى نۇش خەند،
بىر پىستە كۆردۈم ئۇندا تۆكەر رىزە - رىزە قەند.
— مەشھۇرى.

**رىز - رىز** [ريز ريز] (پ) پارچە - پارچە:
رىز - رىز ئەيلەمەك — «رىز - رىز قىلماق»قا قاراڭ؛
رىز - رىز قىلماق — پارچە - پارچە قىلماق، ئۇۋاتماق.

**رىزۇ پاش** [ريزو پاش] (پ) (بىرەر نەرسىنى يۇنۇش ياكى قىرىشتىن چىققان) قىرىندى، چىپپىندى، لىكپەك.

**رىزا** [رضا] 1› رازىلىق، بويسۇنۇش، كۆنۈش؛
بولماس رىزا بۇ مەرتىبەسىن پەست ئېتەر خەيال،
ھەم مەنسەبى كۆرۈنۈر ئۇنىڭ كۆزىگە كەم.
— سەبۇرى.
قايتا ئالمان بويۇن ئاندىن نەچە زۇلم ئەيلەسە كۆپ،
قۇلدا يوق ئاچچىغلاسە خاجە رىزادىن غەيرى.
— ئەرشى.
2› بۇيرۇق، پەرمان:
بويۇن سۇنغاي رىزايى ھەققە بەندە،
لەبىن زاھىر يۇمار باتىندە خەندە.
— خىرقەتى.
رىزا ئەھلى — قانائەتلىك ئادەملەر، رازىلار:
يىغى زار قىلماق ئاڭا خۇب ئەمەس،
كى ئەھلى رىزاغە بۇ مەرغۇب ئەمەس.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
رىزا بەرمەك — رازىلىق بېرىش، بويسۇنۇش:
ھەرنە ھالەتدۇر رىزا بەر قىسمەتى رەززاقغە،
دىلنى پاك ئەيلەپ ھەسەددىن قىلمە ئەئلاغە خەلىز.
— شەۋقى.

www.uyghurkitap.com

رىزا بولماق — «رىزا بەرمەك» كە قاراڭ:
شۇم رەقىبى سەگكە قىلدىڭ تا سەن، ئەي گۇل، ئىلتىفات،
ئۆلمە كىمگە رەشكىدىن، جانا، رىزا بولدۇم بۇ كۈن.
— قەلەندەر.

رىزا يولى — رازىلىق يولى، رىزالىق يوسۇنى:
خۇداغە باغلاغان پەيۋەندى دىلنى،
رىزا يولىغە تاشلاپ مۇشتى گىلنى.
— ناقىس.

**رىزاجوي** [رضا جوى] رازىلىق ئىستىگۈچى:
سەن شوخ مەست قاتىل، مەن ئاشىقى رىزا جوي،
سەندىن جەفا مۇناسىب، مەندىن ۋەفا مۇبارەك.
— تەجەللى.

**رىزامەند** [رضامند] (ئە+پ) رازى، كۆنگەن:
رىزامەند يوق ئولسا ئەگەر بۇ جەھان،
جەھان يوقكى بەلكى بەدەن ئىچرە جان.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رىزق** [رزق] ئوزۇق - تۈلۈك، نەسىۋە، هايات ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەر:
رىزقىنى تەگرىدىم بېرۇر بەرمەكلىكى يەردىن ئەمەس،
قىز - ئوغۇل فەرزەند تاپماق يا خوتۇن، ئەردىن ئەمەس.
— شەۋقى.

رىزقۇ روز — كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەكلەر:
سۇبھ ئۇيقۇسىن ئۇلگى ئەيلەر تەرك،
رىزقۇ روزىن ئۆزىگە توش كۆرگەي
— نەۋائى.

رىزقى بابى — رىسق تونرىسىدىكى باب، نېسىۋە ھەققىدىكى بايان:
خۇدانى زىكرىنى تەرك ئەيلەبان زەھى غافىل،
ئوقۇرسە نەفسىڭ ئۈچۈن رىزقى بابىدىن ئەۋراد.
— شەۋقى.

رىزقى تەييىب — ئەلا نېسىۋە، مول رىسق:
رىزقى تەييىبكە قەنائەت مەندە يوق،
يەتسە خەيرىدىن سەرايەت مەندە يوق.
— خەراباتى.

رىزقى فەراۋان — مول نېسىۋە، يېتەرلىك رىسق:
بېرىپ رىزقى فەراۋان كىبرۇ تەرسا، ھىندى، كافىرغە،
قاچان مەھرۇم ئېتەر دوستلارنى خەللاقى جەھان ھادىس.
— شەۋقى.

**رىزالىق** [رضاليق] «رىزا» غا قاراڭ:
نىدا كويۇڭدا ئۇرمىش «سەۋفە يۇئتىكە فەتەرزا» نى،

رىزالىق ئىزدەپان مەئشۇق ھەمىن ئاشىق خۇداۋەندا.
— شەۋقى.

**رىزۋان** [رضوان] (ئە) رازىلىق، مەمنۇنىيەت؛ رازىلىق، مەمنۇنىيەت جەننىتى؛ سەككىز جەننەتنىڭ بىرى:

سەن ئاي پەرىلەر ئەختەرىگىدۇر،
رىزۋان ئىلە بارچە چاكەرىڭدۇر.
— ئەرشى.

ئىقامەت چۈنكى قىلدىڭ، بابىرا، ئول ھۇر كويىدا،
مەقامىڭ رەۋزەدىن ئەۋلا، ئۆزۈڭ رىزۋاندىن ئارتۇقسەن.
— بابىر.

**ھۇرى رىزۋان** — جەننەتتە خىزمەت قىلدىغان گۈزەل قىز، ھۇر.

جەننەتى فىردەۋس ئارا گەر ھۇرى رىزۋان ئىزدەسەم،
تاپماغايمەن بىر سىپىنگدەك ساھىب ئەسرارى يەنە.
— ئەرشى.

**رىسالە** [رسالە] (ئە) [كۆپلۈكى: رەسايىل] خەت، مەكتۇپ؛ كىتابچە؛ «رەسايىل»غا قاراڭ:

ئىشىت، سامىئا، بۇ ناقىس ئۆزىدىن سۆز،
داغى كۆر بۇ رىسالە، بولسە گەر كۆز.
— ناقىس.

**رىسالە بىتمەك** — ئەسەر يازماق:

مەۋلانا مۇھەممەد بەدەخشى... مۇئەممما فەننىدە رىسالە بىتىپدۇر.
— نەۋائى.

**رىسالەت** [رسالت] (ئە) 1 > پەيغەمبەرلىك، ئەلچىلىك:

بۇ دۇر گۈلدەستەئى باغى رىسالەت تۆرت زىبىباكىم،
ئەبا بەكرى، ئۇمەر، ئۇسمان، ئەلىيۇ مۇرتەزاسىدۇر.
— مەشھۇرى.

2 > نامە، مەكتۇپ:

ئەلەم نەشرى رىسالەت نۇر ئىلە سىينەگىنى يازمىشكىم،
خەزىنە بەھرى رەھمەت گەنجى ئىرفان پۇر قىلىپ سەدرا.
— شەۋقى.

**رىسالەت قىلماق** — ئەلچى ئەۋەتمەك.

**رىسالەت ئايىن** [رسالت آين] (ئە+پ) ئەلچىلەردەك، ئەلچىلەرگە ئوخشاش:

ئۈيلەكىم، سەدرە كەبى مىنبەر ئۆزە گاھى ھەدىس،
يىغىلۇر ھەر سارى ئەسھابى رىسالەت ئايىن.
— نەۋائى.

**رىش I** [ريش] (پ) ساقال؛ قىل:

رىش باغلاماق — كېلىشمەيدىغان، قاملاشمىغان ئىش قىلماق؛ ساقالغا ياماشماق؛

**رىش II** [ريش] (پ) يارا، جاراھەت؛ ھەسرەت، نادامەت؛ رەنجىش؛ ناتىۋان، زەئىپ؛ «رىش I» كە قاراڭ:

كىرپىك نەدىنكى بەلكى بولۇپ نىش،
ئەل كۆڭلىنى ھەردەم ئەتكەلى رىش.
— ئەرشى.

ئەگەر يەتسە تىكەندىن جانىغە نىش،
بىرەر قىلغان ئىكەن ھالىڭنى ئول رىش.
— خىرقەتى.

**رىش ئەتمەك** — يارىدار قىلماق، جاراھەتلەندۈرمەك:

ئاڭا پويە رىش ئەتمىش ئېردى جىگەر،
كى بىر تۇرفە كىشۋەرغە قىلدى گۇزەر.
— نەۋائى.

**رىش ئەيلەمەك** — «رىش ئەتمەك» كە قاراڭ؛
**رىش بولماق** — يارىلانماق، جاراھەتلەنمەك.
**رىشى قازى** — 1 › قىلدىن توقۇلغان ياكى شۇنداق نەرسىلەردىن ياسالغان مەي سۈزگۈچ؛ 2 › قازى ساقىلى؛
**رىشى گاۋ** — 1 › ئەخمەق، نادان؛ خامتاما؛تەمەخور؛ 2 › پاخماق ساقال، داپ ساقال.

**رىشە** [ريشه] يىلتىز، كۆتىچەك:

چۈن گىياھ بۆتمىش ئۆيلەكىم بىشە،
تۇبىنى مەھكەم ئەيلەمىش رىشە.
— نەۋائى.

**رىشت** [رشت] 1 › ئىگىرىش (يىپ ئىگىرىش)؛ 2 › ئادەت، تەبىئەت.

**رىشتە** [رشته] (پ) 1 › يىپ، تاناپ؛ تار؛ پىلىك:

يەنە بولدى تانۇشلۇق ھۆكمى مەزبۇت،
ئۈزۈلگەن رىشتە تاپتى ئەقدى مەربۇت.
— ناقىس.

كۆز ئۇچى بىرلەن ئىگىردى شەۋقى نەئىنىڭ رىشتەسىن،
جامە تەقۋا سەنسىزىن پۆتمەس بۇدۇركىم ئېھتىياج.
— شەۋقى.

2 › جان؛ تومۇر:

زىنھاركى زۇلم رىشتەسىن ئۈز،
ئىنساف ئىلە ئەدل قەسرىنى تۈز.
— نەۋائى.

3 › كىشەن:

ئىلاھا، قىل مىنى رەھمەت سەرىشتە،
سالىپ بويىنۇمغە مېھرىڭ بىرلە رىشتە.
— خىرقەتى.

سىنى، جانا، ھەمە كۆڭلۈم ئالۇرغە دىلرەبا دەرلەر،

مىنى دائىمكى زۇلفۇڭ رىشتەسىغە مۇبتەلا دەرلەر.
— ئەرشى.

رىشتە تابى — يىپ ئۆرۈمى، ئىشىپ تەييارلانغان يىپ؛
رىشتەئى ئەنگەبۇت — ئۆمۈچۈك تورى؛
رىشتەئى جان — جان رىشتىسى، ھاياتلىق رىشتىسى، يىپى:

ئىككى زۇلفى سايەسىغە ئاي يۈزىدۇر ئافتاب،
كىم يۈزىنى كۆرسە تۇشمىش رىشتەئى جانىغە تاب.
— قەلەندەر.

رىشتەئى دۇر — قىممەت باھادۇر (ئۈنچە - مەرۋايىت) ئۆتكۈزۈلگەن يىپ:

ھەر بىرىسى رىشتەئى دۇرمۇ ئىكەن،
يا لۈئلۈئى دەريائى تەفەككۇرمۇ ئىكەن.
—نەۋائى.

رىشتەئى رەنج — قىزىتما ۋە بەزگەكنى بەند قىلىش ئۈچۈن دۇئاخان تەرىپىدىن بېرىلىدىغان يىپ؛
رىشتەئى زۇننار — زۇننار رىشتىسى (چۇلۋۇر ياكى بەلباغ تانىسى،يىپى):

سۇجۇد كەئبە دەير ئەيلەسەم ئەگەر ئەجەب ئېرمەس،
قولۇمدا ساغەرى سەھبا، بېلىمدە رىشتەئى زۇننار.
— سەبۇرى.

رىشتەئى كاكۇل — چاچ تارىلىرى، كوكۇلا رىشتىسى:

بەس ئىدى ئول رىشتەئى كاكۇل مىنى بەند ئەتكەلى،
نە ئۈچۈن تاپماقىغە قىلدىڭ جۇستىجوي ئۆزگە تىناب.
— موللا بىلال.

رىشتەئى مەريەم — مەريەمنىڭ يىپى؛ ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك تالا:

زۇلفىدە سەر رىشتەئى ئىمان بەدەلدۇر كۇفر ئىلە،
نې تەفاۋۇت تۇشسە مەريەم رىشتەسى زۇننار ئارا.
— نەۋائى.

رىشتەئى مەقسۇد — مەقسەت رىشتىسى، مۇرادقا يېتىش ۋاستىسى:

تاپار ئەبھار سەيرىسىز رىشتەئى مەقسۇد ئول سائەت،
كى رەھى ئەجز، تەرىقى فەقر، ئايىنى فەنا تۇتسالىڭ.
— سەبۇرى.

رىشتەئى نەئت — مەدھىيە، ماقتاش رىشتىسى:

ئىگىردى رىشتەئى نەئتىڭنى شەۋقى كۆز ئۈچى بىرلەن،
ئاڭا شايەد ئاسىلغاي دەۋزەخ ئىچرە سۆدرەپ ئېلتۇر چاغ.
— شەۋقى.

رىشتەئى ئۇلفەت — ئۈلپەتچىلىك، دوسلۇق رىشتىسى؛

گەر كەبۇتەردەك ئۇچۇرساڭ مەن قاچان كەتكۈم ئۇچۇپ،
باغلانىپ بالۇ پەرىمكىم رىشتەئى ئۇلفەت بىلە.
— مەشھۇرى.

رىشتەئى ھىجران — ئايرىلىش يىپى، ھىجران رىشتىسى:

رىشتەئى ھىجرانمۇ بۇ يا سۇنبۇلى باغى بىھىشت،
ئاھ دۇدىدىن نىشان يا زۇلفى ئەنبەر سامۇدۇر.
— ئەرشى.

**رىشتەئى ئىشق** — مۇھەببەت رىشتىسى:
قاچان ۋابەستە ئولغۇم رىشتەئى ئىشقىڭغە ئۈزلۈكدىن،
ماڭا لېكىن ئەسىر ئولماق چۇ تەقدىرى ئىلاھىيدۇر.
— ئەرشى.

**جان رىشتەسى** — «رىشتەئى جان» غا قاراڭ:
نازۇك بىلىڭ ئەر خەيال قىلغۇم،
جان رىشتەسىغە مىسال قىلغۇم.
— ئەرشى.

**مۇھەببەت رىشتەسى** — «رىشتەئى ئىشق» قا قاراڭ:
ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ۋەسفىڭنى سىزدىم،
مۇھەببەت رىشتەسىغە دۇرنى تىزدىم.
— خىرقەتى.

**رىشتەتاب** [رشته‌تاب] (پ) ئىشىپ تەييارلانغان يىپ، يىپ ئۆرۈمى:
قىلىپ ھۆكمىم ئەل قىلىپ ئىزتىراب،
كىشىدىن تەمەئ قالماسۇن رىشتە تاب.
— نەۋائى.

**رىشتەكەش** [رشته‌کش] (پ) كەشتە تىككۇچى، كەشتىچى.

**رىشخەند** [ريشخند] (پ) مەسخىرە قىلىش، كۈلكە قىلىش، زاڭلىق قىلىش؛ مەسخىرە:
**رىشخەند ئەتمەك** — مەسخىرە قىلماق، كۈلكە قىلماق، زاڭلىق قىلماق.

**رىشۋە** [رشوه] (ئە) پارا:
رىشۋە بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى دەمسىز چاپارلار،
باشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ھەقتىن قاچارلار.
— تەۋفىق.

بىر شىۋە بەرمەسە كىشىگە بىر قوشۇمچە سۇ،
بىتۇھپە ھېچكىم ئىشىغە بەرمەسە نىزام.
— سەبۇرى

**رىشۋە بەرمەك** — پارا بەرمەك:
بېرىپ ئىبردى رىشۋە ئەمىرغە تولا،
كى رىشۋە ئەمىرغە بولۇبان بەلا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رىشۋە يېمەك** — پارا يېمەك، پارا ئالماق:
رىشۋەلەر يەپ ھۆكمى قازى مۇفتى بولغاندىن دېسەڭ،
ئەين ئىقبالىم بەلەنددۇر ئۇشبۇ ئىقبالىڭ غەلەت.
— شەۋقى.

**رىشۋەت** [رشوت] (ئە) «رىشۋە» گە قاراڭ.

**رىشۋەتخور** [رشوت‌خور] پارىخور، پارا ئالغۇچى، پارا يېگۈچى:

قازىئى رىشۋەتخور ئىسلام ھىمسارىغە رەخنەگەر ئۆلكىنى
رىشۋەت بېرىپ قۇزات ئالە ئالغاي.
— نەۋائى.

**رىفئەت** [رفعت] (ئە) يۈكسەكلىك، يۇقىرىلىق، يۇقىرى مەرتىۋىلىك:
رىفئەت ئارا ئاسمانچە قەدرىڭ،
ۋۇسئەتدە جەھان ـ جەھانچە سەدرىڭ.
— ئابدۇجېلىل داموللا ھاجى.
ئەگەر رىفئەتلىكىم ۋەسلىن تىلەپ ھەر چەند ھەۋا قىلدىم،
كۆرۈپ بىر تازە گۈل زەۋقىدە بۇلبۇلدەك نەۋا قىلدىم.
— ئەرشى.
**رىفئەت تاپماق** ـ يۈكسەلمەك، ئېتىبارغا، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشمەك؛
**رىفئەتى شان** ـ يۈكسەك شۆھرەت، يۇقىرى شەۋكەت:
فەراخى ھەۋسىلەۋۇ رىفئەتى شان،
تەمامىيەۋۇ قارۇ فەرتى ئېھسان.
— ناقىس.

**رىفق** [رفق] (ئە) مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق؛
**رىفق ئەيلەمەك** ـ مېھرىبانلىق قىلماق:
رىفق ئەيلەمەگى ھەر ئىشتا ئەۋلا ئاخىر،
كىم، ئەقل دەلىلىدۇر مەدارا ئاخىر.
— نەۋائى.

**رىقاب** [رقاب] (ئە) [بىرلىكى: رەقەبە] قۇللار؛
**مالىك رىقابى** ـ قۇل ئىگىسى، خوجىسى:
ئايا قۇتب ساھىبقىرانى ۋىلايەت،
شەھىنشاھ مالىك رىقابى دۇ ئالەم.
— تەجەللى.

**رىققەت** [رقت] (ئە) نازۇكلۇق، ئىنچىكىلىك؛ يۇمشاقلىق، مۇلايىملىق؛
**رىققەت ئەيلەمەك** ـ كۆڭلى يۇمشاقلىق قىلماق، مۇلايىملىق كۆرسەتمەك.

**رىكاب** [ركاب] (ئە) 1› ئۈزەڭگە:
كۆز ياشىمدىن بار شەرابىم، بار يۈرەكىمدىن كەباب،
ئاتلانۇر بولساڭ قىلاي كۆرۈم چەناقىنى رىكاب.
— قەلەندەر.
قاچان ئالسا ئاتماق ئۇچۇن قولىغە يا،
قويۇر رەخش ئۈزرە رىكابىغە پا.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.
2› پەرمان، ھۆكۈم:
ئەي جەھانى ھۇسن زىيبالىق نىقابىڭ ئاستىدە،
دىلرەبائى ئاتى دەۋلەتلىك رىكابىڭ ئاستىدە.
— لۇتفى.

3 〉 بەند (كويزا ـ كىشەن، تاقاق):

بوينۇڭ ئارا شوخلار تەنابى،
باشىڭ ئۆزە شاھلار رىكابى.
— نەۋائى.

4 〉 شاھ ھۇزۇرى:

دېدى: «لاتەزكۇرۇ مەۋتاكۇمۇ ئىللا بىخەيرىن» نى،
ئۇشۇل شەھنىڭ رىكابىدا ئىدى روھىل ـ ئەمىن پەرراش.
— شەۋقى.

رىكۋە [ركوه] (ئە) تېرە، چەمدىن ئىشلەنگەن سۇ ئىدىشى، تولۇم.

رىكىب [ركيب] (ئە) ئۇلاغ (ئات، تۆگىگە ئوخشاش ھايۋانلار).

رىگزار [ريگزار] قۇملۇق، قۇم ـ شېغىللىق:

تەي قىلىبان مۇجى بىلەن رىگزار،
زاھىر ئولۇپ گاھى دەرەختى چۇدار.
— زەلىلى.

رىگىستان «رىگزار» غا قارا:

بۇ تۇشكەن يېرىمىز رىگىستان ئېرۇر،
كى ئۇڭ قول تەرەفدە گۇلىستان ئېرۇر.
— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

رىند [رند] (پ) 1 〉 مەيپەرەس، ئەيش ـ ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان:

خۇشا، ئول رىندكىم ئۆمر ئەساسى يوقلۇغىن بىلگەچ،
تەرەب جامىن تەرەننۇم زەۋقى بىرلە دەم ـ بەدەم چەكتى.
— ئەرشى.

2 〉 بىغەم، بىپەرۋا؛ قورقماس:

بادە شىشەگە تولدى، خۇنى دىل بەجۇش ئۇردى،
مۇھتەسىب يېقىن بولدى، رىند بىرلە سۇھبەت تۇت.
— زەلىلى.

گۇنبەزى دەستارىدىن قورقۇتمىغىن، ئابىد، مېنى،
رىندلەرنىڭ گۇنبەزى دېۋارىدىن پەرۋاسى يوق.
— مەشھۇرى.

رىند ئەھلى — مەيخور، ئىچەرمەن كىشىلەر، بىغەم، بىپەرۋا ئادەملەر:

سايەئى تۇبىيدىن ئارتۇق خۇم تۇبى رىند ئەھلىغە،
دەير ئارا ياتسە تىكەندە جەننەتۇل ـ مەئۋا بىلۇر.
— گۇمنام.

رىند ئېلى — «رىند ئەھلى» گە قاراڭ:

ئەيلەكى تەماشا رىند ئېلى باشدىن ھەردەم،
چۇن ياستانىبانكىم.
مەيخانە ئۇچۇن جامى ئەگەر بولسە مۇدەۋۋەر،
كىم مەيغە گەدادۇر.
— خۇشھال غەرىبى.

www.uyghurkitap.com

رىندى باخەبەر ــ بىپەرۋا مەيپەرەس:
دىبدى ساھىب دەردى رىندى باخەبەر،
كى ئەي ھەممىيەتدە تۇگگۈزلەردىن بەتەر.
ــ نەۋائى.
رىندى شىراز ــ شائىر خوجا ھاپىز شىرازىينىڭ لەقەمى؛
رىندى فەنا ــ تۇگەشكەن، يوقالغان، بىغەم كىشى:
ئەرشى، گەر رىندى فەناسەن كەي لىباسى فەقرىكىم،
زەر قۇماشىدىن مۇرەججەھ كەلدى فەقر ئىچرە لىباس.
ــ ئەرشى.
رىندى ئىشق پىشە ــ ئىچىملىك، ئەيش ــ ئىشرەتكە بېرىلگۈچى:
سەن شەيخ زۇھد شىۋە، مەن رىندى ئىشق پىشە،
كەۋسەر ساگا مۇسەللەم، سەھبا ماگا مۇبارەك.
ــ تەجەللى.

رىندانە [رندانه] (پ) مەيپەرەسلەردەك؛ «رىند» گە قاراڭ:
بۇ سوفيانى رىياپىلەردىن سەفا تاپماي،
غۇلامى چاكەرى رىندانە دۇردى نۇش ئېردىم.
ــ زەللى.
رىندانە بولماق ــ مەيپەرەست بولماق، خاراباتىي بولماق:
يۇمدۇم كۆزۈمنى سەندىن بۆلەكتىن،
كەچتىم باردىن، رىندانە بولدۇم.
ــ مەشرەپ.

رىندۋەش [رندوش] (پ) مەيپەرەسلەرگە ئوخشىغان، تەبىئىتى بىغەم، بىپەرۋا؛ مەيپەرەسلەردەك:
مەۋلانازادەئى ئەبھەرىيكىم، شەھەرنىڭ مۇفتىيسى ۋە رىندۋەش كىشى ئېردى.
ــ نەۋائى.

رىندى [رندى] ھىيلىگەر، قۇۋ، تادان؛ «رىند» گە قاراڭ:
ئىشق ئارا قەدر ئىستەسەڭ بىباك بولكىم، ئۆزگەدۇر،
ئەھلى تەقۋا ئاندا، رىندى لاۋۇ بالى ئۆزگەچە.
ــ ئەرشى.

رىۋ [ريو] (پ) مىكىر، ھىيلە، ھىيلە ــ نەيرەڭ:
چەرخ ئۇرۇبان رىۋ ئىلە نەيرەڭ ساز،
ئويلەكى كۆك خىرقە بىلە تاسباز.
ــ نەۋائى.
رىۋ ئەيلەمەك ــ ھىيلە قىلماق، ئالدىماق؛
رىۋ كۆرسەتمەك ــ ھىيلە ئىشلەتمەك؛
رىۋ كۆرگۈزمەك ــ «رىۋ كۆرسەتمەك» گە قاراڭ؛
رىۋۇ ئەفسۇن ــ مىكىر ۋە ھىيلە؛ ئالداش، كۆز بوياش؛
رىۋۇ تەزۋىر ــ مىكىر ۋە ھىيلە؛

هەم ئاخىر بويىلە بولدى ئىشقە تەدبىر،
قايۇ تەدبىر، مەكر رىۋۇ تەزۋىر.
— نەۋائى.

**رىۋۇ رەڭ** — ھىيلە ۋە نەيرەڭ.

**رىۋايات** [روايات] (ئە) [بىرلىكى: رىۋايەت] سۆز، سۆزلەش، ھېكايە ئېيتىش، نەقىل كەلتۈرۈش:
بۇ تۇتى ھەم قىلىپ شىرىن ھىكايات،
داغى رەڭگىن سۇخەنلەردىن رىۋايات.
— ناقىس.
دەبان ھەر كېچە بىر رىۋاياتنى،
قارا باشدىن ئۆتكەن ھېكاياتنى.
— ئا. نىزارى.

**رىۋايات ئەتمەك** — ھېكايە قىلماق، نەقىل قىلماق؛
**رىۋايات ئەيلەمەك** — سۆزلىمەك: «رىۋايات ئەتمەك» كە قاراڭ.

**رىۋايەت** [روايت] (ئە) «رىۋايات» قا قاراڭ:
ئەمدى قىلاي بۇ دەھرى فەنادىن ھىكايەتى،
ھەمە ئالەم ئەھلىدىن ئەيلەي رىۋايەتى.
— سەبۇرى.

**رىۋايەت گۇداز** — رىۋايەت سۆزلىگۈچى، سۆزمەن، ناتىق:
سۇخەندان شىرىن ھىكايەت گۇداز،
تىزىپ سۆزنى مۇنداق رىۋايەت گۇداز.
— ئا. نىزارى.

**رىيا** [ريا] (ئە) ئىككى يۈزلىمىلىك؛ مۇناپىق، ئىككى يۈزلىمچى؛ ئۆزىنى يامانلىقلاردىن ساقلانغان قىلىپ كۆرسىتىش:
زاھىد سۇپەت شەيخلەرىڭ مەسجىد سەرى يۈرگۈسى،
قوللاردە تەسبەھى رىيا تائەت قۇرغۇسى.
— مەشرەپ.
زاھىدلەرىكى، تائەتۇ تەقۋاسىدۇر رىيا،
كەلسە قولىغە ھەرنە ئاڭا بولسە مۇددەئا.
— سەبۇرى.

**رىيا ئەھلى** — رىياكارلار، ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر:
تاڭ ئەمەس گەر مەست يۈرسەڭ دەھر ئارا، چۈنكىم نەسىب،
بار رىيا ئەھلىگە مەسجىدۇ ماڭا مەيخانەدۇر.
— ئەرشى.

**رىيا بەھرى** — يالغانچىلىق دەرياسى، ساختىپەزلىك ئېقىنى:
بۇ ھەيندە يامانلار ئىشى تۇتتى ئەۋج،
كى ئۇردى جەھاندا رىيا بەھرى مەۋج.
— ئا. نىزارى.

**رىيا چەرخى** — ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمچىلىك چەرخى (دەۋر، پەلەك)؛
**رىيا كۆلاھى** — ساختىپەزلىك كۆلاھى، ئۆزىنى تەقۋادار زاھىد قىلىپ

كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيگەن كۇلاھ:

رىيا كۇلاھىنى باشدىن زەللىلى تەرك ئەيلەپ،
چۇ غۇنچەئى سىپھرى خىرقەنى دۇپارە قىلاي.

— زەللىلى.

**رىياۋۇ ئۇجب** — رىياكارلىق، شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنلىك:

سەلاھىن گەر كۆرەر زۇھد ئىچرە زاھىد،
رىياۋۇ ئۇجبدىن كۆرمەس فەسادىن.

— نەۋائى.

**رىياۋۇ زۇھد ئەھلى** — ساختىپەز ۋە زاھىد كىشىلەر:

مەيۇ مەيخانەنىڭ دائىم رەۋاجى مەندىن ئولغاندىن،
رىياۋۇ زۇھد ئەھلى فەرياد ئەيلەپ دادخاھىمدۇر.

— ئەرشى.

**تەركى رىيا** — ساختىپەزلىكنى تاشلاش، يالغاندىن قول ئۈزۈش:

يۈز قويدى خانەقاھدىن مەيخانەغە تەجەللى،
جامى شەراب بىرلەن تەركى رىيا مۇبارەك.

— تەجەللى.

**مەكرۇ رىيا** — ھىيلە ۋە ساختا:

ئەلگە بەردى بەختۇ دەۋلەت، ئىشرەتۇ راھەت تەمام،
ماڭا يەتكەندە مەگەر مەكرۇ رىيا قىلدى فەلەك.

— قەلەندەر.

**رىياز** [رياض] (ئە)[بىرلىكى: رەۋزە] باغلار، جەننەتلەر؛ «رەۋزە» گە قاراڭ:

يۈزۈم قىز ئولۇپدۇر بەياز ئەيلەگىل،
مەقامىمنى رەۋزە رىياز ئەيلەگىل.

— ئا. نىزارى، ن. زىيائى.

**رىيازى بىھىشت** — جەننەت باغلىرى؛

**رىيازى ئىرەم** — ئىرەم (ئەپسانىۋى گۈزەل، خۇش ھاۋا بىر باغنىڭ نامى) بېغى:

ئول ئاچىپ يۈز گۈلى رىيازى ئىرەم،
گۇللار ئۈزرە بۇ ياغدۇرۇپ شەبنەم.

— نەۋائى.

**رىيازات** [رياضات] (ئە)قىيىنچىلىقلار، مۇشەققەتلەر، ئازابلار، «رىيازەت» كە قاراڭ.

**رىيازەت** [رياضت](ئە) قىيىنچىلىق، ئازاب، مۇشەققەت:

رىيازەتنى ئاشۇرمىشلار پەيغەمبەرلەر تەمامىدىن،
مەقام ئاشماق بىلەن بۇ ئالىي ھىممەتدىن ئىبرۇر مەئخۇز.

— شەۋقى.

تەلەب ئەيلەر خۇدايى لامەكاننى،
رىيازەت ئىچرە تاشلاپ خەستە جاننى.

— ناقىس.

**رىيازەت چەكمەك** — قىيىنچىلىق تارتماق، ئازاب چەكمەك:

تا رىيازەت چەكمەيىن تاپماسكى ۋەسلى يارنى،

تا تىرىكمەن ئەيلەسەم ئالدىدا خىزمەتكارلىق.
— نەۋبەتى.

رىيازەت فۇتەسى — رىيازەت پوتىسى، جەۋىر - جاپا لۇڭگىسى:
رىيازەت فۇتەسىن ئىچرە جەسەت زەڭگىنى مەھۋ ئەتكىل،
مۇسەققەل نۇرى ئىمان بىرلە جىسمىڭ شىشەدار ئەيلەپ.
— شەۋقى.

**رىيازىي** [رياضى] (ئە) 1) رىيازەتلىك، جاپاكەش ئادەم؛ رىيازەت، مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بەرگۈچى:
رىيازىي بولسا قازى، بەس ئەجەبدۇر،
كىرەككىم فىقھ ئىلمى بىلسە قازى.
— نەۋائى.

2) ھېساب ئىلمى، ماتېماتىكا:
تەبكىيۇ رىيازىيۇ ئىلاھىي،
«ئەلىف»، «بە»، «تە» دەك ئالدىدە كەماھىي.
— نەۋائى.

**رىياسەت** [رياست] (ئە) ئۇلۇغلۇق؛ رەئىسلىك، باشلىقلىق؛ «رەياسەت» كە قاراڭ.

**رىياگەش** [رياكش] رىياكار، ئىككى يۈزلىمە:
زاھىد سەنۇ كەۋسەر، بىزۇ مۇغ دەيرى نېدىنكىم،
بىر زەھرى بەلاكەش بىزۇ سەن نوشى رىياگەش.
— نەۋائى.

**رىيالىق** [ريالىق] ئىككى يۈزلىمچىلىك، مۇناپىقلىق، كۆز بويامچىلىق، رىياكارلىق:
نە مۇمكىن جان قۇشى تاپماق رىيالىق ئۇمر ئىچى بەسكىم،
كى باشدىن - ئوق ئاڭا قىسمەت ئىمىشدۇر مۇتبەلا بولماق.
— ئەرشى.

**رىياھ** [رياح] (ئە) [بىرلىكى: رىھ] شاماللار؛ يەللەر؛ ھىدلار، «رىھ» قا قاراڭ:
ئاڭا تەگرۇكى شەبىستانى سىپېھر،
يەتكۈرۈر رۇھ دىماغىغە رىياھ.
— نەۋائى.

**رىياھىن** [رياحين] ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ:
... تۇپراقتىن تۆرلۈك رىياھىنلەر ھوۋەيدا قىلغاندەك خاتىرىم بوستانلىرىنى لەتايىف گۈللارى بىرلە پىراستەئەيلەر ئېردى.
— قىدىرخان يەركەندى.

**رىيائىي** [ريائى] (ئە) ئىككى يۈزلىمچىلىك؛ ئالدامچىلىق؛ رىياكار:
زاھىدۇ شەيخى رىيائىيغە قىلىپ لۇتفۇ كەرەم،
ئىشق ئېلىنىڭ ھەر بىرىنى بىنەۋا قىلدى فەلەك.
— قەلەندەر.

تائەتۇ خەيرى سەخا بۇ ئەل رىيائىي ئەيلەمىش،
ئەھلى تەقۋا ئولدۇرۇر تەقۋاسىنى بىلدۇرمەسۇن.
— قەلەندەر.

ایرنینگ تفراغینی تاپسام کوزدم توتیا قیلسام
ایرنینگ تفراغینی کورسه خجل دُر دخاک دل بوستان

ایا عاصی ضعیف محبوب صالحین امید توتسانک
بولیغه کوز یاشینگ سنبیل اوزونگنی ایلامه خندان

٥٧٤

هرسحر بلبل کبی نالان قیلسام سایرابان
گل توبیگه باش قویوب نالان قیلسام سایرابان

شام قیقیده غریب لیق ممکنا تاثیر ایلاسه
هرسحر قایم بولوب نالان قیلسام سایرابان

عشق نینگ اوتیغه من اورتنسام چرخ اوروب
باغزیمه ایلاب نالان قیلسام سایرابان

شمع پروانه دیک دور ایلاب اوراسام اوزوم
گل چمن ایچره کزیب نالان قیلسام سایرابان

بو فقیر عاصی ضعیف آستانینگا باشیم قویوب
وصلینگا یتکوم مکین نالان قیلسام سایرابان

٥٧٥

من کبی عالمده یوق عمرینی برباد ایلاگان
راغب دنیا بولوب عمرینی برباد ایلاگان

یارنینگ ذکرین فراموش ایلابان غافل بولوب
کفرغه تابع بولوب عمرینی برباد ایلاگان

www.uyghurkitap.com




源　泉（布拉克）（维吾尔文）总36期

بۇلاق ( ئومۇمي 36 - سان ) ( پەسىللىك ژۇرنال )

《MAGAZINE OF BULAK》 (UIGHUR LANGUAGE)QUARTERLY

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى 54 № )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1063/I
本刊代号：58－108　定价：1.90元
国外代号：　Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 _ 58　　باھاسى: 1.90 يۈەن
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: 1118 Q